
ISSN 1002-9044




1996 7

ISSN 1002-9044

باش مۇھەررىر

مەھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس بارات، ئىمىن تۇرسۇن.



ئايلىق

ئەدەبىي ژۇرنال

46-يىل نەشرى

7

1996

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئابلا ئىسھاق........ ئاق ئاتنىڭ ھېكايىسى (ھېكايە).............. 4
ماخمۇت مۇھەممەت... يېڭى دەرۋازا (ھېكايە)............ 12
مەتمىن شىپە........ تۆگمەس جېدەل (ھېكايە)............ 22
توختى سابىر........ قىر ئاشالمىغان يىللاردا (پوۋېست).......... 38
توختاش بەكرى........ ھەمتاۋاقوپ (ھېكايە).............. 107
تەلئەت قادىرى...... ئىككى نەسىر...................... 120


## يېڭى رومانىدىن تاللانما


توختى ئايۇپ.......... تەگرىنىڭ ھۆكۈمى (رومانىدىن پارچە)......... 78


## شېئىرلار


جابىبار ئەمەت........ بولسام ئەگەر يۈكسەك بىر قىيا.......... 27
ئۆمەر ئوسمان شىپاھى... دېھقان مۇقەددەس................ 29
مۇھەممەت كامال (خۇشخۇي)... قىسسە سۆزلەپ كېلىدۇ خىزىر.......... 30
ئەركىن مۇھەممەت كامالى... ھەر كۈنى بىر باھار ياساۋاتىمىز.......... 34
نۇرمۇھەممەت توختىياز..... شېئىرلار.................... 34
ئابدۇشۈكۈر ئابدۇراخمان... يۇرتۇم...................... 35
ئابلەت ئەخمەت.... يۈرەك بولۇپ يارالغان زېمىن........... 36
ئابلەت ئابدۇللا........ ئۆز-ئۆزىنى يوقىتىش.................. 37
ئەخمەتجان تۇرۇپ....... ئايدىڭدىكى زۇمرەت شولىلار............. 70
ھۇسەن روزى تىرىك....... ئىككى شېئىر.................. 71
ھەسەن تىلىۋالدى........ سۆيگۈ ئالار ئىمتىھان............ 72
سىدىق قاۋۇز......... يىراق يۇرت ئىلھاملىرى............... 73
مۇسا ئەھەد.......... غەزەللەر....................... 75
ئەيساجان تۇردى........ سەبىي مۇھەببەت.................. 77
نۇرمۇھەممەت جېلىل...... راست ۋە يالغان................ 77


## ئۈمىد چېچەكلىرى

### (شېئىرلار)


پاتىگۈل ياسىن........ ئۇقيادەك كىرپىكلەر ئۈستىدە شەبنەم.... 122
ئەخمەتجان ئىسمائىل..... ئاپرېلدىكى ئۇچرىشىش............ 123
ئابدۇلھېكىم مەخسۇم..... ئۆزۈڭنى خىزىر دەپ ئېيتساڭ كۆپايە....... 124
ئابدۇراخمان زۇنۇن...... ھەرتاڭدىن تۇغۇلىدۇ يېڭى كۈيلەر....... 125
كامىلجان ھەسەن..... غالىبلىق ناخشىسى................ 125

# بۇ سانىدا


ھاجى قاۋۇل ...... سەن كەلدىڭ، ئۆزۈمنى سەزدىم ئەرشتە ... 126
ئۆمەرجان مۇھەممەدى ...... پەسىلسىز مۇھەببەت ...... 126
غوجامۇھەممەت مۇھەممەت ...... سەھرا گۈزىلى ...... 127
بوۋاقى ...... سەن كېمەمگە ئولتۇر، ئانجان ...... 128

## نۇتۇق ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 54 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز

قەييۇم تۇردى ...... نۇتۇق ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 54 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەر ئاپتورلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ...... 129
مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاش توغرىسىدا قارار ...... 133
مۇكاپاتلانغان ئاپتورلار ۋە ئەسەرلەر ...... 134

## خاتىرە ۋە ئەسلىمە

مەھەممەت شاۋۇدۇن ...... كۆكۆل ئېكرانىمىزدىكى سۈرەتلەر ...... 136

## ئىزدىنىش ۋە غۇلغۇلا

ئابلىمىت ئىمىن ...... ئەدەبىياتىمىزدىكى بەزىبىر ئىللەتلەر توغرىسىدا .... 147

## كىتابخانىلاردىن خەت

ئەنۋەر تۇردى ...... ھېكايىچىلىقىمىزدىكى بەزى مەسىلىلەر ...... 151

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

ئۇ. ھېنرى ...... ئالدىراش ۋاكالەتچىنىڭ رومانتىك تارىخى ... 153

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

ئۇچۇرلار ...... 157



رەسسام ۋە خەتتات: مەھەممەت ئايۇپ، قەيسەر ئابدۇرۇسۇل
مەسئۇل كوررېكتور: قېيۇم تۇرسۇن

ئابلا ئىسھاق



# ئاق ئاتنىڭ ھېكايىسى

( ھېكايە )

ئىشخانىدا ماقالە يېزىپ ئولتۇراتتىم. ئىشىك ئېچىلىپ، ئالاقىچى كىرىپ كەلدى. ئۇ قېلىن بىر كونۋېرتنى ماڭا بەردى-دە، كۈلۈمسىرەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. قىلىۋاتقان ئىشىمنى تاشلاپ، كونۋېرتتىكى ئادرېسقا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. خەت ھەربىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم شۆھرەتتىن كەلگەنىدى. خىزمەتكە چىققاندىن بۇيان ئىككىمىز بىرەر پارچە خەتمۇ يېزىشىپ باقمىغانىدۇق. مەن ئۇنىڭ جەنۇبتىكى مەلۇم چېگرا مۇداپىئە لىيەنىدە لىيەنجاڭ بولۇپ ئىشلەۋاتقانلىقىنىلا ئاڭلىغانىدىم. قېنى، شۆھرەت نېمىلەرنى يازدىكىن. مەن ئالدىراپ خەتنى ئاچتىم.

ھۆرمەتلىك ساۋاقدىشىم دولقۇن:

ياخشىمۇ سەن؟ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان خىزمەت ئالدىراشچىلىقى بىلەن ساڭا خەتمۇ يازالمىدىم. قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن؟ھازىر سېنى ئاز-تولا بىر نەرسىلەر يازىدۇ دەپ ئاڭلايمەن. يازغان نەرسىلىرىڭنى گېزىتتىن ئانچە-مۇنچە كۆرۈپمۇ تۇرىمەن. يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ تولىمۇ ياخشى قىلىپسەن. مەن سېنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولۇۋاتىمەن. بۇ ئىشىڭنى ھەرگىز تاشلىما. بىزدىنمۇ شائىر، يازغۇچىلار چىقسۇن، قايناق قىسىم تۇرمۇشىنى، بىزنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىمىزنى، غەم-قايغۇلىرىمىزنى خەلقىمىز، مىللىتىمىز بىلسۇن. گازارمىلاردىمۇ كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان، لەرزىگە كەلتۈرىدىغان ئاجايىپ مەنىلىك ئىشلار بار. شۇڭا سېنى بۇ كەسىپنى تاشلىما، داۋاملىق يازغىن، دەۋاتىمەن. ھازىر كۆپىنچە كىشىلەر پۇل قوغلىشىدىغان بولۇپ كەتتى. ماڭسا-تۇرسا پۇلنىڭ گېپى، بولۇڭ-پۇشقاقتا ھوقۇق-ئەمەلنىڭ گېپى، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلاردا نام-شۆھرەتنىڭ گېپى، ئۆيگە كىرسەڭ كىيىم-كېچەك، زىبۇزىننەتنىڭ گېپى بولۇپ كەتتى. بەزىدە، بىزدەك ياشلىق باھارىنى ۋەتەننىڭ

تىنچلىقى، خەلقىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن تاغ-دەريالار، قاقاس-چۆللۈكلەرگە بېغىشلىغان جەڭچىلەرنى ھېچكىممۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالىمەن. نېمىشقا دەمسەن؟ بىزنىڭ بىر مۇئاۋىن لېيەنجاڭىمىز بار. بۇ يىل يىگىرمە سەككىز ياشقا كىرىپ قالدى. ھەممىمىز ئۇنى قېرى يىگىت دەيتتۇق. يېقىندىن بۇيان ئۇ خاپا يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. خاپىلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى. يېقىندا ئۇ شەھەرلىك بىر قىزغا توي قىلىش تەكلىپىنى قويغانىكەن. قىز ئۇنىڭ چېگرىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ: — توي قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپسىز، نەچچە يىل تاغ ئىچىدە يۈرگەن ئادەم مۇھەببەتنى چۈشىنەمدۇ، دەپ ئۇنى مازاق قىپتۇ. ئاڭلاپ غۇزۇردە ئاچچىقىم كەلدى. قارىمامسەن ئۇ قىزنىڭ ھاماقەتلىكىنى. قىشنىڭ قار-شىۋىرغانلىق تۈنلىرى، يازنىڭ تومۇز-ئىسسىق كۈنلىرى تاغ-دالالاردا يۈرۈپ، نەچچە يۈز كىلومېتىر كېلىدىغان چېگرا سىزىقلىرىنى چارلاش — بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ھەم يۈكسەك بۇرچىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلقىمىزنىڭ تىنچ، خاتىرجەم ياشىشى ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ شۆھرەت بۇ گەپلەرنى ماڭا نېمىدەپ قىلىدىغاندۇ، دەپ ئويلاۋاتقانسەن. خېتىمنى ئاخىرىغىچە ئوقۇساڭ مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشىنىسەن.

ئەمدى مەن ساڭا ئۆز ئەھۋالىم توغرىسىدا يازاي.

ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، تەقسىم قىلىنغان قىسىمغا كەلگەندىن كېيىن قىسىم مېنى شەھەرگە ئاتمىش نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان بىر چېگرا مۇداپىئە لېيەنگە تەقسىم قىلدى. لېيەن جايلاشقان ئورۇن تۆت ئەتراپى كۆز يەتكۈسىز ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغان خىلۋەت بىر جاي بولۇپ، گازارما دەرۋازىسى ئالدىدا كىچىك بىر ئېقىن سۇ ئېقىپ تۇراتتى. يېڭى كەلگەندە كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم بولدى. يۇرتۇمنى، ئاتا-ئانا، قېرىنداشلىرىمنى، قايناق ھەربىي - مەكتەپ تۇرمۇشىمىزنى ۋە ساۋاقداشلارنى ئويلاپ، بۇ يەردىن قاتتىق زېرىكتىم. ھەتتا، يىغلاپ تاشلىغان چاغلىرىممۇ بولدى. بىزنىڭ بۇ يەرگە ئايدا بىر كېلىدىغان پوچتا ماشىنىسى بىلەن كۆكتات توشۇيدىغان ماشىنىدىن باشقا، ئادەتتە ھېچقانداق ماشىنا كەلمەيتتى. يېڭى كەلگەن ئادەمنىڭ بۇنداق شارائىتقا كۆنمىكى تەس. لېكىن، ئادەم نېمىگە كۆنمەيدۇ. ۋاقىت ئۆتكەنچە ئۆزۈمنىڭ تۇرغان ماكانىغا نىسبەتەن قەلبىمدە بىر خىل غايىۋى مۇھەببەت بىخ سۈرىدىكەن. ئەگەر سەن تەبىئەت مەنزىرىلىرىگە، تەبىئەتتىكى جانلىقلارغا ئىللىق نەزەر بىلەن قارىساڭ، ئۇلار سېنىڭ كۆزۈڭگە شۇنچىلىك ئىللىق ۋە يېقىملىق كۆرۈنىدىكەن. ناۋادا سەن كەيپىڭ تۆۋەن چاغلاردىكى نەزەرىڭ بىلەن باقساڭ ئۇ ساڭا ئەرزىمەس، مەنىسىز نەرسىدەك تۇيۇلۇپ كۆڭلۈڭنى تېخىمۇ غەش قىلىدىكەن. مەن زېرىكىشلىك تۇرمۇش ئىچىدىن كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرىدىغان نەرسىلەرنى تاپقاندىن كېيىن، ئۆزۈمنى ناھايىتى خۇشال تۇتىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ لېيەنگە كېلىپ مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان، ماڭا تەسىر قىلغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن

ئاق ئاتنىڭ ھېكايىسىنى ساڭا ئالاھىدە
سۆزلەپ بەرمەكچىمەن.

* * *

لىيەنىمىزدىكى ئاتلارنىڭ ئىچىدە
بەدىنى ئەپچىللىكتە كەلگەن، بويىنى
قىسقا، بېشى ئادەتتىكى ئاتلارنىڭكىدىن
كىچىكرەك، ئالدى ئىككى پۇتى سەل
قىسقا، تۇۋاقلىرى كۆكۈچرەك، تۈكلىرى
قاردەك پارقىراپ تۇرىدىغان بىر ئاق ئات
بار ئىدى. بۇ جانىۋارنىڭ بىر جۈپ
قاپقارا كۆزىدىن بىر خىل جەسۇرلۇقنىڭ
ئىپادىسى سېزىلىپ تۇراتتى. ئادەمگە
تىكىلىپ قاراشلىرى، يېنىك پۇشقۇرۇپ،
باشلىرىنى سىلكىپ قويۇشلىرى، ئىككى
قۇلىقىنى دىك قىلىپ كىشنەشلىرى ئادەمنى
ئۆزىگە رام قىلاتتى. مەن بۇ ئاتنى تۇنجى
كۆرگەن چېغىمدىلا ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ
قالغانىدىم. باشقا جەڭچىلەرمۇ ئۇنى ياخشى
كۆرەتتى. چېگرا چارلاش، ئات مەشقلىرىدە
ئۇ ھەممە ئاتلارنىڭ باشلامچىسى ئىدى.
چارۋىچىلار بىلەن ئويۇشتۇرغان ئات
بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، تاغقا يامىشىش
قاتارلىق پائالىيەتلەردىمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا
ئۆتىدىغان ئات چىقمايتتى. ئاق ئات يول
باشلاشقا ئالاھىدە ماھىر بولغاچقا ھەممىز
ئۇنى «يولباشلىغۇچى» دېيىشەتتۇق.
چارلاشقا چىقىدىغان چاغلاردا ھەممەيلەن
ئۇنى مىنىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ
مېڭىشمۇ شۇنچىلىك سىلىق ئىدى. لىيەنىمىزدە
ئۇنى مىنىپ كۆرمىگەن، ئۇنىڭ بىلەن
سۆرەتكە چۈشمىگەن كادىر-جەڭچى
بولمىسا كېرەك. بۇ ئاتنىڭ بىر خۇيى
ھەربىي كىيىم كىيگەن ھەرقانداق ئادەمنى
ياتلىمايتتى، باشقا ئادەمنى بولسا يېنىغا
پەقەت يولاتمايتتى. خىرقىراپ، يانپىشىنى
ئەپلەپ تېپىشكە ياكى چىشلەشكە تەمشى-
لەتتى. بۇ ئىشقا ھەممىز ھەيران ئىدۇق.
يېڭى لىيەنجاڭ بولغان كۈنلىرىمىزنىڭ بىرى
ئىدى. ئايالىم مېنى يوقلاپ قىسمغا كېلىپ
نەچچە كۈن ئۆتە-ئۆتمەيلا قايتىمەن
دېگىلى تۇردى. ئۇنىڭ زېرىككەنلىكىنى
سەزگەن جەڭچىلەر بىر كۈنى:
— لىيەنجاڭ، يەڭگىمىز زېرىكىپ قالغاندەك
قىلىدۇ. ئاق ئات بىلەن سۆرەتكە چۈشۈرگەچ،
ئويناتىپ قويسىڭىز بوپتىكەن، كۆڭلى ئازراق
بولسىمۇ ئېچىلىپ قالاتتى. — دېيىشتى.
جەڭچىلەرنىڭ سۆزىنى ئورۇنلۇق
كۆرۈپ، ئايالىمنىڭ يېنىغا كىردىم.
— ۋېيىەي، نېمە دەيدىغانسىز. ئايال
كىشى ئاتقا مىنسە قانداق بولىدۇ؟ شۇنچە
كۆپ ئەسكىرىڭىزنىڭ ئالدىدا ئويۇن قويۇپ
بېرەي دەمسىز؟ — دېدى ئايالىم ھەيران-
لىق بىلەن كۆزۈمگە تىكىلىپ.
ئۇنى تەستە ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ
مەشق مەيدانىغا ئېلىپ چىقتىم. ئىگەرلەپ
قويغان ئاتنىڭ بويۇن، ساغرىلىرىنى سىلاپ
ئىغىزدۇرۇقنى سالدىم. ئات بويىنىنى ئېگىپ
بېشىنى مۇرەمگە سۈركىگىلى تۇردى.
ئۈزەڭگىنى دەسسەپ بىر ئىرغىپلا ئىگەرگە
چىقتىم-دە، ئىغىزدۇرۇقنى يېنىككىنە تارتى-
شىمغا ئات قويۇندەك چېپىپ كەتتى.
مەيداننى بىر ئايلىنىپ كېلىپ، ئايالىمغا
ئارقاننى تەڭلىدىم. ئايالىم قورقۇمسىراپ:
— بولدى قىلىڭا، قورقۇۋاتىمەن،

يىقىلىپ چۈشسەم، بالىلارنىڭ ئالدىدا بەك سەت تۇرىدۇ. زورلىماڭ، — دەپ تۇرىۋال-دى. مەن ئۇنى-بۇنى دەپ يۈرۈپ مىڭ تەستە ئايالىمنى ئىگەرگە چىقاردىم.

ئۇ ئىگەرگە چىقىشى بىلەنلا ئات ئارقا-ئالدىغا يېنىپ ئورنىدا تۇرالماي قالدى. ئۆزۈممۇ سەل ئەنسىرىگەن هالدا ئاپپاراتنى ئېلىپ سۈرەتكە تارتىشقا تەمشەلدىم. ئاپپاراتنى توغرىلاپ ئەمدىلا سۈرەتكە تارتاي دەپ تۇرۇشۇمغا ئات ئالدىغا سەل مېڭىپ ئېگىز-پەس سەكرىگىلى تۇردى. ھەممىمىز ھودۇقۇپ كەتتۇق. بىز بېرىپ ئاتنى تۇتۇۋالغۇچە ئايالىم ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. ئاچچىقىمدا ئاتنىڭ باش-كۆزىگە بىرنەچچە قامچا ئۇرىۋەتتىم. تۇۋا دەيمەن. ئات يەنە يېنىمغا كېلىپ مېنى پۇراۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كۆز جىيەكىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان ياشنى كۆرۈپ ئىچىم لازا قويۇۋەتكەندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ: مېنى كۆڭۈل ئاچىدىغان ئويۇنچۇق قىلىۋالمىساڭ-لار بولاتتى. مەن ئەسلى سىلەرنىڭ ۋەزىپە ئادا قىلىشىڭلارغا سەپلەنگەن ئات ئىدىم، — دەۋاتقاندەك قىلاتتى. دېمىسىمۇ ئاتتا نېمە گۇناھ، جىم تۇرغان ئادەمنى زورلاپ ئىش تاپقان ئۆزۈم تۇرسام، دېگەن-لەرنى ئويلاپ ئۆزۈمگە كايىغان هالدا ئاتنىڭ باش-كۆزلىرىنى سىلاشقا باشلىدىم. ئاتمۇ ئەيىب مەندە دېگەندەك قىلىپ قولۇمنى پۇراپ قويدى. كىشىلەر ئاتنى بەك ئەقىللىق هايۋان دەيدىكەن. دېمىسىمۇ بۇ ئات ئاتلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىق ۋە زېرەك ئات ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاق ئاتقا تېخىمۇ ئامراق ۋە ئىجىل بولۇپ كەتتىم. ئات باقارغا ئاتنى ياخشى بېقىشنى تاپىلاپ تۇراتتىم. ئۆزۈممۇ كۈندە نەچچە قېتىم كىرىپ، ئوقۇرلىرىنى سۆپۈرۈپ، ئوت-سامان سېلىپ بەرگەچ دۈمبىلىرىنى سىلاپ، تۈكلىرىنى تاراپ قويۇپ قايتىپ چىقىدىغان بولدۇم. ھەر نۆۋەت ئۇنىڭ يېنىغا كىرگىنىمدە ئۇ باشلىرىنى لىڭشىتىپ، تۈرلۈك ھەرىكەت-لەر بىلەن مېنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا «هايۋانمۇ شۇنچىلىك چېچەن ۋە ئەقىللىك بولىدىكەن-ھە» دەپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالاتتىم. ئۇ هايۋان بولسىمۇ رىشتىمىز بارغانسېرى چىڭ باغلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

بىر كۈنى، قىسىم لىيەنىمىزگە مەلۇم بىر چېگرا ئېغىزىنى ئۈچ كېچە-كۈندۈز چارلاش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ ئېغىز بىلەن لىيەنىمىزنىڭ ئارىلىقى ئەللىك كىلومېتر ئەتراپىدا ئىدى. بۇيرۇق تاپشۇ-



رۇۋالغاندىن كېيىن، ئەتىسى سەھەردە
بەش نەپەر جەڭچىنى باشلاپ، پۇختا
تەييارلىق بىلەن يولغا چىقتىم. مەن
ئامراق ئېتىمنى مىنىپ ئالدىدا يول باشلى-
دىم. راستىنى ئېيتسام، تاغ يوللىرىنى
ئانچە ئېنىق بىلىپ كەتمەيتتىم. لېكىن،
ئاستىمدىكى بۇ ئات ئېگىز-پەس، شېغىل-
تاشلىق چېغىر يوللاردا سانسىز قېتىملاپ
ماڭغاچقىمىكىن، يولنى پىششىق بىلەتتى.
شۇڭا ھېچبىر ئەندىشە قىلماي ئاتنى ماڭار
يولغا سېلىپ قويۇپ، سەپىرىمىزنى خاتىر-
جەم داۋاملاشتۇردۇق. چېگرا چارلاشمۇ
ساياھەت قىلىپ كۆڭلۈگنى ئاچقاندەك
مەنىلىك بىر ئىش. بىر تەرەپتىن ۋەزىپە
ئادا قىلسەن، يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭلۈك
ئېچىلىپ قالىدۇ. يول بويى توپ-توپ
بولۇشۇپ، بەخىرامان ئوتلىشىپ يۈرگەن
بۇغا-مارالىلارنىڭ بىرەر تىۋىشنى ئاڭلىشى
بىلەنلا ئۈلەر-تىرىلىشىگە قارىماي، پۇتلى-
شىپ-مۈدۈرۈپ قېچىشلىرىنى كۆرسەن.
قويۇق چاتقال تۈۋىدە ئۇخلاپ ياتقان ياۋا
توشقانلارنىڭ يېنىك سەكرەپ قېچىشلىرى،
نەچچە مېتىر يەرگە يۈگۈرۈپ بېرىپ
ھومىيىپ قاراپ قويۇشلىرىمۇ كۆڭلۈڭگە
ھۇزۇر بېغىشلايدۇ، بىز ئەنە شۇ مەنزى-
رىلەردىن ھۇزۇرلىنىپ، چارلاش نىشانىمىزغا
قانداق كېلىپ قالغانلىقىمىزنى تۇيمايلا قال-
دۇق. كەيپىمىز ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى.
شامال تەگمەيدىغان دالدىراق بىر جايدا
قونالغۇ تەييارلىۋالغاندىن كېيىن، ئىككى
جەڭچى تاشلار بىلەن ئوچاق ياساپ
كەچلىك غىزاغا تۇتۇش قىلدى. قالغان
جەڭچىلەر ئوتۇن يىغقىلى كەتتى. مەن
ئاتلارغا بوغۇز بەرگەچ، ئەتراپقا نەزەر
سالدىم. بۇ جاي ئاجايىپ سۈرلۈك ۋە
قورقۇنچلۇق تۇيۇلاتتى. ئاسماندا توپ-توپ
بولۇتلار ئۇياقتىن بۇياققا سۈرۈلۈپ يۈرەتتى.
بەزىدە تاغ تورغايلىرىنىڭ ئۈزۈك-ئۈزۈك
سايراشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. بىر-بىرىدىن
ئېگىز قارامتۇل چوققىلار قويىندىكى سىرلىرى-
نى ئاشكارىلاشنى خالىمىغاندەك سۈرلۈك
چوقچىيىپ ياتاتتى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ھەر بىرىمىز
نۆۋەت بىلەن كۆزەتچىلىك قىلىشنى ئورۇن-
لاشتۇرۇپ ئارام ئالدۇق. ئەتىسى ئالتە
ئادەم ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ چارلاشنى
باشلىدۇق. ماڭا بۆلۈنگەن جەڭچىنى تاماق
ئېتىشكە قالدۇرۇپ، بەلگىلەنگەن نىشانغا
ماڭدىم. دەسلەپكى كۈنى ئىشىمىز ناھايىتى
ئوڭۇشلۇق بولدى. ئىككىنچى كۈنى يەنە
پىلان بويىچە ھەرىكەت قىلىۋاتاتتۇق.
چۈشلۈك تاماققا يېقىن، شىمال تەرەپتىن
تۇيۇقسىز بىر پارچە قارا بۇلۇت كېلىپ،
مۆلدۈر ئارىلاش يامغۇر ياغقىلى تۇردى.
ئارقىدىنلا چاڭ-توزانلارنى ئۇچۇرتۇپ قارا
بوران كېلىپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ
كەتتى. ئون مېتىر نېرىدىكى نەرسىنى
پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ھاۋانىڭ تۇيۇقسىز
ئۆزگىرىشى بىلەن گاڭگىراپلا قالدىم.
يېنىمدىكى ئات كۆزلىرىنى يۇمۇپ، يەرنى
چېك تىرەجەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ دالدىسىغا
ئۆتۈپ بىردەم تۇرۇپ باقتىم. بوران
توختايدىغاندەك ئەمەس. ئاتنى يېتىلەپ
مۈدۈرۈپ-سوقۇلۇپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدىم.
نىشاننى پەرق ئېتىش بەكمۇ تەس ئىدى.
سەل توختىۋېلىپ، ئەتراپنى ئىنچىكىلىك

بىلەن كۆزىتىپ ئۈزۈمگە تونۇشتەك كۆرۈنگەن بىر جىرانى بويلاپ ماڭدىم. ماڭغانچە پەقەت كۆرۈپ باقمىغان ناتونۇش جىلغىلارغا كىرىپ كېتىۋاتاتتىم. كەچ كىرگەنسېرى جاھاننى تېخىمۇ قاراڭغۇلۇق باستى. بوران ھۇۋلىماقتا. سوغۇق جان-جېنىمغا ئۆتۈپ پۈتۈن ئەزالىرىمغا تىترەك ئولاشتى. قورساقمۇ ۋىژىلداپ ئېچىپ كېتىۋاتاتتى. ئاق ئاتمۇ لاغىلداپ تىترەپ كەتكىنىگە قارىماي، قوماندانغا بويسۇنىدىغان جەڭچىدەك ياۋاشلىق بىلەن ئارقامدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى.

بىزغۇ بىر ئامال قىلارمىز، قالغان سەپداشلار قانداق قىلىۋاتقاندۇ، دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە، ئىككى جەڭچى بۇ ئېغىزغا تۇنجى قېتىم كەلگەچكە بۇ يەرنىڭ شارائىتى بىلەن تونۇشمايتتى. قالغان سەپداشلارمۇ يولدىن ئادىشىپ كەتمەي بىر يەرگە جەم بولالىسىلا، بىرەر چارە تېپىپ بوراندىن مۇداپىئەلىنىشنىڭ ئېپىنى قىلالايتتى. شۇ تاپتا ھەممىزنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە ئىدى. ئادەم ئايىغى كەمدىن كەم ئىز باسىدىغان بۇ قاقاسلىقتا ئەزرائىل قارا بوراننى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ جېنىمىزغا قەست قىلىۋاتامدىغاندۇ؟ ئويلىغانسېرى مېنى ۋەھىمە باسقىلى تۇردى. ۋەھىمە قىلغان ئادەم نېمە خىياللارنى قىلمايدۇ؟ ياشايمەن دەيدىكەنسەن، ھەرىكەتنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماسلىقىڭ كېرەك. بىخۇدلۇق قىلماي چارە ئىزدەش كېرەك. شۇلارنى ئويلاپ كېچىدە قانچىلىك ماڭغانلىقىمنى ئۇقمايمەن. قەدەملىرىم بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. مېڭىۋېرىپ بېشىم قېيىپ، كۆڭلۈم ئېلىشىپ ھالىمدىن كېتىپتىمەن.

بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام بوران توختاپ شامال چىقىۋېتىپتۇ. بىچارە ئاق ئات شامال چىققان تەرەپنى توسۇپ يېنىمدا يېتىپتۇ. ئاتنىڭ ئۈستىبېشىنى توپا-چاڭ بېسىپ، ئاپئاق تۈكلىرى توپا رەڭگىگە كىرىپ قالغانىدى. كۆزلىرى ياشاڭغىراپ، بىر كېچىدىلا جۈدەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. مەن ئەستە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئاتنىڭ ئۈستىبېشىنى بىر قۇر سىلاپ تازىلىغاندىن كېيىن، ئەتراپنى كۆزەتتىم. ئەمما قەيەرگە كېلىپ قالغانلىقىمنى ئۇقالمىدىم. تەلەيىمگە يېنىمدا كومپاس بار ئىدى. شىمالنى پەرق ئەتكەندىن كېيىن، گازارما تەرەپنى نىشان قىلىپ ئىلگىرىلىدىم. بەش-ئالتە سائەت مېڭىپمۇ تاغ ئىچىدىن چىقىپ كېتەلمىدىم. ئەھۋالدىن قارىغاندا نىشاندىن بەك چەتلەپ كەتكەن ئوخشايمەن. ئالدىمدا سوزۇلۇپ ياتقان چوققىلار قارىماققا تونۇشتەك قىلسىمۇ، ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئىلغا قىلىش ناھايىتى تەسكە چۈشەتتى. شۇنچە ئۇزۇن مېڭىپمۇ بىرەر چارۋىچى ياكى ئوۋچىمۇ ئۇچرىمىدى. يەنە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ داۋاملىق مېڭىش كېرەكمۇ؟ كېچىدە يول يۈرۈش ھەم خەتەرلىك، ھەم قورقۇنچلۇق. يەنە كېلىپ بۇ تاغلار ياۋايى ھايۋانلىرى بىلەن مەشھۇر ئىدى. شۇڭا بىردىنبىر ھەمراھىم، سەپەرداشىم بولغان ئاق ئات بىلەن تاغ ئارىسىدا يەنە بىر كېچە تۈنەشكە توغرا كەلدى. يېرىم كېچىدىن ئاشقان چاغ، سەل مۈگدەپ قالغانىكەنمەن. ئاق ئات ئارقاننى تارتىپ، ئارقا-ئالدىغا يېنىپ ئورنىدا جىم تۇرالماي قالدى. مەن

سەگەكلىشىپ ئەتراپقا نەزەر سالدىم. ئالدىمىزدىلا بىرنەرسىنىڭ شىپىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قارىسام يوغان بىر ياۋا چوشقا بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋېتىپتۇ. ئوقلاپ قويغان قورالنى توغرىلاپ ئارقا-ئارقى-دىن ئۈچ پاي ئوق ئۈزدۈم. غالجىرلاشقان ياۋا چوشقا بىزگە قاراپ ئېتىلدى. چېچەن ئاق ئات ئالدىمىزغىلا كېلىپ قالغان ياۋا چوشقىنىنى ئىككى پۇتى بىلەن قاتتىق تەپكەندى، چوشقا قاتتىق چىرقىراپ نەچچە مېتىر نېرىغا موللاق ئېتىپ چۈشتى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشىغۇچە يەنە بىر پاي ئوق ئۈزگەندىم، قاتتىق بىر خىرقىراپ جان ئۈزدى. ئەتىسى سەھەردە يولغا چىقىپ چۈشكە يېقىن تونۇش بىر تاغ ئېغىزىغا يېتىپ كەلدىم. ئېغىز بىلەن لېنىنىڭ ئارىلىقى يىگىرمە كىلومېتىردىن ئاشاتتى. تېزرەك ماڭغاندا ئىككى-ئۈچ سائەتتە گازارمىغا يەتكىلى بولاتتى. نەچچە كۈنلۈك ئاچلىق، ئۇيقۇسىزلىق، بوران ۋە يول ئازابى ئاق ئات بىلەن مېنى تولىمۇ هالسىزلاندۇرۇۋەتكەندى. شۇنداق بولسىمۇ چېچەن ئات لېنىنگە يېقىن كېلىپ قالغانلىقىمىز-نى سەزدىمۇ، قانداق، ئېتىلىشىپ، مېڭىشقا ئالدىراۋاتقاندەك ئالدىغا يۇلقۇنۇپ تۇراتتى. بىردىنلا قالغان سەپداشلىرىم ئېسىمگە كەلدى-دە، دەرهال ئاتقا مىندىم. ئاتمۇ ئۇيۇمنى چۈشەنگەندەك هېرىپ كەتكىنىگە قارىماي، تۇيۇقسىزدىن تاش-شېغىللارنى چاچرىتىپ، شامالدەك يۈرۈپ كەتتى. مەن ئىگەرنىڭ ئۈستىدە هېلىلا ئۇچۇپ كېتىدىغان لەگلەكتەك ئۇيان-بۇيان لەيلەپ ئولتۇ-راتتىم. پۇت-قوللىرىم، بېلىم ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىيتتى. قىزىق ئىش، ئات قىزىغانچە تېخىمۇ ئىتتىك چاپقىلى تۇردى. تۇيۇقسىز بەش-ئالتە مېتىر ئالدىمىدى-لا بىر يار كۆرۈندى، تەمتىرەپ كەتكەنى-لىكىمدىن ئېغىزدۇرۇقنى قاتتىق سىلكىپ تارتىۋەتكەنىكەنمەن، ئات دەرهال توختى-يالماي مۆدۈرۈلدى-دە، ئىككىمىز تەڭلا يارغا موللاق ئېتىپ چۈشتۇق...

كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، باش-كۆزۈم تېڭىق، دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن.

— لېنىنجاڭ! لېنىنجاڭ، قانداقراق؟ بېشىڭىز يەنە ئاغرىۋاتامدۇ؟

— كاتىپمۇ سەن؟ مەن قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم؟ باشقا جەڭچىلەر قايتىپ كەلدىمۇ؟ ئاق ئاتچۇ؟ — سوئال نەزىرىم بىلەن كاتىپقا تىكىلدىم. بېشىم قاتتىق سىرقىراپ ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇ بىر نەرسىنى ماڭا دېيىشتىن قورقۇۋاتقاندەك كۆزىنى ئەپقېچىپ:

— هەممە ئىشلار جايىدا، لېنىنجاڭ، سىز بىلەن چارلاشقا چىققان سەپداشلارمۇ سالامەت قايتىپ كەلدى. ئۇلار بوراندا ئىزىقىپ كەتكەنىكەن. بىر چارۋىچى يول باشلاپ لېنىنگە ئېلىپ كەلدى، — دېدى.

— ئاق ئاتچۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — مېنى بۇ يەرگە كىم ئەكەلدى؟

— بىز سىلەرنىڭ يولۇڭلارغا قاراپ تىت-تىت بولۇپ ئولتۇراتتۇق، ئاق ئات ئېغىز-بۇرۇنلىرى قانغا مىلەنگەن هالدا پۇتىنى سۆرەپ كىرىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن تەرەپ-تەرەپكە بۆلۈنۈپ، سىزنى ئىزدەشكە كىرىشتۇق. لېنىمىزنىڭ تۆت كىلومېتىر شىما-

لىدىكى ياردا قانغا مىلىنىپ يېتىپسىز. بېشىڭىز يېرىلىپ كېتىپتۇ. دوختۇر بەش يىپ تىكتى، — دېدى ئۇ ئېغىر تىنىپ.

— ئاتنىڭ پۇتىغا نېمە بوپتۇ؟ — سورىدىم مەن جىددىيلىشىپ.

— يارغا دومىلاپ چۈشكەندە ئاتنىڭ يانپېشى چوڭ بىر تاشقا تېگىپ ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. يەنە ئىككى تال چىشىمۇ تۆكۈلۈپتۇ. كالپۇكىمۇ يېرىلىپتۇ. دەرھال مال دوختۇرى تەكلىپ قىلدۇق. بىراق...

ئۇ بوغۇزىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك سۆزلىيەلمەي قالدى. كۆز چانىقى ياشقا تولدى.

— دوختۇر نېمە دەيدۇ؟ — سورىدىم تەقەززالىق بىلەن مەڭزىمدىكى ياشنى سۈرتۈۋېتىپ.

— دوختۇر ئاتنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ساقايتىشقا ئامالسىزلىقنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى.

ئاتنىڭ يارىلانغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدىم. بۇ ئاتنىڭ يۈرىكىمۇ ئۆزىنىڭ پارقىراپ تۇرغان ئاپئاق تۈكلىرىدەك پاك ۋە ساپ ئىدى. ئۇنىڭ چېچەنلىكىنى تەسۋىرلەپ بېرىشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ، بولۇپمۇ مۇشۇ نەچچە كۈنلۈك سەپەردە ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىچەكىشىپ كەتكەنىدىم. دوختۇرخانىدىن چىقىپلا ئۇدۇل ئاتنىڭ قېشىغا باردىم. بىچارە ئات نەچچە كۈندىلا جۈدەپ كەتكەنىدى. ئارقا يانپېشى ئىششىپ كەتكەن بولۇپ، جاراھەتلەنگەن يەردىن يىرىڭ ئېقىپ تۇراتتى. ئۇمۇ مېنى كۆرۈپلا ئاقساقلاپ مېڭىپ ئالدىمغا كېلىپ، قوللىرىمنى پۇرىغىلى تۇردى. بويىنىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كېتىپتىمەن. ھېلىمۇ تىلسىز ھايۋان بولغاچقا شۇنچىلىك قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ تۇرۇپتۇ، جانىۋار، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. ئات ياتسا قوپالمايتتى. قوپسا ياتالمايتتى. ئۇقۇرغا ئازراق قوناق تۆكۈپ بەرسەم پۇراپ قويۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ «رەھمەت ساڭا» دېگەندەك قاراپ قويىدى. گېلىدىن بىرنەرسە ئۆتمەيۋاتسا كېرەك.

ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ ئېغىلغا كىرسەم ئات تېخىمۇ ھالسىزلىنىپ كېتىپتۇ. ئارقامدىن كىرگەن بىرنەچچە جەڭچى:

— لىيەنجاڭ، ئات بەك قىينىلىپ كەتتى. پىچاق سېلىۋەتسەكمۇ بوپتىكەن، ئازابتىن پاتراق قۇتۇلاتتى، — دېيىشتى. بىراق، ھەممىمىزنىڭ دىل-رىشتىمىزنى ئۆزىگە چىڭ باغلىغان بۇ جانىۋارنىڭ بويىنغا پىچاق سۈركەشكە كىمنىڭمۇ قولى باردۇ؟

ئىككى كۈندىن كېيىن ئات ئۆلۈپ قالدى. خۇددى يېقىن بىر نېمىسىگە تارتىشقاندەك ئوچۇق قالغان ئىككى كۆزىدە ئىككى تامچە ياش ئۇيۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ يۇمدۇرۇۋېتىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي تۆكۈلۈپ كەتتىم. مەڭزىمنى بويلاپ چۈشكەن ياشلار ئاتنىڭ ئاپئاق تۈكلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى.

ئاتنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىغا جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. بىز گازارمىنىڭ سول تەرىپىدىكى تاغ باغرىدىن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان بىر يەرنى كولاپ، ئاتنى كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن

(داۋامى 21-بەتتە)

ماخمۇت مۇھەممەت

# يېڭى دەرۋازا



(ھېكايە)

شىركىتىمىزگە يېڭى كەلگەن باشلىق
قالتىس كەسكىن ئادەم ئىكەن، كېلەر-كەلمەيى-
لا ئىدارىمىزدىكى بىرمۇنچە ئىللەت،
يېتىشسىزلىكلەرنى بايقىۋاپتۇ. ئەمەلىيەتتە
« ئورگان ئىسلاھاتى ئېلىپ بارىمەن،
خىزمىتىمگە يېقىندىن ماسلىشالىغۇلار، دەپ
بۆلۈم دەرىجىلىك ئوتتۇرا قاتلامدىكى كادىر-
لارنىڭ بېشىدا ياڭاق چېقىۋاتقۇدەك »
دېگەن خەۋەر تارقالدى. باشقىلار قانداق-
كىن، شىركەتتىكى ئادەتتىكى خىزمەتچىلەر
بۇ پاراڭغا بولەكچە خۇشال بولۇشتۇق.
بۇ « كىنچىك خاندانلىق » قا ھەممە
ئادەمگە بۇيرۇق قىلالايدىغان بىر ئادەم
كېلىپتۇ، ۋىجدانى قايناپ ئېگىز-پەسنى
تۈزلەيمەن دەۋاتسا جان سۆيۈنمەمدىغان.
باشقىلار قاتارىدا مەنمۇ خۇددى ھېيتنىڭ
كېلىشىگە تەقەززا بولۇپ ھەر كۈنى
ئاپىسىدىن « نەچچە كۈن قالدى؟ ».
دەپ تۈت-بەش قېتىم سورايدىغان كىچىك
بالىدەك پات ئارىدا شىركىتىمىزدە يۈز
بەرگۈسى يېڭىلىق، ئۆزگىرىشلەرنى سەۋىر-
سىزلىك بىلەن كۈتۈشكە باشلىدىم.
گەپ-سۆز، غۇلغۇلىلار ئەۋجىگە
چىققان كۈنلەرنىڭ بىرىدە شىركەت
قورۇسىدا كىچىككىنە بىر ئۆزگىرىش، توغرى-
سى بىر يېڭىلىق يۈز بەردى. يەنى
ئورگان قورۇسىنىڭ دەرۋازىسى بىرئەتىگەندى-
لا ئۆرۈۋېتىلدى. مۇبادا دۇنيانىڭ ئالقىنىدەك
« ھام » ئېتىدىغان تۆمۈر چاڭگىكى بار
توپا ئۆسۈش ماشىنىسىنىڭ دەھشەتلىك
غارقىراپ كېلىپ ھەش-پەش دېگۈچىلا
مۇزدەك ساق بۇ دەرۋازىنى كومپەيكۈم
قىلىۋەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمە-
گەن بولسام، ئۇنى تاسادىپىي بىر ھادىسە
تۈپەيلى ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ، دەپ ئويلاپ
قالغان بولاتتىم. نەۋەبى، بۇ دەرۋازا
تېخى بىر يىلنىڭ ئالدىدىلا قىپقىزىل
سەككىز مىڭ سوم پۇل خەجلىنىپ، يېڭى
مودا بويىچە ياسىتىلغانىدى. تۆمۈر سالا-
سۇنلۇق، يېشىل سىرلانغان دەرۋازا ئىككى
تەرەپتىكى ھەم زىلۋا، ھەم مەزمۇت
بېتون تۈۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىدا شۇنچە يارىشىپ،
قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. راست، قار،
شىۋىرغان، بوران، يامغۇردا سىرلىرى
چۈشۈپ، سەل ئالا-پاساقلىشىپ قالغان
تەرىپىمۇ يوق ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ

بۇ دەرۋازا شىركەت قورۇسىنىڭ ئىلگىرىكى
ئۇن، يىگىرمە يىللىق خاراب، سىڭايان
ياغاچ دەرۋازىسىغا سېلىشتۇرغاندا نامازشام
گۈلىنىڭ روبىرۇسىدىكى ئەتىرگۈلنى ئەسلە-
تەتتى. بۇ ئوخشىتىشنى مەن ئىچىمدىن
ئويلاپ چىقارغىنىم يوق، ئاشۇ خارابە
دەرۋازىدىن ئۇزۇن يىللار بويى كىرىپ-چى-
قىپ يۈرگەن بۆلۈم باشلىقىم ئېيتقان.

بۆلۈم باشلىقىم ئىشىكتىن بېشىنى
چىقىرىپ، بويۇنداپ كارىدورنىڭ ئۇياق-بۇيىقى-
غا قارىۋەتكەندىن كېيىن ئىشىكنى ئىچىدىن
شىرتتىدە قۇلۇپلىسلا ھايال ئۆتمەي يېڭى
بىر خەۋەر، بولمىغاندا غەيۋەتنى ئاڭلاي-
دىغانلىقىمنى پەملەيمەن. كۇسىلىقىدىن
بولسا كېرەك، «ھاشىم سىدام» دەپ
ئاتىلىپ قالغان، پېنسىيە يېشىغا تاقاشقان
بۇ ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكىمۇ گەپ
بىلەن، ئەڭ چوڭ خۇمارىمۇ گەپ بىلەن
باغلىنىشلىق ئىدى. ئۇ ھەرقانداق سورۇندا
ئايال خەق بىلەن شۇنچىلىك بېرىلىپ،
تەبئىي، قاملاشتۇرۇپ غەيۋەت-شىكايەتكە
چۈشۈپ كېتەلەيتتىكى، ھەيرانۇ ھەسلىكتە
كۆزىڭىزنى چىمچىقلىتىپ قاراپ تۇرماي
ئىلاجىڭىز يوق ئىدى.

بۆلۈم باشلىقىمنىڭ ئېھتىيات بىلەن،
ئەمما كۆيۈپ-پىشىپ دەپ بەرگەن گېپىدىن
شۇنى ئۇقتۇمكى، ئاشۇ بىر يىل ئۆمۈر
كۆرگەن سەككىز مىڭ يۈەنلىك دەرۋازا
شىركەت ئىسلاھاتىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى
ئۆرۈۋېتىلگەنىكەن. شۇ تۈپەيلى مانا
ئەمدى ئۇنىڭ شەرەپلىك ئەمما قىسقا
تارىخى ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالغۇدەكمىش...
دەرۋەقە ئەتىسىدىن ئېتىبارەن بۆلۈم-بۆلۈملەر-
دە پاراڭ قىزىدى. ھەممەيلەن دەرۋازىنىڭ
ئۆرۈلۈشى ھەققىدە ھەرخىل گەپ قىلىشاتتى-
يۇ، ھەممە پاراڭلارنىڭ تۈگۈچى بېرىپ-بې-
رىپ بىرلا نەرسىگە — ھېلىقى سەككىز
مىڭ يۈەنگە تۇتىشاتتى. مۇشۇ كۈندە
ھەممىلا ئادەم ھاشىم سىدامنىڭ مىجەز
قىلىپىغا كىرىۋالغانمۇ، ئېغىزدىن، ئېغىزلارغا
يۆتكىلىپ تۇرغان بۇ پاراڭلار بىر ئادەمدىن
چەكسىز ھەزەر قىلىنغان ھالدا ئېيتىلاتتى.
بۇ ئادەم باشقا بىرەيلەن ئەمەس، دەل
شىركەتكە كەلگەن كۈنىلا ئاجايىپ
دەبدەبىلىك «كىرىش سۆز» سۆزلىگەن،
دائىملا سۈرلۈك قىياپەت بىلەن يۈرىدىغان
يېڭى رەھبەر ئىدى.

«بىكار پاراڭ چىقمايدۇ» دېگەن
ماقالىنىڭ ئۆزىمۇ بىكار پاراڭ ئەمەس
ئىكەن. ئاشۇ گەپ تارقىلىپ بىر ھەپتىدىن
كېيىن بىر ئەتىگەنلىكى خىزمەتكە كەلسەم
يەتتە-سەككىز ئادەم ئۆرۈۋېتىلگەن
دەرۋازا بىلەن ھەپىلىشىۋېتىپتۇ. ئەتراپقا
شىركەت خىزمەتچىلىرىدىن بىر مۇنچىسى
غۇجمە كىلىشىۋېلىپ ماشىنا سوقۇۋەتكەن
ئادەمگە قارىغاندەك ئىچ ئاغرىتىش نەزەرلى-
رى بىلەن خىش، توپىلىرى يۆتكىلىۋاتقان
دەرۋازا خارابىسىگە قاراپ تۇرۇشاتتى.

ھايت-ھۇيت دېگۈچە شىركەت
ئورگىنىنىڭ يېڭى قىياپىتىگە مۇھىم ئاساس
سالىدىغان دەرۋازا قۇرۇلۇشى باشلاندى.
يېڭى دەرۋازىدىكى ئۆزگىرىش ئىككى ئىدى.
بىرى، ئۇنىڭ ئورنى ئاۋۋالقى جايىدىن
سەل ئالدىغىراق تارتىلغان، يەنى چوڭ
كوچىغا ئىككى مېتىرچە ئۆسۈپ كىرگەن
ھالەتتە ئىدى. چۈشىنىۋېلىش تەس

ئەمەسكى، بۇنداق بولغاندا دەرۋازىنىڭ
ئىككى قانىتىدىكى مۇزدەك ساق، خىشتىن
قوپۇرۇلغان پاسىل تامىۇ كەلگۈسىدە ئۆز
ئورنىدا تۇرۇۋەرمەيتتى. بۇ ئەلۋەتتە
«شىركەت زېمىننى كېڭەيتىش» جەھەت-
تىكى بىر ستراتېگىيىلىك قەدەم بولۇپ
ھېسابلىنىپ، ئەڭ ئالدى بىلەن تۇرغان -
پۈتكىنى خەقنىڭ چاپىنىدىكى بىرەر تال
تۈگمىسىنى بولسىمۇ يۇلۇۋېلىش قەستىدە
يۈرىيدىغان زاپخوزغا قوينىڭ قۇيرۇق مېيىدا
ئەتكەن ھالۋىدەك خوپ ياقتى. ھەركۈنى
ئىشتىن چۈشكەندە ئۆيىگە ئەدناسى بىرەر
غۇلاچ سىم ئاپارمىسا خوتۇنىنىڭ چالا
قورۇغان قورۇمىسى گېلىدىن تۆھمەت بىلەن
ئۆتىدىغان، ۋېلسىپىتىنىڭ يۈك تەگلىكىدىن
قاچانلا قارىسىڭىز تۆت-بەش تال پىششىق
خىش ئۈكسۈمەيدىغان (ئېيتىشلارغا قارىغاندا
ئۇ ۋېلسىپىت تەگلىكىدە ئۈچ يىل توشىغان
خىشتىن ئىككى ئېغىزلىق راۋرۇس ئۆي
سالتۇدەك) زاپخوزىمىز يېڭى دەرۋازىغا
ئۇل قويۇلغان كۈنى باشقا ئىشنى قويۇپ
ئەتىگەندىن تارتىپ كەچكىچە ئۇل قويۇ-
ۋاتقان ئۇستىلارنىڭ يېنىدا تاقا مىقىدەك
تۇرۇۋېلىپ، دەرۋازىدىن كىرىپ-چىقىۋاتقانلار-
غا يېڭى رەھبەرنىڭ دادىللىقى، يىراقنى
كۆرەرلىكى ۋە تەدبىرچانلىقى توغرىسىدا
تىنماستىن ھەمدۇ-سانا ئېيتىپ تۇردى.
بىر ئايدىن كېيىن ئۇ ئۆزى نەچچە يىللار
كۆز تىكىپ كەلگەن ئورۇن — شىركەت
خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

«ئىسلاھات دەرۋازىسى» تېز
سۈرئەت بىلەن قەد كۆتۈرۈشكە باشلىدى.
ئاۋۋالقى دەرۋازىدىن باشقىچە بولغان
ئىككىنچى ئۆزگىرىش يېڭى ئۇل ئورنىدا
تۆت تال بېتۇن تۈۋرۈك ئورنىتىلدى. تۆت
تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە تۆت دانە چوڭ بېتۇن
تاختا ئورنىتىلىپ، بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇلدى.
شۇنىڭ بىلەن ئاسمانىنىڭ تۆت بۇرجەك
بىر پارچىسىنى تۆت گېگانت قول تىرەپ
تۇرغاندەك مەنزىرە بارلىققا كەلدى. بۇ
بەلكى شىركەت ئىشلىرىنى جەسۇر بەستى
بىلەن ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ تۇرغان تۆت
رەھبەرنىڭ سىمۋولى بولسا كېرەك. مۇبادا
شۇنداق دېيىلگەندە، يېڭى كەلگەن باش
رەھبەرنىڭ ئەقىللىك، تەدبىرچان خىزمەت
ئۇسلۇبىغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايتتىڭىز.
چۈنكى، ئۇ تۆت تۈۋرۈكنىڭ مەلۇم بىرىن
ى قالغان ئۈچىدىن قاۋۇلراق قىلىشقا بۇيرۇپ،
ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىدىكى تەڭداش-
سىز ئورنىنى نامايىش قىلىش يەڭگىلتەكلىكى-
دىن ساقلانغانىدى. ئوتتۇرىدىكى ئىككى
تۈۋرۈك ئىلگىرىكى دەرۋازىنىڭ ھېلىقى ئىككى
تۈۋرۈكىدىن ھەم ئېگىز، ھەم توم، ئارىلىقى
ھەم كەڭرەك لايىھىلەنگەنىدى. ئوخشاش
ۋە تەڭداش ياسالغانلىقى توغرىسىدا بىز
تېخى ھاياجان بىلەن شۇنى ئېيتالايمىزكى،
يېڭى رەھبەر ئۈچ رەھبەرنىڭ ئىچىدىكى
سىياسىي خىزمەتنى تۇتىدىغان، دەرىجىسى
ئۆزى بىلەن تەڭ يەنە بىرىنىڭ رولى
ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە
ئەھمىيەت بەرگەنىدى.

تۆت تۈۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككىسى-
دە ئەھۋال ھېلىقىدەك ئۆزگىچە بولغاچقا،
ئەلۋەتتە ئاۋۋالقى ئىككى قاناتلىق، يېشىل
سىرلانغان تۆمۈر سالاسۇنلۇق دەرۋازا يېڭى
تۈۋرۈكلەرگە بويلىمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە

شۇمۇ مەلۇمكى، يېڭى دەرۋازىدا ئوتتۇرىدىكى قوشقاناتتىن باشقا، ئىككى تەرەپتە ئىككى تاق قاناتلىق كىچىك ئىشكلەرنىڭ بولۇشى پىلانلانغانىدى. شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى دەرۋازىنىڭ بارلىق قاناتلىرى قايسىدۇر بىر مەخسۇس كارخانىغا زاكاز قىلىندى. كونا دەرۋازىنىڭ مۇزدەك ساق قاناتلىرى بولسا ئۆزىنىڭ قىسقا تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ئاسار-ئەتىقە سۈپىتىدە ئىسكىلاتتىن ئورۇن ئالدى.

كونا دەرۋازا ئۆرۈلۈپ نەق يىگىرمە كۈندىن كېيىن ھەشەمەتلىك يېڭى دەرۋازىنىڭ ماڭلىيىغا شىركەتنىڭ يالتىراق مىستىن قىلىپ بۇيرۇتۇلغان يېڭى ۋىۋىسكىسى ئېسىلدى. ۋىۋىسكا شۇنچىلىك نەپىس، ھەيۋەت ئىشلەنگەنىدىكى، ئۇنىڭغا شىركەت خىزمەتچىلىرىلا ئەمەس، دەل شۇ كۈنى شىركىتىمىز ئىلگىرى تىجارەت ئۈچۈن بانكىدىن ئالغان ئىككى مىليون يۈەن پۇلنىڭ تۆت يىلدىن بېرى قايتۇرالماي كېلىۋاتقان ئۆسۈمىنى سۈيلەپ كەلگەن سوت مەھكىمىسىنىڭ خادىملىرىمۇ زوقلىنىپ قاراپ كېتىشتى. يېڭى دەرۋازىغا كەتكەن پۇلنىڭ سانى مالىيە بۆلۈمىدىن ئۈچۈپ چىققاندىن كېيىن بارلىق ئىشخانىلارنى، جۈملىدىن بىزنىڭ بۆلۈمنىمۇ يېرىم كۈنلۈك پاراڭ قاپلىدى. ھاياجاندىن كۆزلىرى پىلىقنىڭ كۆزىدەك پولتىيىپ كەتكەن باشلىقىم ھاشىم سىدام چۈشكىچە كارىدورغا ئون قېتىمچە بويۇندىدى ۋە يەتتە قېتىم بىخەتەر قۇلۇپنى ئىچىدىن ئەتتى. ئۇستىلارنىڭ دەرۋازىنى پىلاندىكىدىن بىرھەپتە ئىلگىرى ياساپ پۈتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن بېرىلگەن مۇكاپات سوممىسىنى قوشقاندا دەرۋازا ئارتۇقمۇ ئەمەس، كەممۇ ئەمەس يىگىرمە مىڭ يۈەن بىلەن پۈتكەنىدى.

— جىق ئەمەس، يىگىرمە مىڭ كوي دېگەن قانچىلىك پۇل ئۇ، بۇرۇنقى ئىككى مىڭ سوم، — دېدى شىركەت زاپخوزى ئۆكتەم ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ يېڭى دەرۋازا تۈۋىدە غۇجمەكلىشىۋېلىپ تۈگۈمەس «پىچىر-پىچىر» غا چۈشكەنلەرگە. يېڭى دەرۋازا قۇرۇلۇشى باشلانغاندىن بۇيان ئۇ خۇددى ئوقۇغۇچىلارغا دەرسىنى زېرىكمەي چۈشەندۈرىدىغان مۇئەللىمنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالغانىدى، — بىر گېزىتتىن ئوقسام، جۇڭگودا بىرىلدا ھۆكۈمەت پۇلغا يېيىلگەن زىياپەتنىڭ پۇلى سەكسەن مىليارد يۈەنگە يېتىپتۇ. ئۇنىڭغا قارىغاندا يىگىرمە مىڭ كوي خەجلەنسىمۇ، خەجلىگەن پۇلنىڭ راۋۇرۇس نوچى ئىزناسى قېلىپ قالمىدىمۇ مانا!

گەپ دېگەننىڭ قوۋۇرغىسى يوق نەرسە. قاياققا ئەگسەڭ ئېگىلىۋېرىدۇ، قانداق دەيمەن دېسەڭ بولۇۋېرىدۇ. چىرايلىق، ھەيۋەتلىك دەرۋازىغا قاراپ تۇرۇپ، زاپخوزنىڭ گەپلىرىنى ئۆزۈمچە مۇھاكىمە قىلىپ باقتىم. ئۇ بولسا يېڭى دەرۋازىغا يۆلەنگەن پېتى خاتىرجەم ھالەتتە يېڭى رەھبەرنىڭ شىركەتكە كېلىپلا دادىل قەدەم بىلەن باشلىغان يېڭى، تۇنجى ئىسلاھات تەدبىرىنى ماختىماقتا ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۇزايىدىن يېڭى دەرۋازىغا ئەمەس، يېڭى رەھبەرنىڭ قاۋۇل بەستىگە يۆلىنىپ تۇرغاندەك ئىشەنچ، خاتىرجەملىك ھەمدە مەنمەنلىك ئەكس

ئېتىپ تۇراتتى.

دەسلىپىدە مەن يېڭى دەرۋازا بەلكىميا شىركەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ مۇقەددىمىسى بولسا كېرەك. يېڭى رەھبەر شىركەتنى ئاۋۋال شەكلەن، ئاندىن ماھىيەت جەھەتلەردىن تەلتۆكۈس دېگۈدەك ئۆزگەرتىپ، يېڭى قىياپەتكە كەلتۈرىدىغان...

تەڭ تۈزەي دەپتۇ-دە، دېگەن خىيالغىمۇ كەلگەندىم. ئېمىلا بولمىسۇن خەقلەرنىڭ ئاغزىدا دېيىلىپ يۈرگەن «يېڭى كەلگەن باشلىق شىركىتىمىزدىكى بىرمۇنچە ئىللەتلەر-نى ھېلىتىنلا بايقىۋاپتۇ. ئۇرگان ئىسلاھاتى ئېلىپ بارىمەن دەپ يۈرگۈدەك» دېگەن سۆزلەر ئاساسسىز ئەمەستۇر. شۇنىڭ بىلەن دەرۋازا ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، بىر-بىرلەپ كېلىدىغان يېڭىلىق، تۈزەش چارىلىرىنى يېقىندىن دىققەت قىلىپ كۈتۈش-كە باشلىدىم.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە خىزمەت ۋاقتىنى توشقۇزالماي ئىشخانىدا كونا گېزىتلەرنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ ئولتۇراتتىم. راستىنى ئېيتسام مەخسۇس كەسىپنى پۈتتۈرۈپ، «سۈپەت تەكشۈرگۈچى» دېگەن چىرايلىق تاجنى بېشىمغا كېيىپ يۈرگىنىم بىلەن تۈزۈكرەك ئىككى تۈرنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈشكە قاتنىشىپ باقمىغانىدىم. «بىز بولمىساق جاھان چۆرگىلىمەيدۇ» دەپ يۈرىدىغان بىرنەچچە نوچىنىڭ گېپى بۆلۈمدىلا ئەمەس، شىركەت-تىمۇ گەپ ئىدى. ۋاقتى كەلگەندە ئۇلار شىركەتنىڭ كەسپىي خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن دېرىكتور بىلەن سۈپەتنى ئىش مەيدانىدا ئەمەس، ئالىي رېستورانلاردا، چېرتيوژ بىلەن ئەمەس، كۆپ خىزمەت

قىلىپ تەرلەپ كەتكەن چوكىلار بىلەنلا بېكىتەتتى. كۆرمىگەن ئىشنىڭ سۈپىتىنى كەيىپ ھالدا «ئالامەتكەن» دەپ ماختىشاتتى. بۇنداق سۈپەت بېكىتىش مۇراسىملىرىغا مەنىۇ كۆزدىن يىراق، نامدا «بۆلۈم باشلىقى» بوپقالغان ھاشىم سىداممۇ يېقىن كېلەلمەيتتى. بىچارە باشلىقىمنىڭ بىر ياخشى مىجەزى، بۇنداق خورلۇقلارنى ئانچە ھار ئېلىپ كەتمەيدىغا-نى بولۇپ، گاھىدا مۇشۇنداق ئىشلار تۆپەيلى قايناپ قالسام «بوپتۇ ئەمەسمۇ بالا، ئاشۇ غوجاملار پۈتتۈرىدۇ ھەممە ئىشلارنى، مائاشنى پۈتۈن بەرسە جاننى خوراتماي يۈرگەنگە يېتەمدۇ، سىڭگەن مومىمىزنى يەپ...» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ماڭا خىزمەت ئىشلەيتتى. ئەمما قايناك دېسە ئىشكنى ئىچىدىن ئېتىۋېلىپ ئۆزى ھارغىچە قايناتتى. بىر كەمدە ھاشىم سىدام تالادىن ھاسىراپ، تەرلىگىنىچە كىرىپ كەلدى-دە، خۇددى ئوت كەتكەن يەرنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈشكە ئالدىرىغان-دەك دېمى بېسىلمايلا سۆزلەپ كەتتى.

— پاھ، بىزنىڭ شىركەتنىڭ دەرۋا-زىسىنىڭ گېپى شەھەرنى بىر ئاپتۇ جۇمۇڭ!

— ھاشىمكا، ئىشك، — دېدىم مەن ئوچۇق تۇرغان ئىشكنى شەرەتلەپ.

تېخىچە تىنىقى تەكشىلەنمىگەن ھاشىم سىدام كۆزۈمگە چەكچىيىپ قارىدى.

— ئىشك دېمىدىم بالا، دەرۋازا...

— چۈشەندىم، ئىشكنى ئېلىمدىڭىز دەيمەن!

بىر ماڭا، بىر ئىشككە ئەلەڭلەپ

قاراپ تۇرۇپ كەتكەن ھاشىم سىدام بىردىنلا پىق قىلىپ كۈلۈۋەتتى.

— مازاق قىلىۋاتامسىزمە ئاكىڭىزنى؟ بوپتۇ ئىشىكنى يېپىپ سۆزلەي، بىزچىلىك بولغاندا سىزمۇ ئىشىكنى قولۇپلاپ، ساندۇققا كىرىپ سۆزلەيدىغان بولىسىز... ئەمدى بولدىمۇ بالا؟ گېپىمنى ھەجەپ بۆلۈۋەتتىڭىزدە، بىزنىڭ يېڭى دەرۋازىنىڭ قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ كىردىم تالادىن.

— زاپخوزدىنمۇ؟

— كونا زاپخوزدىن دەڭ، ھازىرقى خوجۇلۇق بۆلۈم باشلىقى، شۇنىڭدىن بولماي، كىمدىن ئاڭلايتتىم؟ دەرۋازا تۈۋىگە يەنە ئادەم يىغىۋاپتۇ.

— ھەجەپ تۈگىمىدىغۇ بۇ دەرۋازىنىڭ گېپى؟ يەنە نېمىدەيدۇ ئۇ؟ — ئاغزىمغا كەلگەننى بۇغۇزۇمغا يۇتمايدىغان ئادىتىم بويىچە غۇدۇرىغاندەك سوراپ قويدۇم.

— تۈگىمىدى دېمەمدا، ئەمدى چىقىدۇ گەپنىڭ نوچىلىرى تېخى. بايا ئىشقا كەلسەم يېڭى خوجۇلۇق باشلىقى ئاۋۇ توختى پىكاپنى داقاقشىتۇۋېتىپتۇ. بايقۇش پىكاپ ئاغزى قىچىشقانمۇ قانداق، يېڭى دىرېكتور كەلدى، ئالامەت ئىسلاھات ئېلىپ بارىدۇ دەۋاتاتتىڭىز، قېنى ئىسلاھاتى؟ دەپ قويۇپتىكەنمۇدەيمەن، «قىرىق-ئەللىك كۈندىن بېرى ئىسلاھاتنىڭ يېڭى دەرۋازىسىدىن كىرىپ-چىقىپ يۈرۈۋاتىسەن، كۆزۈڭ نەگە كەتكەن، مېڭەڭنى قاغا چوقۇغانمۇ سېنىڭ؟ پۈتۈن شەھەردە بىزنىڭ يېڭى رەھبەرنىڭ ئىش ئورنىغا يېتىپ كېلەر-كەلمەي كالامپاي، پېشانىسى سوغ، ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئىرادىسىنى بوغقاندەك سېزىم بېرىدىغان دەرۋازىنى بايقاپ، دادىللىق بىلەن ئۇنى چاقماق تېزلىكىدە بىرتەرەپ قىلىپ، يېڭىسىنى تىكلىگەنلىكى توغرىسىدا ۋاڭ-ۋاڭ گەپ بولۇۋاتسا، سەنزە، مۇشۇ تەشكىلنىڭ تامىقىنى يەپ تۇرۇپ ھېچنېمىنى بايقىمىدىڭمۇ؟» دەپ يېڭى دەرۋازىنىڭ قانىتىغا قىستۇۋېلىپ ھەدەپ تەنبىھ بېرىۋاتامدۇ خوجۇلۇق خوجام. پىكاپقا گەپ تېگەر ئەمەس. شۇنىڭ بىلەنزە بىزنىڭ شىركەتنىڭ يېڭىلانغان دەرۋازىسىنىڭ گېپىنى شەھەر خەلقى نەدىن ئۇقۇپ، نەدىن بىلگەندۇر دېگەن خىيالغا كېلىپ...

— شۇنى دەيمەن، بۇنچىلا داۋراڭنى كىم سالغاندۇر شەھەرگە؟ — قولۇمدىكى گېزىتنى ئۈستەلگە لەيلىتىپ تاشلاپ، مەنمۇ ھەيرانلىقىمنى ئىپادىلىدىم.

— قانداق؟ يېڭى خەۋەر بولسا سىزمۇ ئالدىڭىزغا ئوخچامدىكەنسىز؟ — ھاشىم سىدام ئۈنىنى سوزۇشتۇرۇپ چىقاردى، — ئالدىرىماي تۇرۇڭ، ھاشىمكىڭىز بوش ئادەم ئەمەس، بۇنىمۇ ئۇقۇپ، بىلىۋالدىم.

شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشنى ئېسىگە ئالدى. لېكىن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئىچىدىن قۇلۇپلاقلىق ئىشىكنى شىرتتىدە ئېچىپ، كارىدورنىڭ ئىككى قېتىغا بويۇندۇۋېلىشنى ئۇنۇتمىدى.

— كونا زاپخوزنىڭ جىيەنى، گېزىتخانىدا مۇخبىر بولۇپ ئىشلەيدىغىنىنى سىز يا بىلىسىز، يا بىلمەيسىز، ھە، شۇ مۇخبىرنىزە تاغىسى ئالايتەن بىزنىڭ يېڭى رەھبەرنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغان گەپ. قەلەم دېگەننىڭ بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ-دە بالا،

شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى مۇخبىر بىزنىڭ شىركەتنىڭ ئىسلاھاتىنى كونا ھەم يېڭى دەرۋازا بىلەن باغلاپ، راسا قاتۇرۇپ ماقالە يازغان گەپ. ھوي، ئاشۇ ئالدى-غىزدىكى گېزىتلەرنىڭ ئىچىدە شۇ ماقالە بېسىلغىنى يوقمىكەن؟ گېزىتنى ئاندەك يەيدىغىندىنغۇسىز؟

مەن ھاشىم سىدامغا ھېلىقى ماقالىنى مونۇ گېزىتلەرنىڭ بەتلىرىدىن ئۇچراتمىغانلىقىم-نى، بەلكىم بىز يېزىلمىغان باشقا بىرەر گېزىتكە بېسىلغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتتىم.

— ئىشقىلىپ، بىزنىڭ يېڭى دەرۋازا ھەققىدە پۈتۈن شەھەر بىلىپ بوپتۇ دېگەن گەپنىڭ سەۋەبى ئاشۇ، — ھاشىم سىدام كالتە قوللىرىنى جۈپلەپ سىلىق يۈزىنى بىر سىلىۋالدى، — راستلا، شۇنىڭغا ئۇلاپ يەنە بىر گەپمۇ بار تېخى!

— قانداق گەپ؟

— ھېلىقى مۇخبىر بالا يېقىندىن ئۆي سالغانمۇ قانداق، شۇنداقراق گەپ بار، يازغان ماقالىسى گېزىتكە چىققان كۈنى زاپخوز تاغىسى گېزىتنى بىزنىڭ يېڭى رەھبەرگە ئەكىلىپ كۆرسىتىپتىكەن، « بىرىنچى قول » غا ياراپ كەتكەنمۇ، كونا دەرۋازىنىڭ قانىتىنى مۇخبىرغا بەرگۈ-زۇۋېتىپتۇ.

مەن ئىختىيارسىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم. ھاشىم سىدامنىڭ ئەرۋاھى ئۇرۇكۇپ، ئىشىككە يۈگۈردى.

— تېشۈي بالا، « تامدا چاشقان بار » ، ۋاھ!

— مۇخبىرغا كونا دەرۋازا لازىملىقىنى بىزنىڭ يېڭى رەھبەر نەدىن بىلگەندۇر دەيمىنا! — ئالقىنىم بىلەن كۆزۈمدىكى ياشلارنى سۈرتكەچ، كۈلكەمگە ئىزاھات بەردىم.

— قىزىقكىنا، زاپخوز تاغىسى نېمە قىلىدۇ ئوتتۇرىلىقتا، تىلماچلىق قىلماي؟

— شۇ زاپخوزىغىزنىڭ قىلىپ يۈرگەن قىلىقلىرىغا قارىغاندا، — دېدىم بۈگۈن تۈنجى قېتىم ئەستايىدىللىق بىلەن، — ئوتتۇرىدا ئۇنى بۇنىڭغا ئۇقۇشتۇرماي تۇرۇپ، كونا دەرۋازا ئۈچۈن جىيە نېدىن ئەللىك-ئاتمىش سوم ئالدىغۇ دەيمەن؟

— ئۇ تەرىپىنى ئۆزى بىلىدۇ، — ھاشىم سىدام بىردىنلا ئېھتىياتچانلىققا ئۆتتى. بۇ ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى. مەن باياتىن بولغان پاراڭلارنى ئۇ يېقىغا، بۇ يېقىغا يۇمزاپ خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن، ھاشىم سىدام شەپكىسىنى ئىشكاپنىڭ يان قىرىغا قېقىلغان مىخقا ئىلىپ قويۇپ، بۆلۈمدىن چىقىپ كېتىپتۇ. دېسەم-دېمىسەم يېڭى دەرۋازا توغرىسىدا ئۇچۇر يىغقىلى ماڭغان گەپ.

ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ ھاشىم سىدام يېڭى دەرۋازا ھەققىدە بۆلەك پاراڭ قىلمىدى. يېڭىلا بۆلۈم باشلىقى دەرىجىلىك ئەمەلگە ئېرىشكەن سابىق زاپخوزنىڭ ئۇيەر-بۇيەردە ئاڭلىنىپ قالىدىغان ئۆكتەم ئاۋازىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شىركەتتە بۇ ھەقتىكى پاراڭلار سەل بېسىقىغا چۈشكەندەك بولدى، بۇمۇ « يېڭى كېلىن كەلسە ئۈچ كۈن پاراڭ » دېگەندەك ئىشتە. دەرۋەقە، مېنىڭ ھەرقانچە تىڭ تىڭلاپ، ئاستىرتىن كۆزىتىپ كۈتكىنىمگە

قارىماي، شىركەتتە دەرۋازا يېڭىلاشتىن بۆلەك ۋاي دېگۈدەك ھېچبىر ئۆزگىرىش بولمىدى. ئىشلارمۇ، ئادەملەرمۇ، مەجلىستىكى گەپ، دوكلاتلارمۇ شۇ بۇرۇنقى پېتىچە ئىدى. يېڭى رەھبەر قالغان ئىشلارنى قاندىقىسىغا ئۇيلىشىۋاتىدۇ، مۇئاۋىنلىرى بىلەن نېمىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشىۋاتىدۇ، قاچانراق يەنە قانداق ئىشلارنى تەۋرىتىدۇ... بۇلار ئەلۋەتتە مەن، ھاشىم سىدام ۋە شىركەتتىكى خېلى-خېلى ئادەملەر بىلىدىغان، بېكىتەلەيدىغان ئىشلار ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا يېڭى رەھبەرگە ئالدىراپ ھېلىتىنلا ئۇنداق ياكى مۇنداق باھا بېرىۋېتىش ئاقىللىقتىن بىشارەت بەرمەيتتى، ئەلۋەتتە.

— يېڭى باشلىقنىڭ خېلى ئېپى بار ئادەمدەك ئەلپازى بار جۇمۇ، — دېدى بىر كۈنى ھاشىم سىدام گويا ئىچىمدىكىنى بىلىپ قالغاندەك، — قانداق دەمسىزا بالا؟ ھېلىقى بانكىدىن ئالغان ئىلگىرى-كېيىن جىق قەرزنى بارغۇ، سوتنىڭ ئادەملىرى نەچچە كەلمىدىمۇ شۇنى دەپ، ھە، شۇ قەرزنىڭ ئۆزىنىڭمۇ، ئۆسۈمىنىڭمۇ غوۋغىسىنى بىر زىياپەت بىلەنلا شاپپىدە باستۇرۇپ قويۇپتۇ.

— ئۇنچىلىك ئاسان ئىش يوقتۇر دەيمەن ھاشىمكا، — دېدىم گۇمانسىراپ، — ئاز پۇل ئەمەس ئۇ، يەنە كېلىپ بانكىنىڭ تۈزۈمى قاتتىق بولىدۇ.

— قاتتىقىنىمۇ قاتتىق يۇمشىتىدۇ دەيمەن بالا، — ھاشىمكام ئاۋازىنى پەسلىتىپ، تەلەپپۇزىنى ئۆرگۈتتى، — بانكىدىمۇ ئادەم ئىشلەيدۇ دەڭگا. ئاڭلىسام باشلىق تېخى يەنە يېڭىدىن بىرمۇنچە تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇل ھەل قىلىپتۇمىش.

— ئۇنداقتا خېلى يېڭىلىقلار باركەن جۇمۇ، — مەن ھاشىمكامغا چاقچاق قىلدىم، — شىركىتىمىزگە يېڭى دەرۋازا يارىشىپ قېلىۋاتامدۇ قانداق؟

— يېڭى دەرۋازا؟ — ھاشىم سىدام چۆچۈگەندەك سۆزلەپ، كۆزۈمگە قارىدى، — قويۇڭا شۇ دەرۋازىنىڭ گېپىنى، خېلى ئۇنتۇپ قاپتىكەنمەن.

— ھەركۈنى شۇ دەرۋازىدىن بەش-ئون قېتىم كىرىپ-چىقىپ يۈرسىڭىز قانداق ئۇنتۇيسىز ئۇ دەرۋازىنى؟ — ئەتەي چىشىغا تەگدىم ئۇنىڭ.

— دەرۋازىنىغۇ ئۇنۇتقىنىم يوق بالا، كىرىپ-چىقىپ يۈرۈۋاتىمەن، — ھاشىم سىدام قىزىشتى، — بىراق شۇ ئادەتتىكى دەرۋازىنى بەزى ئاغىنىلەرنىڭ «ئىسلاھات دەرۋازىسى»، «تەدبىرچانلىقنىڭ تۇنجى نامايەندىسى»، پەلىنىدى، شەلىنىدى دەپ پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ كېتىشكەنلىرىنى دەيمەنچۇ، شۇ گەپلەرنى خېلى بوپتىكەن ئۇنتۇپ قالغىنىمغا...

— كونا زاپخوز ئاغىنىڭىزنىڭ گېپىنىمۇ؟

— خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ يېڭى باشلىقى، — دېدى ھاشىم سىدام خورسىنىپ، — ئاممىلىكىن پەخەس بولۇڭ، سىز تېخى ياش، ياشلارنىڭ ئېغىزى يوغىنىسىز ئاساۋ-ئاتقا ئوخشايدۇ. مەندىن بۆلەك ئادەمگە ئۇ ئاداشنىڭ ياخشى-يامان گېپىنى قىلىپ يۈرمەڭ. ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەر يەنە ئۆسىدۇ، ھەرئامالار بىلەن ئۆسىدۇ. بىزنىڭ دۆڭمەھەللىدە قاراڭ بالا، تۇرسۇن

ئامان دەپ بىر ئادەم بار، كۆندە ئىككى-ئۈچ سەرقېقىۋېلىپ، دوقمۇشتا تۇرۇۋالىدۇ-دە، ئۆتكەن-كەچكەنگە «ئامان بولايلى!» دەيدۇ، راست، ئامان بولايلى.

ئارىلىقتىن ئالاھەزەل بىر-ئىككى ئاي ئۆتتىمىكىن، بىر ئەتتىگەنلىكى ھاشىم سىدام شەپكىسىنى قولىدا مىجىقلاپ تۇتقان پېتى ھاسىراپ بۆلۈمگە كىردى-دە، ئىشىكنى ئىچىدىن ئەتتى.

— ئولتۇرۇۋېرەمسىز بالا، يېڭىلىقلاردىن بىخەۋەر بولۇپ؟ — ئۇ ئادىتىچە ئورنىغا بېرىپ ئولتارماي، تاق بۇرنۇمنىڭ ئۇچىغا دېگۈدەك يېقىنلىشىپ كەلدى، — شىركەتتە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن راستىلا خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟ قويۇڭا سىزنى!

— ئىللا-بىللا، — دېدىم چاقچاقلىق ئۇمزاپ، بىراق چاقچىقىمنى دەررۇ توختىتىۋالدىم. ھاشىم سىدامنىڭ رەڭگى مەن ھېچقاچان كۆرمىگەن سىياقتا ئاقىرىپ كەتكەنىدى، — نېمە گەپ ئۆزى، تېز دەڭا!

— بىرىنچى باشلىق كېتىدىكەن، — ھاشىم سىدام بېگىز بارمىقىنى تىكلەپ «بىرىنچى قول» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىدى ۋە دەررۇ شۇ بارمىقىنى قىڭغايتتى، — شۇ گەپ!

ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم، بۇ راستىنلا مەن تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان يېڭىلىق ئىدى.

— راستمۇ؟ نېمىشقا ئەمدى؟ — ئۈنۈمۇ چىڭقىلىپ چىقىپ كەتتى، — كەلگىنىگە يېرىم يىل بولۇپلا، ھە؟

— شۇنى دېمەمسىز، — ھاشىم سىدام قوللىرىنى ئىككى ياققا يايدى، كېيىن تېخىمۇ ئېڭىشىپ، پىچىرلىدى، — ئاڭلىسام، ئۇنى يۇقىرىغا چىقىپ قويۇپتىمىش...

— نېمە؟ گۇناھى نېمىكەن؟ — كۆڭلۈمدە ئۆيۈپ تۇرغان تەخمىن، گۇماندىن خىيالەن قېچىپ سورىدىم.

— شۇ، يېڭى دەرۋازا، ئۈسسۇم پۇل، يەنە، يەنە بىرنېمىلەر... — ھاشىم سىدام كۆزلىرىنى ھەدەپ يۇمچۇقلاپ، سىرلىق كۈلۈمسىرىدى، — ئۇنىڭغۇ يەنە بىريەرگە ئاپىرىدۇ، بىراق بىزگە قانداقراقى كېلەركىنتاڭ؟ نېملا بولمىسۇن، بۇ باشلىق ئىلگىرى ئىككى يىل ئىشلەپ كەتكىنىگە ئوخشاش ئۇششاق-چۈششەك ئىشىنىڭ ھەممىسىدىلا ئادەمنىڭ كۆزىگە كىرىۋالمايتتى.

— ھەي ھاشىمكا، — دېدىم ھاياجىنىمنى باسالماي ۋە ھازىرغىچە بۇ خەۋەرگە ئىشەنچ قىلالماي، شۇ سەۋەبتىن ئاۋازىم خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ كەتتى، — مۇشۇ گېپىڭىز راستمۇ-يا؟... زادى نەدىن ئاڭلىدىڭىز بۇ خەۋەرنى؟

— ئىشەنچلىك يەردىن، ئىشىنىۋېرىڭ، ئىشەنچلىك يەردىن.

— تايىنلىق يەنە ئاشۇ سابىق زاپخوز، يېڭى خوجىلىق بۆلۈم باشلىقىدىن بولمىسۇن؟ يېڭى دىرېكتورنىڭ ئۈستىدىن چېقىم قىلغىنى كىمكەن؟ ئۇنىمۇ دەپ بەرگەندۇر ئۇ كونا زاپخوز؟

— پوقىڭىزنى يېمەڭا، — ھاشىم سىدام تۇنجى قېتىم مېنىڭ ئالدىمدا چېچىلدى، سىپ-سىلىق ئېڭەكلىرى تىترەپ كەتتى، — كونا زاپخوز، كونا زاپخوز،

ھەجەپ تېپىۋاپسىز شۇ كونا زاپخۇز دېگەن گەپنى، خۇددى ئۇ مۇتتەھەم بىلەن مېنىڭ كېيىندىكىم قوشتەك. مەن گويا ئۇنىڭ جاكارچىسىدەك، ئۇنىڭدىن باشقا مېنىڭ ئۇچۇر مەنبەيىم يوقتەك... ھەي بالا، ئاڭلاپ قويۇڭ، — ھاشىم سىدام بۇ قېتىم ئادىتىنى بۇزۇپ، ۋارقىراپ دېگۈدەك سۆزلىدى، — مېنىڭ بۇ خەۋەرنى نەدىن ئاڭلاپ، نەدىن ئۇققىنىمنى ئەمدى قايتىلاپ سۈرۈشتۈرمەڭ، سورىماڭ. بىلىپ قويۇڭ، مەنمۇ بىر بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر-مەن، سىزنىڭ باشلىقىڭىزمەن، ئىشقىلىپ ئۇققىنىم جىڭ پاراڭ، ئەتە-ئۆگۈنگىچە راستىكەن دەپقالىسىز. خوش، ئەمدى يېڭى دىرېكتورنىڭ ئۈستىدىن ئەرز... ياق، چېقىم قىلغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئۇنىمۇ دەپ بېرەي، ئاڭلاپ تۇرۇڭ: ئۇ باشقا بىرى ئەمەسكەن، دەل شۇ ھېلىلا تىلغا ئالغان كونازاپخوز، يېڭى خوجىلىق بۆلۈم باشلىقىكەن، ئۇقتىڭىزمۇ؟

ھاشىم سىدام ئاخىرقى گەپلىرىنى رەسمىي شۇئار توۋلىغاندەك توۋلىغاندەك تۈگەتتى، خۇددى ئۇنىڭ مىجەزى ماڭا ئۆتۈپ قالغاندەك دەررۇ ئىشىك ياققا يۈگۈردۈم.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

(بېشى 11-بەتتە)

ئۇياق-بۇياقتىن رەڭگا رەڭ تاغ گۈللىرىنى تېرىپ كېلىپ، قەبرە توپىسىغا سانجىپ قويۇشتۇق. مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭغا قارىغىنىمدا ئاق ئات بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن ئاشۇ كۈنلەر ئېسىمگە كېلىدۇ.

دولقۇن، خېتىمنى مۇشۇ جايدا ئاخىرلاشتۇراي، سۆزلەپ بەرگەنلىرىمدىن لايىق كۆرسەڭ يېزىقچىلىق ئىشلىرىڭدا پايدىلىنارسەن.

* * *

ساۋاقدىشىمنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بولۇپ مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىر ئېسىمگە كەلدى:


قەبرىگە كۆمۈلگەن شەرەپلىك بىرجان،
ئەمەس ئۇ ئۇلۇغ زات، نەسلىدۇر ھايۋان.
ئۆتكۈسى سەپداشلار قەبرىنى يوقلاپ،
قىلغاچقا بۇ قەبرە تۇرمۇشنى بايان.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

مەتىمىن شىپە

# ئۆگەمەس جىدەل

(ھېكايە)





ئابلىزنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئولتۇرۇشقانىدى. ئوستۇرا كۆرمىگىلى ئۈچ كۈن بولغان ساقىلى ئاپئاق ئاقارغان، چاچلىرى چارلاشقان ئابلىز ئاخشامقى ئولتۇرۇشتا ھاراقنى كۆپ ئىچكەچكىمۇ، بۇغداي ئۆڭ چىرايى كۆكىرىپ كەتكەندەك، قاپاقلىرى ئىششىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بۇ ئائىلىدىكى بىر تاللا ئوغۇل ۋە تۆت بالىنىڭ كەنجىسى بولغان كۈرەشجان ئولتۇراتتى. ئۇمۇ ئاخشام بىر دوستىنىڭ ئۆيىدە ئېلېكترونلۇق ئويۇنغۇچ ئويناپ، يېرىم كېچىدە كىرىپ ياتقاچقا قىزىرىپ قالغان كۆزلىرىدىن ئۇيقۇغا قانمىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ چاي ئىچىۋېتىپ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئاۋازلىق كېكىرىۋىدى، ئۇنىڭ يېنىدىكى بەش ياشلىق جىيەن سىڭلىسى ئىقبال يېنىدىكى مومىسىغا قاراپ:

— موما، موما قارا، ئاكامنىڭ قېلىنلىقىنى! — دېدى ۋە «ئىزا تارتمامسەن؟» دېگەنچە قىلىپ، تاغىسىغا قاراپ تىلىنى چىقىرىپ قويدى.

ئىقبالنىڭ شۇ بىر سۆزى بىلەن جىمجىتلىق بۇزۇلدى. ئالدى بىلەن تۆت بالا تۇغۇپ چوڭ قىلغان، ئۈچ قىزىنى تالالىق قىلىپ، بەش نەۋرە كۆرگەن جاناخان قايناپ كەتتى:

— ھوي، تىلىغا كۆيدۈرگۈ چىققۇر، مېنى «موما» دېمە دەپ شۇنچە ئۆگەتسەم... ماۋۇ قۇلاق گەپ ئاڭلامدۇ، يوق-ھە؟ — ئۇ شۇنداق دەپ، نەۋرىسىنىڭ قۇلىقىنى تارتىپ قويدى، — مېنى «موما دە» دەپ كىم ئۆگەتتى ساڭا؟ دېگىنە، مەن شۇ ئەسكىنىڭ ئەدىبىنى بىر بېرىپ قوياي...

ئەركە چوڭ بولغان قىز ئۈچۈن شۇمۇ يېتەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزى ئۈمچەيدى، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى-دە، ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئاق سېرىق مەڭزىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان ياش تامچىلىرى جاناخانغا تەسىر قىلمىغاندەك ئىدى.

— ئەمدى مېنى موما دېگۈچى بولما، ئۇقتۇڭمۇ؟ يەنە موما دەيدىغان بولساڭ، گەپ ئاڭلىمىغان قۇلىقىڭنى يۇلۇپ، قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويىمەن...

ئىقبال تېخىمۇ ئۈنلۈك يىغلاشقا باشلىدى.

جاناخاننىڭ دوقلىرى بىلەن ئىقبالنىڭ
يىغىسى ناشتىنىڭ كەيپىنى بۇزدى. جىيەن
سىڭلىسىغا ئىچى ئاغرىپ كۆرەشچان ئۇنى
بەزلەشكە باشلىدى:

— ئاپئاق سىڭلىم، بولدى يىغلىما.
بۈگۈن سېنى باغچىغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ
كېلىمەن، ماڭا قارا... ھەدەمنى ئۇرۇپ
بېرەيمۇ بولمىسا؟

ئابلىز ئايالىغا كايىدى:

— يائاللا خوتۇن، ئۆزۈڭنى قاچانغىچە
كىچىك چاغلاپ ئۆتەرسەن-ھە؟ تۆت
بالاڭنىڭمۇ ئۆزۈڭنى ئاپا، دېگۈزمەي چوڭ
قىلدىڭ. بەش نەۋرەڭ چوپچوڭلا بولۇپ
قالدى، ئۇلار موما، دېسە قېرىپ كېتەرسەن-
مۇ؟ ئاپا، دېسە ياشىرىپ قالدىغاندەكلا
قىلىپ كېتىسەنغۇ زادى. ئەمدى ئىزا
تارتساڭ بولارمىكىن، چېچىڭنى ئىككى كۈندە
بىر بوياپ يۈرگىنىڭ بىلەن بەش نەۋرە
كۆرگەن مومايسەن.

— مومايلىقىمنى چىشلەپ تارتىمىغان
سىز قالدىڭىزمۇ ئەمدى؟ — جاناخان
ئابلىزغا ھۆرپەيدى، بوياپ قارايتىلغان
ۋە بۇدۇر قىلىنغان چاچلىرىنى سىلاپ
قويدى، — ھېچقايسى نەۋرەمگە ئۆزۈمنى
موما دېگۈزمەيمەن، قانداق قىلاتتىڭىز؟

— نېمە دېسە ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

— ئوخشاش ئەمەس، مەن تېخى
موما دېگۈدەك ياشتا ئەمەس. ئۇقۇپ
قويۇڭ، ئەمدى قىرىق بەشكە كىردىم.

— راست دەيسەن، سەن ئەمدىلا
ئون سەككىز ياشقا كىردىڭ، — دېدى
ئابلىز تەنە قىلىپ، — چوڭ قىزىڭ ئوتتۇز
ئىككى ياشقا كىردى. ئەتە-ئۆگۈن تەشكىل -

سېنى پېنسىيىگە چىقارسا، شۇ چاغدا
كۆرىمىز نەچچە ياشقىڭنى.

— ئاغزىڭغا تاش ئىلاھىم...

جاناخان شۇنداق دېدى-دە، قولدىكى
چوكىنى ئابلىزغا ئاتتى. ئابلىز ئىتتىكلا
ئېڭىشىۋالغانىدى، چوكا بېشىدىن ھالقىپ
ئۆتۈپ كەتتى. ئابلىز بىشەم ئايالىغا قەھرى
بىلەن تىكىلدى، ئۇ غەزەپلەنگەنىدى.
جېدەل چىقىشىغا كۆزى يەتكەن كۆرەشچان
ئورنىدىن تۇرۇپ، ئانىسىغا ھومىيىپ قاراپ
قويۇپ چىقىپ كەتتى، ئىقبال كۆڭۈللۈك
تاماشا بولۇشىنى سېزىپ تۇرغاندەك بىردە
مومىسىغا، بىردە بوۋىسىغا كۈلۈمسىرەپ
قارايتتى. ئابلىز ھېلىمۇ ئايالىغا مىختەك
قادىلىپ تۇراتتى، ئۇ جاناخاننى سەت
تىل بىلەن ھاقارەتلىشىمۇ ياكى ھەر
قاچانقىدەك چىنىنى ئۇنىڭ بېشىغا ئېتىشىمۇ
مۇمكىن ئىدى. شۇنداق قىلمىغىدى، دەپ
ئەنسىرەپ قالغان جاناخان دائىملىق
ئۇسۇلىنى ئىشقا سېلىپ يىغىنى سالدى:

— مېنى نەۋرىلىرىم موما دېسە،
خۇشاللىقتىن بېشىڭىز ئاسمانغا تاقىشار،
مېنى تەشكىل پېنسىيىگە چىقارسا گۈلقە-
قەلىرىڭىز ئېچىلىپ كېتەر... قوشنىلىرىمنىڭ
غەيۋەتلىرى يەتمىگەندەك سىز قالدىڭىزمۇ
يېشىمنى سۈرۈشتە قىلىدىغانغا...

جاناخاننىڭ ئۇسۇلى كارغا ياردى.
ئابلىز پەيلىدىن ياندى. ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك
تىنىپ قويۇپ:

— تووۋا ماۋۇ خوتۇننى... — دېگىنىچە
تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەكتي، — تووۋا قىلدىم
خۇدايىم، ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى
تۈگىمەيدىغان قانداق جېدەل بۇ...

ئۇ كاستۇمنى يېپىنچاقلىغانچە بالكونغا چىقىپ كەتتى.

بۇنداق كۆڭۈلسىزلىك ئۇلارنىڭ تۇنجى قىزىنىڭ تىلى چىقاي دېگەندە باشلانغانىدى.

ئابلىز ھەممە ئاتا-ئانىلارغا ئوخشاش تۇنجى پەرزەنتىدىن قەۋەتلا سۆيۈنۈپ كەتتى، ئۇنىڭ تېزرەك مېڭىشىنى، تىلى چىقىشىنى ئارزۇ قىلدى، بىكار بولسىلا ئۇنى ئوينىتىپ، «دادا دە قوزام، ئاپا دە بالام...» دەيتتى. جاناخانمۇ تۇنجى بالىسىدىن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قىز بولۇپ [illegible]غىنىدىن ئابلىزدىن بەكرەك خۇشال ئىدى. ئەمما، نېمىشقىدۇر قىزىنى «ئاپا دېمە بالام، ھەدە دە مېنى...» دەپ مەجبۇرلايتتى. مۇشۇ ئىش توغرىسىدا ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدا خېلى قاتتىق-يىرىك گەپ-سۆزلەر بولدى. ئابلىز «ئۆزۈڭنىڭ قارنىنى يېرىپ چىققان بالا بولغاندىكىن ئاپا دېگۈزسەڭ نېمە بولىدۇ؟» دەيتتى. لېكىن، جاناخان ئۇنىڭ سۆزىگە دەرھال قارشى چىقاتتى: «ئاپا دېمەيدۇ، ھەدە دەيدۇ مېنى، مەنمۇ ئاپامنى ھەدە دەپ چوڭ بولغان... ئۇ مېنى ئاپا دېگۈدەك ياشتا ئەمەسمەن...»، «قارا دەۋاتقان گېپىڭنى، دەيتتى ئابلىزمۇ تېرىكىپ، — ھوي، ئۇ ئۆزۈڭنىڭ بالىسىغۇ، سېنى ئاپا دېگۈدەك ياشتا بولماي كىچىكمىدىڭ يا؟ بۇ يىل يىگىرمە بىر ياشقا كىرگىنىڭنى ئۇنتۇما!...»، «نېمە، بۆشۈكۈمنى سىز تەۋرەتكەنمىدىڭىز، نەچچە ياشقا كىرگىنىمنى نېمە بىلىسىز؟...» جاناخان شۇنداق دەپلا يىغىنى باشلايتتى.

بۇنداق جېدەل مانا ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى تۈگىگىنى يوق، ئۇلار ئاشۇنداق جېدەل بىلەن تۆت بالىنى بېقىپ قاتارغا قوشتى، ئۈچىنى تالالىق قىلدى. ئەمما، جاناخان ھېچقايسى بالىسىنى ئۆزىنى ئاپا دېگۈزمەي چوڭ قىلدى، نەۋرىلىرىنىڭمۇ ئۆزىنى موما دېيىشىگە يول قويمىدى. بۇ ھال ئابلىزغا چېكىدىن ئاشقان بىمەنىلىك بولۇپ تۇيۇلاتتى.

ئابلىزنىڭ ئاغزىدىن سائەت چىقىپ كەتكەنمۇ، قانداق، ھېلىقى كۈنى ناشتىدىكى جېدەل بولۇپ بىر ئاي ئۆتمەي جاناخان پېنسىيىگە چىقىرىلدى، چۈنكى ئۇ ئەللىك بەش ياشقا كىرگەنىدى.

ئىدارىسىنىڭ سىياسىي باشقارما باشلىقى جاناخانىنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، پېنسىيىگە چىقىرىلغانلىقىنى ئۇقتۇرغان كۈنى ئۇ چۈشتە ئۆيىگە ناھايىتى خاپا ھالدا قايتىپ كەلدى. ئىشتىن ئەمدىلا قايتىپ كېلىپ، چاي قايناتماقچى بولۇپ تۇرغان ئابلىزغىمۇ قاپاق ئاچمىدى، گەپ-سۆزمۇ قىلمىدى، ياتاق ئۆيىگە كىردى-دە، كاستۇمىنى سېلىپ، كارىۋات ئۈستىگە پىرقىرىتىپ تاشلىدى. ئابلىز ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراپ قويدى.

— نېمە بولدىڭىز، بىرى بىلەن دېيىشىپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى ئاخىر.

جاناخان جاۋاب بەرمىدى، ئابلىزمۇ قايتا گەپ قىلمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭغا يەنە گەپ قىلسا، باشقىلاردىن ئالالمىغان دەردىنى ئۆزىدىن ئېلىپ ئاغزىنى بۇزۇشى ياكى يىغلاپ جېدەل قىلىشى تەبىئىي ئىدى. ئاخىر ئۇ ئايالى بىلەن كارى بولماي چاي

قايناتتى، داستىخاننى راسلاپ ئايالىنى چاقىردى:

— هەي، كەل چاي ئىچ، خاپا بولغۇرگەننىڭ پايدىسى يوق.

يەنە سادا بولمىدى، ئابلىز ياتاق ئۆيگە كىرىپ، جاناخاننىڭ دۈم ياتقىننى كۆردى.

— نېمە بولدى هوي ساڭا، چاي تەييار قىلدىم دەۋاتىمەن...

جاناخان يەنە زۇۋان سۈرمىدى، گويا ئۇخلاپ قالغاندەك ئىدى، قىمىرلاپمۇ قويمىدى. ئابلىز ئىلاجسىز ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ چاي ئىچتى.

ئابلىز ئايالىنىڭ نېمىگە شۇنچە چىچىلىپ، كوتۇلدىشىنىڭ سەۋەبىنى ئاخشىمى ئۇقتى. ئۇققاندىمۇ ئايالىنىڭ ئۆزىدىن ئەمەس، كەنجى قىزىدىن ئۇقتى، قىزى ئانىسىنىڭ پېنسىيىگە چىققانلىقىنى ئېيتىۋىدى، ئابلىز ئايالىغا:

— شۇنىڭغىمۇ شۇنچە خاپا بولغان بارمۇ؟ چۈشتىكى ئەلپازىڭغا قاراپ، بىرەرى بىلەن سوقۇشۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن تېخى.

— پېنسىيىگە چىقسام خۇش بولسىز بىلمەمەن، چۈنكى مېنى قېرىتالماي يۈرگەنتىڭىز، ئەمدى مۇرادىڭىزغا يېتەرسىز.

— قارا تەتۈرلۈكۈڭنى... پېنسىيىگە چىق، دېسە خۇش بولۇپ چىقىش كېرەك، يېشىڭ توشقاندىكىن ئەلۋەتتە پېنسىيىگە چىقىرىدۇ-دە.

— نېمىگە توشۇپتۇ يېشىم، نېمىگە؟ قېنى دەڭا، نېمىگە توشۇپتۇ؟ — جاناخان شۇنداق دېگىنىچە ئابلىزنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى، — دېگىنە، نېمىگە توشۇپتۇ يېشىم؟ هە دېسە «سېنىڭ يېشىڭ، سېنىڭ يېشىڭ...» دەيسەنغۇ، بەك قېرىپ كەتكەن بولسام، خېتىمنى بېرىپ، ياش خوتۇندىن بىرنى ئېلىۋال بولمىسا.

قىزى ئارىغا چۈشتى:

— هەدە، بولدى، بولدى قىلىڭ، ئەمدى جېدەللەشمەڭلار يارىشمايدىكەن سىلەرگە...

بۇۋىسىنىڭ تىزىدا ئولتۇرغان جۇرئەت ئانىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ قىزىقلا گەپ قىلدى:

— ئاپا، داداڭنى ئۇرما...

بۇ سۆزدىن ئابلىزمۇ، قىزىمۇ تەڭلا كۈلۈپ كەتتى، ئەمما نەۋرىسىنىڭ سۆزىنى ئېنىق ئاڭلىيالمىغان ياكى ئاڭقىرالمىغان جاناخان باشتا جۇرئەتكە هومىيىپ قاردى، قىزى: «ۋىيەي، ماۋۇنىڭ دەۋاتقان گېپىنى، ‹ئاپا، داداڭنى ئۇرما› دەيدا...» دېگەندىن كېيىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ نەۋرىسىنىڭ سۆزىدىن سۆيۈنۈپ كەتكەنىدى، شۇڭا، خۇشاللىقىنى باسالماي قالدى:

— ئاڭلىدىڭىزمۇ نەۋرەمنىڭ سۆزىنى؟ ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا «سېنىڭ يېشىڭ، سېنىڭ يېشىڭ...» دەيسىز، مېنى ئۆزىڭىزگە ئوخشاش قېرىپ كەتتى، دەپ ئويلايسىز تېخى، ئاڭلاڭ نەۋرەمنىڭ نېمە دېگىنىنى...

ئابلىز ئۇنىڭ سۆزىگە ئېتىبار قىلمىدى. ئەمما، ئارىدىن بىرھەپتە ئۆتكەندە ئۇ ئۈچەيى ئۈزۈلگۈدەك كۈلىدىغان سۆزنى

يەنە شۇ جۇرئەتتىن ئاڭلىدى.

ئۆيدە يالغۇز قېلىپ زېرىككەن جاناخان جۇرئەتنى بېقىپ بېرەي دەپ يەسلىدىن چىقىرىپ ئەكىلىۋالغانىدى. ئابلىزمۇ ئاخشاملىرى نەۋرىسى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇنى ئەركىلىتەتتى، ئوينىتاتتى، جۇرئەت مومىسىنى «ئاپا!...» دەپ چاقىرسا، ئۇ بەزىدە ئوينىشىپ: «ئاپا دېمە بالام، موما دە، ئۇ سېنىڭ موماڭ...» دەپ قوياتتى. دېمىسىمۇ جاناخان پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن لەسىدە بولۇپ، قېرىپلا كەتكەنىدى. ئۇ تالا-تۈزگە ئانچە چىقمىغاچقا پەرداز قىلىشنىمۇ قويدى، نەتىجىدە يۈزىدىكى قورۇقلار مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپلا قالدى. بوياقسىز لەۋلەر، قارا يېتىلمىغان قاش، سۇرمە سۈرۈلمىگەن كىرپىكلەر، بويالمىغان چاچلار، ئۆي ئىچلىك كىيىم... ئۇنى باشقا بىر ئايال قىلىپ قويغانىدى.

بىر ئاخشىمى ئاشخانا ئۆيدە تاماق قىلىۋاتقان جاناخان گاز تۈگىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىڭ، دەپ ئابلىزنى چاقىرىۋىدى، مېھمانخانىدا تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان ئابلىز ئاڭلىمىدى، مومىسىنىڭ كەينىدە ئەگىشىپ مېڭىپ يۈرگەن تۆت ياشلىق جۇرئەت ئۇنىڭ ئۈچۈن مېھمانخانىغا كىرىپ، بوۋىسىنى چاقىردى:

— بوۋا، سېنى موماڭ چاقىرىدۇ...

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئابلىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. جاناخان ئۇنىڭ نېمىگە شۇنچە ئۇزاق، ھۇزۇرلىنىپ كۈلگەنلىكىنى بىلگەندە ئاۋال نەۋرىسىگە دوق قىلدى، ئاچچىقلىدى، كېيىن ئابلىز بىلەن جېدەللەشتى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاق ئىت كىرىپ، قارا ئىت چىقتى. ئىككى چىنىنى ئېتىپ چۇل-چۇل قىلىۋەتتى. شۇنىڭدىنمۇ دەردى چىقماي، ئاخىر دەردىنى كۆز يېشىدىن ئالدى. يىغلىغاندىمۇ يېرىم كېچىگىچە يىغلىدى.

**مەسئۇل مۇھەررىر ئالمىجان ئىسمائىل**

جاببار ئەمەت

# بولسام ئەگەر يۈكسەك بىر قىيا

## كەلدى باھار

باھار يەنە كەلدى زەيتۈن تون كىيىپ،
خۇمار كۆزلىرىنى جىلۋىلىك قىسىپ.
باھار يامغۇرىدا كۆلدى مايسىلار
بويىنغا ئۈنچە ۋە مەرۋايىت ئېسىپ.

باشلاپ كەلدى ئىللىق باھار شامىلى
رەڭگارەڭ، خۇش پۇراق باھار پەسلىنى.
بۇلبۇللار گۈللەرنىڭ قۇچتى ۋەسلىنى،
باھار ئەيىامىغا بولغاندا نېسىپ.

قايتىشتى تۇرنىلار كۈمۈش قاناتلىق،
قارلىغاچلار ئۇسسۇلغا چۈشتى سۇمباتلىق.
باھار بەخش ئەتتى دىللارغا شادلىق،
قۇياشتىن نۇر ئەمگەن يەر-جاھان ئىسسىپ.

جانلاندى ھەممە ياق باھار تويىدا،
تەبىئەت شۇنچىلىك بولدى ئۈز-زىبا.
مەجنۇنتال شادلىقتىن دەريا بويىدا
سۇمبۇل چاچلىرىنى يايدى ئېڭىشىپ.

ئويغاتتى باھارنىڭ نەشئە-ناماسى،
جاراڭلاپ نورۇزنىڭ نەغمە-ناۋاسى.
ئەمگەك ناخشىسىنىڭ جۇشقۇن ساداسى
قاپلىدى ئەتراپنى ياڭراق ئۈن ھېتىپ.

باھاردىن زوقلىنىپ كۈلدى كائىنات
باھاردا جانلىنىپ ياشنىدى ھايات.
ئادەملەر قەلبىدە شادلىق قاتمۇقات.
باھار ھاۋاسىدىن خۇش نەپەس ئېلىپ.

## ئادا بولماس باللىق قەرزىم

بولسام ئەگەر بىر ئەركىن دەريا.
ۋادا بويلاپ توختىماي ئاقساھ.
بولسام مەن ئاي ياكى سۈرەييا.
كۆكتىن ئەركىن زېمىنغا باقسام.
بولسام ئىللىق باھار شامىلى،
چىمەنلەرگە باغرىمنى ياقسام.
ئېچىلدۇرۇپ ئېسىل گۈللەرنى،
دوستلىرىمنىڭ كۆكسىگە تاقسام.
نۇرلاندۇرۇپ ئانا يۇرتۇمنى،
تەۋسىپىنى ھەريان تاراتسام.

ئادا بولماس باللىق قەرزىم،
تۈمەن-تۈمەن داستان ياراتسام.

## ئانام قەبرىسى ئالدىدا

مېھرىبانىم، جانىجان ئانا،
يوقلاپ بارسام قەبرەڭگە بۈگۈن؛
بولۇپ مېھرىڭ گويا بىر دەريا
چېچەك ئاچتى قەلبىمدە گۈلگۈن.

ساڭا بولغان سېغىنىشلىرىم
بۇلۇت بولۇپ تۆكتى ئاق يامغۇر.
قەبرەڭ كېزىپ ئۇچقۇر ھېسلىرىم
ئۇچتى ھەريان شامالدەك غۇر-غۇر.

ساڭا ئاتاپ تىككەن قىزىلگۈل
ياشىرىپتۇ قەبرەڭ ئۈستىدە.
ئېچىلىپتۇ خۇش پۇراق سۇمبۇل،
ئىپار چېچىپ ھەريان گۈپپىدە.

تىكىپ قويغان جىگدە كۆچىتىم
سايە تاشلاپ تۇرۇپتۇ ئەنە.
خۇددى سەندەك قىلىپ تەبەسسۇم
ئېچىلىپتۇ كۈمۈش رەڭگىدە.

ئاھ ئانا، دەپ تىزلاندىم شۇ چاغ،
كۆز ئالدىمدا نۇرلاندى چېھرىڭ.
سەن ياققاندەك گويا نۇر چىراغ،
يۈرىكىمگە تارالدى مېھرىڭ.

1995-يىل ئاۋغۇست، خوتەن

## سېلىشتۇرۇش

ئاسمان بىپاياندۇر، قۇچاقلىرى كەڭ،
ئاي ئۈزەر بەسلىشىپ يۇلتۇز بىلەن تەڭ.
دېسەم، قانداق گۈزەل يۇلتۇزلۇق ئاسمان؟
دېدىڭ: جامالىمغا يەتمەيدۇ، ئەتتەڭ.
ئاسمان گۈزەل دېسەم، سەن ئاندىن گۈزەل،
ئاي، يۇلتۇز شەنىڭگە ئوقۇيدۇ غەزەل.
قۇياش كۆتۈرۈلدى ئالتۇن نۇر چېچىپ،
ئالەمگە گۈزەللىك پەردىسىنى ئېچىپ.
چىقىپ كەلدىڭ سەنمۇ قۇياش مەسەللىك،
ئىشق ئوقياسىنى باغرىمغا ئېتىپ.
قۇياش نۇرلۇق دېسەم، سەن ئاندىن نۇرلۇق،
مېھرىڭنىڭ ئاپتابى شۇنچە ھوزۇرلۇق.

چېچەكلەر چېھرىدە شادلىق كۈلكىسى،
بوستانلار ھۆسنىدە ياشلىق جىلۋىسى.
چاچلىرىڭ مەجنۇنتال، كىرپىكىڭ بوستان،
سەن قايسى جەننەتنىڭ ھۆرمەلىكىسى؟
بوستان گۈزەل دېسەم، سەن ئاندىن ئارتۇق،
ھەممە گۈزەللىك ساڭا قىلىنغاچ تارتۇق.

1995-يىل، 5-سېنتەبىر

## قىسقا شېئىرلار

1

سېغىنغاندا ھەر يىلى نورۇز
گۈل باھارنى باشلاپ كېلىدۇ.
ھەمەل بۇرجى مارسنى ئېلىپ،
ھۆتنى ئارتقا تاشلاپ كېلىدۇ.
باھار بىلەن قەلبىمۇ گويا
يېڭىباشتىن ياشناپ كېلىدۇ.

2

مۇشەققەتنىڭ يولى بەك يېقىن،
لېكىن يىراق بەختنىڭ يولى.
ئىزدىمەكچى بولساڭ بەختنى
قاتمۇقات تاغ ئۇنىڭ سىمۋولى.
بولسا ئەگەر ئىرادەڭ مەھكەم،
كۆرۈنگەن تاغ ئەمەستۇر يىراق.
گەر بولمىسا سەئيي-ئىجتىھات،
يېتەلمەيسەن ئۇنىڭغا بىراق.

3

يېنىپ-يېنىپ ئىشقىڭدا شامدەك،
جىسمىم گويا ئايلاندى سۇغا.
ھىجرانىڭدا بولۇپ پەرۋانە،
قەلبىم ئەبەد باغلاندى ساڭا.
قالدىم ھىجران دەشتىدە تەنھا،
كىم بېرەركىن تەسەللى ماڭا؟

4

قول سىلكىتىپ خوشلاشقاندا مەن،
يۈرەك-باغرىم بىللە سىلكىندى.
يوللىرىڭغا قاراپ، تەلمۈرۈپ،
كۆزلىرىمنىڭ نۇرلىرى تىندى.
سەن بولمىغاچ يېنىمدا مېنىڭ،
بىركۈن ھەتتا بىر يىل بىلىندى.

1996-يىل، 27-فېۋرال

**ئۆمەر ئوسمان شىپاھى**

# دېھقان مۇقەددەس

دېھقان سېخىي،
پۈتمەس بىر بۇلاق،
ئاقسا كۈن-تۈن سۈيى ئۈكسىمەس.
يېتۈك شائىر
سۆزى بىبوياق،
ئۆمۈر بويى كۈيى تۈگىمەس.
كۆزى ئۆتكۈر
گويا بۈركۈتتەك،
سۇ تۇتقاندا ئايدىڭ ئىزدىمەس.
ئۈمىد ياشنار
ئىشەنچ بابىدا
دېھقان تەييار تاغ يۆتكەشكە دەس!
دېھقان بولغاچ
ئىرپان ۋە ئالىم
غەم-قايغۇسىز ئالار ساپ نەپەس.
دېھقان قۇياش
ھايات تەلمۈرۈپ
كۈنگە باققان بىر ئاپتاپپەرەس.
ئىشچانلىقى ھۆسنىگە جۇلا،
قۇت ئىگىسى — دېھقان، دېسەم بەس...

مۇھەممەت كامال (خۇشخۇي)

# قىسسە سۆزلەپ كېلىدۇ خىزىر

## ناۋاي

قومۇرۇلسا تونۇرۇڭدىن ئاي،
ئىشتىھالار ئۇچىدۇ پىر-پىر.
ئاشۇ ئاينىڭ ئىچىدىن دېھقان
قىسسە سۆزلەپ كېلىدۇ بىر-بىر.

مېھمان چىللاپ ياڭراتقان ناخشاڭ
بىر گۈزەل كۈي، گۈزەل كۈي گويا.
خېرىدارغا قىلغان ئەقىدەڭ
قەلبلەرگە چاچار نۇر-زىيا.

ئېھ، ئۇياتچان ئاشۇ گىردەڭنى
ھەيران بولما، يۈرەككە سىزسەم.
تاشقىنلايدۇ دىلدا ھاياجان،
يېمەك تۆگۈل ھەتتا بىر كۆرسەم.

* *

قومۇرۇلسا تونۇرۇڭدىن ئاي،
ئىشتىھالار ئۇچىدۇ پىر-پىر.
ئاشۇ ئاينىڭ ئىچىدىن دېھقان
قىسسە سۆزلەپ كېلىدۇ بىر-بىر.

## سەھرا قىزى

ئېلىپ كېتەي دېسەم شەھەرگە
جەننىتىڭگە قىيامسەن جەزمەن؟

ئەگەشكەنچە كەينىڭدىن يىغلاپ
ئوماققىنا ئۇن ياشلىق سىڭلىڭ
قىلسا ساڭا راسا پوپوزا:
كەتسەڭ چوقۇم دادامغا دەيمەن.

بېغىڭدىكى ئوسمىلىق ئېتىز
ئۆزىتىشقا چىقارمۇ بىزنى؟
ساڭا كۆيۈپ يۈرگەن يىگىتلەر
بۇرۇتىنى يۇلۇپ بىرمۇ بىر
چىراينى قاپلارمۇ ئەلەم؟
يىتتۈرگەنگە سەندەك ئۈز قىزنى.

سەن قويۇڭغا ئوت-چۆپ ئالغان قىر
ساڭا بوتناپ، ماڭا خويلىنىپ
ئوتلىرىنى يىتتۈرەرمىكىن.
ھەممىدىن بەك يامان بولغىنى
كەتمەي قويساڭ ماڭا ئەگىشىپ،
مېنى ئىشقىڭ كۆتتۈرەرمىكىن.

قالسا ئورغاق ئەگەر مۇڭسىراپ
ھۆددە يېرىڭ قالارمۇ قېپداپ؟
يوق شەھەردە جىگدە يىلمى
ئۇنتۇمىغىن ئېلىۋېلىشنى.
ئۇيۇلغىنى ھېچبىر ئىش ئەمەس
جىگدىلەرنىڭ «كۆزى» ئال چىداپ.

شىپاھ تاپسا ئوتتا كۆيگەن تەن،
سەھرا قىزى، سەھرانىڭ قىزى.

شىپا تاپماس ئىكەن ئىشقتا
زەخىملەنگەن «جاراھەت» ئىزى.

سەن پەرۋاسىز يۈرگىنىڭ بىلەن
يۈرىكىڭدە سۆيگۈم يىلتىزى.

## دېھقان

2

ئىپار يۇتۇپ، ئىپار تۇزۇتۇپ
خىزىر كېلەر سەھرا يولىدا.
تەڭرى بەرگەن شۇ قىممەت گۆھەر
ئالماس بىسلىق كەتمەن قولىدا.

تورۇكلايدۇ ئايىغ - پايىدا
ئۇيۇق بويلاپ يېپىلغان تىلەك.
قۇياش تۇزۇپ كەتكىلى نىكەم
بىراق ئۇچۇ ئېتىزدا ھەلەك.

ئالقان ئاتلىق يېرىق پىچلاردا
نەچچە قۇياش تۈگىدى كۆيۈپ.
لېكىن ساددا ئاشۇ بۈيۈك زات
قەلب ئۆيۈمگە كەلمەكتە كۆچۈپ.
مەن خىزىرنى قالدىم چىن سۆيۈپ.

## غەزەللەر

1

ئۆزگىلەردىن سىر ئېلىپ بەرگەنلەردىن ھېزى بول،
چاپىنىڭنىڭ قىلىنى تەرگەنلەردىن ھېزى بول.
نەپكە كەلسە بەزىلەر بىر - بىرىنى ئۇۋلايدۇ،
ئاشۇ ئۇۋدا ئاتالغان «مەرگەن» لەردىن ھېزى بول.
دەسسەتمىسۇن بىخۇدلۇق قاپقىنىغا ئۇ سېنى،
يەمچۈك ئۈچۈن «دان» چېچىپ كەلگەنلەردىن ھېزى بول.
يېشىك بىلەن گاھىدا سايدا تۈگمەن چۆرگىلەر،
سەن يىغلىساڭ ئەكسىچە كۈلگەنلەردىن ھېزى بول.
پايدا كۆرسەڭ ھەمشىرىك، زەخمە تىلەرگە يولۇقساڭ
سېنى ياتلار قاتارى بىلگەنلەردىن ھېزى بول.
ئالاردا سېنىڭدىن چېھرى گۈلگۈن، سۆزى بال،
بېرەر چاغدا قاپاقنى تۈرگەنلەردىن ھېزى بول.
سېنى كۆيلەپ يۈزۈڭچە ئۆزۈڭدە يوق رەڭ بىلەن،
يوق يېرىڭدە بوھتان قىپ يۈرگەنلەردىن ھېزى بول.
كەيپىلكتە خۇمارى ئۇسسۇل، تانسا سېغىنسا،

سىنى ئۇسسۇل ئويناتسپ كۆرگەنلەردىن ھىزى بول.
خۇشخۇي ئۆزۈم ساقلىناي دېسەڭ شۇنداق ئادەمدىن،
رەقىبىڭگە سىرىڭنى دېگەنلەردىن ھىزى بول.

2

قولۇڭدىن زەررە ئىش كەلمەس، ئۆزۈڭنى ئايدا چاغلايسەن،
ئۆزۈڭدىن باشقىنى، ئەپسۇس، تامامەن لايدا چاغلايسەن.
بىراۋنىڭ كەبىنىدە قارغاپ، يۈزىچە يىپ ئېشەلمەستىن،
ھەسەت ئوكيانىغا شۇڭغۇپ، ھەسبەتنى پايدا چاغلايسەن.
بىراۋلار جەڭگە ئات سالسا، مىنىپ توپاققا ئەگەشكەن
تۇرۇپ، ئەمما ئۆزۈڭنى بىر ئۇچقۇر تايدا چاغلايسەن.
يېنىپتۇق گۆش، پولۇدىن دەپ ئۇماچ تۇرسا قازانىڭدا،
ئاتارسەن پونى ياغلاپلا بۇرۇتنى مايدا، چاغلايسەن.
غېرىچ ئۆگزەڭگە چىققاندا ئەرشئەلاغا چىقتىم دەپ،
كۆرۈپ دوستۇڭنى سەن پەستە چۆلى-غىڭسايدا چاغلايسەن.
يولۇچى ئىچسە دەريادىن، ئىچەر لاي سۇ دىبان چاغلاپ،
ئۆزۈڭنى چەينىكى تولغان لەزىز-قەنت چايدا چاغلايسەن.
سېنىڭ شۇنداق رەزىل پەيلىڭ تۆپەيلى كۆينى توختاتتى،
كى بۇلبۇلدەك يېقىملىق سۆز، زېرەك ھەرجايدا، چاغلايسەن.
بىرىنى، ئۇسسۇگەك، مۆڭگەك، بۇ خۇشخۇي ئورنىمۇ پەگا،
دېسەڭ، ئېيتقىن ئۆزۈڭنى ھەي! ھامانە قايدا چاغلايسەن؟

3

چاڭقىساڭ زەمزەم بولايكى شەۋكىتىم-شانىم ئانا،
ئىللىتاي يالقۇن بولۇپ گەر توڭلساڭ جانىم ئانا.
قاتقۇچە سەپكە مېنى تۈنلەردە ئۇيقۇڭ كەلمدى،
سەن يېتىپ داق يەردە، بولدى كۆرپىدە يانىم ئانا.
كىرگۈدەك بولسا تىكەن ئالدى چوقۇپ كىرپىكلىرىڭ،
خۇشلۇقۇم ئالەمشۇمۇل دەردىمگە دەرمانىم ئانا.
بىركېچە بەرگەن سۈتۈڭچۈن بىر ئۆمۈر يۈرسەم يۈدۈپ،

بولمىغاي قەرزىم ئادا غېمىگە غەمخانىم ئانا.
ئۆزگىلەر ماختانسا مەيلى تاغ كەبى مۈلكى بىلەن،
سەن ئۆزۈڭ قەلبىمدە ئالتۇن-زەرگە باي كانىم ئانا.

4

دىلىمدىن ياقتۇرۇپ سۆيگەن ۋەتەن چولپانىغا ئوخشايدۇ،
ۋەتەنگە ئوقچىغان مېھرىم گويا فونتانىغا ئوخشايدۇ.
ۋەتەن بەردى بەخت-ئامەت، يەنە قوشتى ھۆسن-قامەت،
ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈپ تاپقان بەخت ئۆلتانىغا ئوخشايدۇ.
ۋەتەندەك مېھرىبانىم يوق، ۋەتەندە كۆڭلى-قارىنىم توق،
ۋەتەننى كۈيلىگەن ناخشام تۇمەن داستانىغا ئوخشايدۇ.
ۋەتەننىڭ ئاسمىنى زەر تون، ۋەتەننىڭ تۇپرىقى ئالتۇن،
ۋەتەننىڭ چۆل، دالا، تاغى ماڭا بوستانىغا ئوخشايدۇ.
سوزۇپ پەنجىنى ئەزرائىل، تەلەپ قىلغاندىمۇ جاننى،
ۋەتەننىڭ قوينىدا ياتسام ئۆلۈم سۇلتانىغا ئوخشايدۇ.
ۋەتەنگە جان نىسار ئەتمەي، مۇراد-مەقسەتكە ھەم يەتمەي،
كى خۇشخۇي كەتسە ئالەمدىن ئۆزى شەيتانىغا ئوخشايدۇ.

5

كۆتكىلى قىلغان ئىدىڭ لەۋزە، كېتىپسەن ئالدىراپ،
ۋەدىنى ئىلماي كۆزۈڭگە خار ئېتىپسەن ئالدىراپ.
كەتكىنىڭ ئازدەك تېخى دۆڭگەپ گۇناھنى سەن ماڭا،
بىر ئۆزۈڭنى «ئاق» قىلىپ «نەزمە» قېتىپسەن ئالدىراپ.
سەندىكى ماي سائىتىنىڭ تېزلىكى شۇنداقمىكىن؟
بەش مىنۇتنى كۈن بىلەن تۇنگە چېتىپسەن ئالدىراپ.
ئالدىراپ كەتكەندىكىن مەنزىلگە يەتسەڭ مەيلىدى،
ئەكسىچە تەڭ يولدىلا لايغا پېتىپسەن ئالدىراپ،
بىل، چىقار ئەھدە بىلەن جان-ھور ئېغىزدىن (بۇ ئايان)،
ئەھدىنىڭ نەرخىنى بەك ئەرزان سېتىپسەن ئالدىراپ.

ئەركىن مۇھەممەت كامالى

## ھەر كۈنى بىر باھار ياساۋاتىمىز

بىر سېنى سۆيىمەن دېدىڭ ئىشەندىم،
سۆيىمەن دېمەكمۇ بىر تالاي قىيىن.
قەلبىڭنى بىغۇبار تاغ دەپ چۈشەندىم،
قاپقارا تۈنلەرنى قىلغۇچى ئېيىن.

بىر دېسەڭ بىر دېدىم يېرماي سۆزۈڭنى،
بەرمىدىم كۆڭلۈڭگە تېرىقچە ئازار.
تاۋار دەپ ماختىدىم ماتا - سۆزۈڭنى.
قىلمىدىم ھېچقاچان يوللىرىڭنى تار.

چېكەڭگە گۈل قىستىم سېنى ئەزىزلەپ،
قىلمىدىم سۆيگۈگە ئەسلا خىيانەت.
تۇردۇممەن ھەرقاچان بىر سېنى ئەسلەپ،
جۇش ئۇردى قەلبىمدە ۋاپا - دىيانەت.

ئۇسسۇساڭ سۇ بەردىم بۇلاقلىرىمدىن،
تۈنلەردە بولدۇم ھەم مەن ساڭا چىراغ.
ئايرىلىپ قالسامۇ ئۇلاغلىرىمدىن،
سەن بولغاچ قايغۇدىن تۇردۇم كۆپ يىراق.

ئوخشاتتىم قەلبىڭنى سۇبھىگە - تاڭغا،
بازغان شۇ شېئىرىمنىڭ ھەممىسى سېنىڭ.
تونۇتتۇم مەن سېنى ئەلگە - ئاۋامغا،
قالمىدى ماختاشلار تەگمىگەن يېرىڭ.

سەنمۇ بىر ۋاپادار جانان ئىكەنسەن،
ئاتىدىڭ مەن ئۈچۈن تەبەسسۇمىڭنى.
قىلمىدىڭ ھېچقاچان تەنە ۋە ئاچچىق،
بەزىدە سۇندۇرۇپ قويسام گۈلۈڭنى.

بوپ كەلدۇق مەن ساڭا، سەن ماڭا سادىق،
مىننەتسىز بەختكە ياگرىتىپ ئالقىش.
ھەر كۈنى بىر باھار ياساۋاتىمىز،
ياشىسۇن مۇھەببەت، يوقالسۇن ئالجىش.

نۇرمۇھەممەت توختىنىياز

## شېئىرلار

### كېلىچەك

ئۇيۇق بويلاپ كېتىۋاتىمىز
قانات ياساپ ئۇچقاندەك گويا.
كۆتەر بىزنى چىللاپ قوينىغا،
گۈزەللىككە تولغان بىر دۇنيا.

بارماقتىمىز تاغ - داۋان ئېشىپ،
بىزگە قۇچاق ئاچتى كەڭ يوللار.
ھاياجاندا سوقار يۈرەكلەر،
كېلىچەككە گۈل تۇتۇپ قوللار.

## ئاياللار

ئادەمزاتنىڭ ئانىسى سىلەر،
سېخىيلىقتا مىسالى ھاتەم.
نادىر ئەسەر سىلەر گوياكى،
شۇڭا سۆيۈپ ئوقۇيمىز ھەردەم.

پاك قەلبىڭلار گۈزەل بىر باغدۇر،
قىزغۇنلارنى خالىماس مەڭگۈ.
يۈرەكلەردە ياندۇرار قۇياش
سىلەر سالغان ئىشتىياق سۆيگۈ.

مېھرىڭلاردىن ئىللىيدۇ دۇنيا،
شوخ كۆڭۈللەر چىللايدۇ باھار.
سىلەر بولغاچ ھاياتلىق گۈزەل،
دىلغا قايغۇ يولىماس زىنھار.

ئابدۇشۇكۇر ئابدۇراخمان

## جەڭچى ناخشىسى

پولات مىلتىق قولۇمدا شۇ تاپ،
يىراقلاردا ھامان نەزىرىم.
كۆمۈش قارغا كۆمۈلگەن قىيا
ئىھ، شاھانە تەختىم، قەسرىم.

مەرد يىگىتمەن ئەل-ۋەتەن ئىشقى
يۈرىكىمدە ئوت بولۇپ يانغان.
تاغ ئۈستىدە تۇرىمەن پوستتا،
ۋەتەن ئۈچۈن بولۇپ بىر قالقان.

قارلە يىلىسى، يېشىل قارىغاي
كېچە-كۈندۈز مېنىڭ ھەمراھىم.
ئاتا قىلدى ماڭا جاسارەت
جەڭچى دېگەن شەرەپلىك نامىم.

بولسا ئەل-يۇرت مەڭگۈ تىنچ ئامان،
شۇدۇر مېنىڭ كۆڭۈل شادلىقىم.
قارلىق تاغدا قارىغاي كەبى
ئۆتەر ياشناپ قىران ياشلىقىم.

## يۇرتۇم

دىلىمدىن ئەسسالام دەيمەن قۇياشنىڭ كەپىسى يۇرتۇم،
تۇغۇلغان بۆشۈكۈم، تەختىم، تولۇنئاي مەپىسى يۇرتۇم.
مېنىڭ بۇغداي تېنىم سەندە چېچەك ئاتقان، پىشىپ قاتقان،
ئىمانىم پاكلىقى ھەم سەن ئانامنىڭ كەبىسى يۇرتۇم.
گۈزەللىك ئابىدا گۈلسەن-رەسىدە پەسلى قىزچاقتەك،
تاۋاپ ئەتمەككە خەلقىمنىڭ ئۆزۈلمەس پەتىسى، يۇرتۇم.
سېنى گۈللەشنى ئىستەيمەن، بەخت بەرمەكنى ئويلايمەن،
ھىماتىڭ بىرلە سەنئەتنىڭ سىقىلماس نەپىسى يۇرتۇم.

سۈيۈگىنىڭ جىلۋىسى، سازى — سەبىلەر كۈلكىسى خۇددى
مۇجەسسەم سەندە ئىقباللىق ھاياتنىڭ مەنىسى يۇرتۇم.

ئابلەت ئەخمەت

# يۈرەك بولۇپ يارالغان زېمىن

## ۋېناسقا خەت

قىلىپ قويدۇم بىر يوپكا-كاستۇم
ئىككى مېتر ئەترەڭ سارجىدا.
يالىڭاچسەن دەۋرىمىزگىچە
ملىيارد پۇل بار سىڭلىڭ ساچىردا ①.

ئامال قىلاي چولاق قولۇڭغا،
ئۇستا دوختۇر ۋراچىمىز بار.
ئېلىپ بېرەي شىم، پاپاق، ئاياغ،
ئۇيالسۇن ئۇ تاشلىۋەتكەن يار.

قېرى قىز بوپ يۈرسەن تېخى،
كۆيۈپ ساڭا ئىنىمۇ بويتاق.
قىلىپ بېرەي توپۇڭنى كاتتا،
بوپقېلىڭلار مەڭگۈلۈك قوشماق.

ئۆگىنىپ قوي نومۇس ۋە ئەدەب،
گۈزەللىكمۇ يالىڭاچ يۈرۈش؟
ئۆزگىچىدۇر ئىنسانىي خىسلەت
ھەم بۇ يەردە ھايات كەچۈرۈش.

ئۇيىلسەن كۆرسەڭ زوھرەنى،
كۆكسۈڭ ئارا ئېچىلار بىر يول.
سەن ئەپتىڭنى كۆرگەن شۇ دەقىق،
باياۋانغا قاچسەن ئۇدۇل.

## قار ياغقان كۈنلەردە ئەسلەمسەن مېنى

لەيلدەپ قار چۈشتى شەھرىڭدە بەلكىم،
ئۆكتە بىر قۇچاقلاپ سۆيگەندە سېنى.
ئۇ كۈنلەر باغرىڭدا تۈنىگەن يالقۇن،
قار ياغقان كۈنلەردە ئەسلەمسەن شۇنى؟

كۈتۈشلەر چۆلسىرەپ قالدى ئېھتىمال،
بېكەتلەر سۈرۈلدى قەلبىڭگە قەدەر.
يوللارنىڭ رىتىمى بۇزۇلدى قايتا،
ئاق شارپا ئۇرىغان نۇرانە سەھەر.

قۇرغاندۇ بىرىگە چاڭغا مەيدانى
كىرپىكلەر لېۋىگە ئۇۋا سالغان ياش.
كۆيگەندۇ قارلار ھەم مۇزلار چاراسلاپ،
يالقۇنلۇق ئۇپۇقتىن مارىسا قۇياش.

### تاغلاردىن تېگىمگە قوشۇلماقتا ياش

چايقالدى خۇمرىلار، چايقالدى ئالەم،
يالقۇن رەڭ ئۇپۇقتىن خەمەكلىدى نۇر.
كۆزلەردە پىلىلداپ تۇرار بىر سوئال،
قەلبلەر تەكتىدە يېزىقسىز بىر قۇر.

كۆزنەكلەر ئىچىدىن ئىللىق بىر دۇنيا
باغرىنى ئاچقاندەك تۇيۇلار ئاستا.
غەملەرنى ئۇنتۇلۇپ ماڭغان يولۇچى
يىراقلاپ كېتىدۇ بۇ يەردىن تەنھا.

تاغلارغا ئۇلىنار شىركەيىپ كېچە،
ئۇيقۇنى ھاپاشلاپ يۈرەر ئەسنەكلەر.
پەرۋاسىز تۇيغۇلار كۆلەڭگىسىدە
ئۇسسۇلغا چۈشمەكتە توپ-توپ ئەركەكلەر.

① ساچىرخانىم

خورازلار كۈيگە قېتىلماقتا كۆي،
ئۇپۇقتىن پارلىدى يېڭى بىر قۇياش.
خۇمرىلار بۇقۇلداپ تۆكىدۇ ھەسرەت،
تاغلاردىن تېگىنگە قوشۇلماقتا ياش.

## دىلبەر

يۇلتۇز دېگۈم كەلمەس كۆزۈڭنى،
يىراق ئەمەس يېنىمدىغۇ سەن.
قۇياش دېگۈم كەلمەس يۈزۈڭنى،
كېچىسىمۇ قېشىمدىغۇ سەن.

قىزىلگۈلمۇ دېمەي بويۇڭنى،
خۇش پۇرىقىڭ تىنىقلىرىمدا.
ئىپار كېيىك دېمەي خۇيۇڭنى،
شوخلۇقۇڭ بار قىلىقلىرىمدا.

سۆزلىرىڭنى دېمەيمەن سەلكىن،
ۋەھىي بەرسەڭ گۈل ئاۋازىڭدا.
قەددىڭنى تىك تۇتىۋەر تەمكىن،
بارغۇ مەنمۇ ھەر پەرۋازىڭدا.

## قىز

سۆيۈلگەن قۇياشقا ئەڭ يېقىن جايدا
مەي باغلاپ قىزارغان بىر تاللا مېۋە.
تەگرىنىڭ تىنچسىز خەزىنىسىدە
كىمگىدۇر ساقلانغان بۈيۈك نېسۋە.

ئوقۇلۇپ باقمىغان ئەڭ تاتلىق مىسرا،
زۇلمەت قاينىمىدا چاراقلىغان نۇر.
شائىرنىڭ قەلبىدەك پاك ھەم غۇبارسىز،
يالقۇنرەڭ تەنلەرگە تارالغان غۇرۇر.

تېخى ئىز چۈشمىگەن سىرلىق باياۋان،
تاغلارنىڭ كەينىدىن بالقىغان قۇياش.
قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلىمىغان يول،
پايانسىز چۈشلەرنى قىلغانچە ھاپاش...

**ئابلەت ئابدۇللا**

# ئۆز-ئۆزىنى يوقىتىش

يوقىتىدۇ ئادەم ئۆزىنى،
تاپقىنىدا بولار ھۆر ئىنسان.
يوقاتقانمەن مەنمۇ ئۆزۈمنى،
مەن ئۆزۈمنى تاپىمەن قاچان؟!

يوقاتمىدىم ئۆزۈمنى دەر كىم؟
چۈشەنمەس ئۇ، سەزمەس ھېچقاچان.
ئىنساننىڭ چىن، گۈزەل ئەسلىنى
يوقىتىدۇ تۇرمۇش ۋە زامان.


تۇغۇلغاندا مەن ئۆزۈم ئىدىم،
ئەس كىرگەندە يوقالدىم ئاستا.
يوقالدى ئۆز تىلىم، خىسلىتىم،
يېڭى قۇلاق بوپ قالدى پەيدا.

— كۆزلىرىمۇ ئەمەس ئۆزۈمنىڭ،
بىر ئۆزۈمنى كۆرىدۇ پەقەت.
سۆزلىرىمۇ ئەمەس ئۆزۈمنىڭ،
چىن سۆزلىرىم كۆڭلۈمدە پەقەت...

ئالدىشىدۇ ئادەملەر شۇنداق
بىر-بىرىنى مايلىق سۆز بىلەن.
سۆزلىرىگە مەنپەئەت قوشماق،
كۆرۈشىدۇ يالغان كۆز بىلەن.

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق روھىمدا
مەن ئۆزۈمنى تاپسامدىم چاپسان.
— ئۆز ئەسلىنى تاپماقلىق ئۈچۈن،
ئېتىقادقا ھاجەتتۇر ئىنسان.

توختى سابىر



# قىر ئاشالمىغان يىللاردا

( پوۋېست )

## 1

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، يەن جۇيجاڭ، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

يەن زېمىن يېنىدىلا ئاڭلانغان ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇ خىيال سۈرگىنىچە داستىكى ھۆل كىيىملەرنى ئارغامچىغا يېيىۋاتاتتى. يېنىغا بىركىمنىڭ كەلگىنىنىمۇ سەزمىگەنىدى. ئۇ تېزلا ئارقىسىغا قارىدى ۋە قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا سورىدى:

— ھوي، ئوسماقمۇ سەن؟ يەنە نېمە دەپ كەلدىڭ؟

— سىزدىن بىر ئىشنى ئىلتىماس قىلىپ كەلدىم، ئۇنارسىزمىكىن؟

— ئېيتە قېنى؟

— مېنى سولاپ قويسىڭىز!

— نېمە؟ يەنە نېمە گۇناھ قىلدىڭ؟

— گۇناھقۇ قىلمىدىم، گۇڭشېغا كۆنەلمىدىم، ئۇ يەردىن بۇ يەر ياخشىكەن.

— تولا جۆيلىمە، سولاپ قوي دېسىلا سولاپ قويغىلى بولىدىغان داداڭنىڭ قازنىقى ئەمەس بۇ!

— مەن سىزدىن مىڭ مەرتىۋە ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا يەنە بىر ياخشىلىق قىلىپ سولاپ قويۇڭا!

— ھوي ئوسماق، گۇناھسىز ئادەمنى سولاپ قويسام مەن گۇناھكار بولۇپ قالامدىمەن!

— ئۇنداقمۇ بولماس.

— نېمىشقا ئۇنداق بولمايدىكەن، كىمكى گۇناھسىز ئادەمنى سولاپ قويىدىكەن، شۇ كىشى گۇناھكار بولىدۇ. قانۇندا شۇنداق دېيىلگەن.

— مەن تۇرمىدە تولا يېتىپ كۆنۈپ قاپتىكەنمەن، گۆگشىغا زادىلا كۆنەلمىدىم.

يەن زېمىن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنى شۇ يەرنىڭ شىۋىسى بويىچە راۋان سۆزلىيەلەيتتى. يېشى ئەللىككە يېقىنلاشقان، ئوتتۇرا بويلۇق كىشى ئىدى. ئۇ قولىدىكى ئاق كۆڭلەكنى ئارغامچىغا ئېسىپ قويغاندىن كېيىن ئوسماققا ئۇدۇل قاراپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— ھوي، سەن ئەمدى يۈرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ گۆگشىدىن تۇرمە ياخشىكەن، دېگىلى تۇرۇپسىنا؟

— مەن ئۇنداق دېمىگەندىمەن؟

— باياتىن بىرى دېگەن گەپلىرىڭدىن شۇ مەنە چىقمامدۇ؟

— مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەستىم.

يەن زېمىن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— قېيىنچىلىقىڭ بولسا يەرلىك تەشكىلگە ئېيتقىن، ئۆيلىنىۋالساڭغۇ گۆگشىغا ئوبدانلا كۆنۈپ قالاتتىڭ، — دېدى.

— ئۆزۈمنىڭ جېنىنى باقالمايۋاتسام خوتۇن ئېلىشنى كىم قويۇپتۇ ماڭا، — دېدى ئوسماق ۋە بىردەم گەجگىسىنى قاشلاپ تۇرغاندىن كېيىن، — مەن بىر موزايلىق ئىنەك ئوغرىلىغانىدىم، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— يەنە ئوغرىلىق قىلدىڭما؟

— ھەئە.

يەن زېمىننىڭ ئوسماقنىڭ گېپىگە ئىشەنگۈسى كەلمىدى. چۈنكى، ئۇ ئوغرىلىق ۋەقەسى توغرىسىدا گەپ-سۆز ئاڭلىمىغانىدى. شۇڭا پەرۋاسىز ھالدا ھۆل كىيىملەرنىڭ سۈيىنى سىقىۋېتىپ ئارغامچىغا يېيىشقا باشلىدى.

— دادۇيجاڭ مېنى تۇتۇۋالغانىدى، ئۆزۈمنىڭ موزايلىق ئىنىكىمنى تۆلەپ بەردىم.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ، كەت ئەمدى.

— گۇناھ قىلغان تۇرسام، سولىمامسىز؟

— سولىمايمەن.

— نېمىشقا؟

— دادۇي، گۆگشې سېنىڭ ئۈستۈڭدىن ئەرز قىلمىدى. شۇڭا سولىمايمىز! مەن دېدىمغۇ، بۇ يەر خالىغانچە سولاپ قويغىلى بولىدىغان ئەترەتنىڭ ئامبىرى ئەمەس، مەنمۇ چىشىغا تەگكەن ئادەمنى سولاپ قويىدىغان سېنىڭ ئەترەت باشلىقىڭ ئەمەس. بۇ دېگەن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى. بىز ئادەملەرنى سولاشتا پاكىت-دەلىلگە قاراپ سولايمىز! ماڭ، ئەمدى كەت.

— دادۇيجاڭ، شياۋدۇيجاڭلارنىڭ چىشىغا تەگكەن ئادەملەرنى سولاپ قويىدىغان خۇيىنى سىزمۇ بىلىدىكەنسىز، ھە؟ — دېدى ئوسماق، يەنە گەپنى ئۇزارتىشقا

ئۇرۇنۇپ.

— ئۇسماق، سەن مېنى كولدۇرلىتمەن دېمە، ماڭ كەت ئەمدى، — يەن زېمىن شۇنداق دەپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئۇسماق بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئاستا مېڭىپ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى قورۇسىدىن چىقىپ كەتتى. ناھىيە بازىرىنىڭ سىرتىغا چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ قەدىمى بارغانسېرى ئاستىلاپ كەتتى ۋە مېڭىش خۇشياقمىغاندەك بىردىنلا ئىزىدا توختاپ قالدى. بىردەم يەرگە قاراپ خىيال سۈرگەندىن كېيىن شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ، گۈس-گۈس قەدەم تاشلاپ ئۇدۇل ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. دەرۋازىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرغان ساقچى:

— ئۇسماق، سەن ھېلىلا چىقىپ كەتكەن ئەمەسمىدىڭ؟ يەنە نېمىدەپ كەلدىڭ؟— دېدى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ.

— ئۇكام، يەن جۇيجاڭغا دەيدىغان مۇھىم بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. شۇنى دەپ قويۇپلا يېنىپ چىقىمەن، — دېدى ئۇ ساقچىغا قاراپ ھىجىيىپ. ساقچى ئۇنىڭغا يول بەردى.

ئۇسماق ئۇدۇل مېڭىپ يەن زېمىن كىيىم يېيىپ قويغان يەرگە كەلدى. قورۇ ئىچى جىمجىت ئىدى. ئۇ ئارغامچىغا يېيىلغان كۆڭلەك، چاپان، ئىشتان، كالتە ئىشتانلارنى بىر باشتىن سىلىپ يىغىپ، قولىدىكى تۈتقۇچلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكەن كونا سومكىغا پۇرلاپ تىقىپ ئارقىسىغا ياندى. دەرۋازىدىكى قاراۋۇلنىڭ ئالدىغا كەلگەندە:

— يەن جۇيجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ چىقتىم ئۇكام. خۇدايىم بۇيرۇسا پات يېقىندا يەنە مۇشۇ يەردە كۆرۈشۈپ قالارمىز. كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭ، — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئارقىسىدىن بىرەر كىمنىڭ قوغلاپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئالدىرىماي ماڭدى. پات-پاتلا كەينىگە قاراپ قوياتتى. بىر ھېسسىپ، ئىككى ھېسسىپ ناھىيە بازىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالدى. بۇ ئىيۇل ئېيى بولۇپ، ئىسسىق تازا ئەۋجىگە چىققان، ھاۋا تىنجىق، دەرەخ يوپۇرماقلىرى سولىشىپ كەتكەنىدى.

ئۇ كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرمىگەندىن كېيىن كىيىملەرنى سالغان ھېلىقى كوناسومكىنى بېشىغا قويۇپ بىر تۈپ قېرى سۆگەتنىڭ تۈۋىدە يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. بىر چاغدا كىمدۇر بىرى ئۇنى تۈرتۈپ ئويغاتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپلا يەن زېمىننى كۆردى. يەن زېمىن ۋېلسىپىتنىڭ رولىنى تۇتقىنىچە ئۇنىڭغا ھومىيىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇسماق ھىجىيىپ ئورنىدىن تۇردى.

— يەن جۇيجاڭ، ئەمدىغۇ شەرتىم توشقاندۇ؟ — دېدى ئۇ ۋە يەن زېمىننىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتمەيلا ناھىيە بازىرى تەرەپكە قاراپ قەدەم تاشلىدى.

— توختا، نەگە بارىسەن؟

— سولىمامسىز؟

— ئەكە كىيملەرنى! — يەن زىمىن غەزەپلەنگەنىدى. ئۇ ئوسماقنىڭ قولىدىكى سومكىنى قوپاللىق بىلەن سىلكىپ ئالدى ۋە، — يوقال كۆزۈمدىن! — دەپ يىزا تەرەپنى كۆرسىتىپ ۋارقىرىدى.

— ساقچى ئىدارىسىگە ئوغرىلىققا كىرگەن تۇرسام، يەنە سولىمامسىز؟

— سولىمايمەن.

ئوسماق خۇددى ئۆز قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن باشلىققا يېلىنىۋاتقان ھاجەتمەنگە ئوخشاپ قالغانىدى.

— سىزنىڭ ئاچچىقىڭىزنى كەلتۈرسەم سولاپ قويارمىكىن دەپ شۇنداق قىلغانىدىم. لېكىن سىز يەنە سولاپ قويغىلى ئۇنىمايۋاتىسىز، — دېدى ئۇ.

— ئايالىمنىڭ كىيىملىرىنى نېمىشقا ئالدىڭ؟ ئەگەر يالغۇز مېنىڭ كىيىملىرىمنى ئالغان بولساڭ قوغلاپمۇ كەلمەيتتىم. ماڭ، ئەمدى كۆكشىغا كەت، مېنىڭمۇ ئىشلىرىم بار، — دېدى يەن زىمىن ۋېلىسىپىتنىڭ بېشىنى بۇراپ.

— يەن جۇيجاڭ، مېنىڭ كۆكشىغا كەتكۈم يوق. سولاپ قويۇشقا ئۇنۇمىسىڭىز قارا خىزمەتچى قىلىۋېلىڭ ئەمىسە. قورسىقىمنى تويغۇزسىڭىزلا بولىدى، — دېدى ئۇ ۋېلىسىپىتنىڭ رولىغا ئېسىلىۋېلىپ.

— توۋا، ساراڭمۇ نېمە سەن؟ — يەن زىمىن ۋېلىسىپىتنى سۆگەتكە يۆلەپ قويۇپ، كىسىۋېتىلگەن بىر توپ دەرەخنىڭ كۆتىكىدە ئولتۇردى، — سەن ئازادلىقتىن كېيىن ئون يىل تۈرمىدە ياتتىڭ، گومىنداڭ دەۋرىدىمۇ سەككىز يىل تۈرمىدە يېتىپسەن، تېخىچە تۈرمىگە قانمىدىڭمۇ؟

— خاتا بولسىمۇ دەي، كۆكشىدىن تۈرمە ياخشىمىكىن دەپ قالدىم.

— مەن سېنى ھېلىلا بۇنداق دېمە دېگەنىدىمغۇ! قانداقمۇ كۆكشىدىن تۈرمە ياخشى بولىدۇ؟

— سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ شۇنداق دېگۈم كېلىپ قالدى.

— نېمىنى سېلىشتۇرۇپ كۆردۈڭ؟

— يېمەك-ئىچمەكنى، ياتىدىغان يەرنى، قىلغان ئەمگەكنى!

— يەنىچۇ؟

— بۇنى دېسەم بولارمۇ؟

— دەپ باققىنە، ئاڭلاپ باقاي.

— شاۋدۈيجاڭ بىلەن گۇندىپاينى!

— نېمە، نېمە؟ — يەن زىمىننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى، — ھەي ئوسماق، سەن ھەددىڭدىن ئاشما، تۈرمە بىلەن كۆكشىنى، شاۋدۈيجاڭ بىلەن گۇندىپاينى قانداقمۇ ئوخشاتقىلى بولسۇن! تۈرمە دېگەن جىنايەتچىلەرگە دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈپ، مەجبۇرى ئۆزگەرتىدىغان ئورۇن، كۆكشى بولسا خەلقنىڭ تىنچ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان

ئائىلىسى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق گەپلەرنى قىلما. مەن تېخى سېنى ياخشى ئۆزگەردى دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئەمما سەن ياخشى ئۆزگەرمەپسەن.

— سىز بۇنداق گەپلەرنى ياقتۇرمايسىز. بۇنى بىلىمەن، لېكىن بۇ گەپلەرنى سىزگە دېمەي، كىمگە دەيمەن؟ — دېدى ئۇسماق مەيۈس ئاھاڭدا، — مەن تۈرمىدە ئۇزاق ياتتىم. ھەممە ئىسسىق-سوغۇقنى باشتىن كۆچۈردۈم. مەن ئۇ يەرنىڭ تۈزۈمىگە قايىل، ئۇ يەردە قانۇنغا بوي سۇنغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش، ياخشى ئۆزگەرگەنلەرنى تەقدىرلەش، قانۇنغا بوي سۇنغانلارغا دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش، ئىنتىزامسىزلىق قىلغانلارنى تەنقىدلەش دېگەن قائىدە بار ئىدى. شۇڭا مەن ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمگە ئېچىنىپ، ياخشى ئۆزگىرىشكە بەل باغلىغان، سىلەرمۇ بۇنى ھېس قىلغان ئوخشايسىلەر. شۇڭا، ماڭا ئىشىنىپ بازاردىن ئوتۇن، كۆمۈر، كۆكتات دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتىڭلار. دەسلەپتە بىر ئەسكەر قوشۇپ، كېيىنچە ئەسكەرمۇ قوشماي يالغۇز ئەۋەتتىڭلار. شۇ ۋاقىتتا مەن ئەركىنلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دىلىمدا چوڭقۇر ھېس قىلدىم. جېنىم چىقىپ كەتسىمۇ كېچە-كۈندۈز تىرىشىپ ئىشلەپ، تەشكىلنىڭ كەڭچىلىك قىلىشىغا ئېرىشەي دەپ نىيەت باغلىدىم. ئاخىرى ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئېشىپ مۇشۇ كۈنگە ئېرىشكەندىم. لېكىن گۇڭشېدا مەن ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان ئەركىنلىككە ئېرىشەلمىدىم. ئاخىرى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ تۈرمىنى ياخشىراقمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. نېمىشقا دېسىڭىز ئۇ يەردە ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن ئۈچ ۋاق تاماق تەييار ئىدى. ياتقىلى ئۆي بار ئىدى. ئەمگەكنىمۇ قەرەللىك قىلاتتۇق. ئۇرمايتتىڭلار، تىللىمايتتىڭلار، لېكىن گۇڭشېدىكىلەر ماڭا زادىلا كۈن بەرمىدى. مەن پەقەت چىدىيالمىدىم.

— سەن تۈرمىدىكى ۋاقتىڭدا ئەتىدىن كەچكىچە يېتىپ ئۇخلاپ ھورۇن بولۇپ قالغان، — دېدى يەن زېمىن چاقچاق قىلىپ، — ئەمدى گۇڭشېنىڭ ئەمگىكىگە چىدىمايۋېتىپسەن-دە.

— يوقسۇ، يەن جۇيجاڭ، ئەمگەك قىلىش بىلەن ئىش تۈگەيدىغان بولسا جېنىم چىقىپ كەتسىمۇ غىڭ قىلماي ئىشلەيتتىم.

— ئەمىسە نېمە بولدى ساڭا؟

— ماڭا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن بىركۈنمۇ خاتىرجەملىك بولمىدى، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — قىسقىسى ئۇ يەردىكى كادىرلار بەك ئەسكى ئىكەن. ھەق-ناھەقنى ئايرىمايدىكەن. ئادەمنىڭ گېپىگىمۇ ئىشەنمەيدىكەن. مەن قايتىپ بارغان كۈندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇلار ھېچكىمنى مەن بىلەن يېقىنلىشىشقا يول قويمىدى. ھەتتا ئۇرۇق-تۇغقانلارنىمۇ يېقىن كەلتۈرمىدى. ئوغرىلىقچە كۆرۈشۈپ يۈردۇق. تۈرمىدىكىلەرنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بارسا كۆرۈشتۈرەتتى، لېكىن بۇ يەردە ئۇنىڭغىمۇ يول قويمايدىكەن. ئەمگەك قىلغاندىمۇ مېنى ئەزالارغا ئارىلاشتۇرمىدى. قەيەردە ئېغىر

ئىش بولسا شۇ يەرگە مېنى ئەۋەتتى. بەزى كادىرلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويسام تېخى تۆت خىل ئۇنسۇرلارغىمۇ قوشۇپ قويىدى. شۇڭا مەن گۇگۇشىغا قايتقاندىن بىرى بىرەر كىشى بىلەن تۆت ئېغىز پاراڭ سېلىشىپ باققىنىم يوق، چىشىمنى يېرىپ كۈلۈپ باققىنىم يوق. دادۇيجاڭ، شاۋدۇيجاڭلارنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ، بېشىمنى ئېگىپ، خوش، خوش دەپ تۇرىمەن. دادۈي، شاۋدۇيدە نېمە ئىش بولسا ئۇسماق ئالغان، دېگەن گۇمان بىلەن ئۆيۈمنى ئاختۇرۇپ، قولىغا نېمە چىقسا شۇنى ئېلىپ كېتىشىدۇ. مېنىڭ ئۆيۈمدىكى قولغا چىققۇدەك تۈزۈكرەك بىرنەرسە يوق، شۇنداق بولسىمۇ ئۆي بولغاندىن كېيىن كونا بولسىمۇ ئاز-تولا بىرنەرسىلەر بولىدىكەن؟ — ئۇ جىمىپ كەتتى، ئۇلۇغ-كىچىك تىندى. كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭ تۈرمىدىن چىققىنىمغا ئىككى ھەپتىچە بولغان چاغدا بىرىنىڭ پۇلى يىتىپ كېتىپتۇ. دادۇيجاڭ، بۇغالتىر دېگەنلەر ئاخشىمى ئۆيۈمگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كىرىپ ئاختۇرۇپ ئۇكتەي-توكتەي قىلىۋەتتى. تۈرمىدىن چىقىش ۋاقتىدا سىز تۈرمۈشىكنى ئورۇنلاشتۇرۇۋال دەپ خەلق ئىشلار ئىدارىسىدىن ئېلىپ بەرگەن 80 يۈەن پۇلنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— ئۇ 100 يۈەن ئىدىغۇ؟ ساڭا 80 يۈەن بەردىما؟

— ھەئە. 80 يۈەن بەردى. يەن جۈيجاڭ 100 يۈەن بېرىدۇ دېگەنىدى دېسەم، بىز مۇزاكىرە قىلىپ 80 يۈەن بېرىشنى بېكىتتۇق دېدى. مەنمۇ گەپ قىلماي ئېلىپ چىقىپ كېتىۋەرگەنىدىم.

— بوپتۇ، 100 يۈەن بېرىش بىزنىڭ تەكلىپ پىكرىمىز، قانچىلىك بېرىش ئۇلارنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش، قېنى، سۆزلەۋەر، — دېدى يەن زېمىن.

— مەن بۇ پۇلنى تۈرمىدىن چىقىدىغان ۋاقتىمدا يەن جۈيجاڭ تۇرمۇشۇڭنى ئورۇنلاشتۇرۇۋال، دەپ ناھىيىلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىدىن ئېلىپ بەرگەن دېسەممۇ مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سالماي سەن كېلىشتىن بۇرۇن بۇ يەردە پۇل يىتمەيتتى. نېمە ئۈچۈن سەن كېلىشىڭگە يىتىپ كېتىدۇ؟ بۇ يىتكەن پۇل جەمئىي 100 يۈەن ئىدى. قالغان 20 يۈەننى نېمە قىلدىڭ؟ دەپ مېنى قىستاپ سوراققا تارتتى. گەپ ياندۇرسام بىر قانچىنى تەپتى. توغقانلار يىغىپ بەرگەن ئىككى پارچە كىگىزىم بىلەن بىر قازىنىمنى، ئون كىلودەك قوناق ئۇنۇمنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. يەنە تېخى بىر ئاينىڭ ئالدىدا دادۇيدە بىرموزايلىق ئىنەك يوقاپ كەتكەنىكەن، ئۇنىمۇ مەندىن كۆردى.

— توختا، ئۇسماق! بايا سەن، مەن بىر موزايلىق ئىنەك ئوغرىلىغان دېمىگەنمى-دىڭ؟

— شۇنداق دېمەي نېمە دەيمەن. شۇنداق دېسەم سولاپ قويارمىكىن دېگەن مەقسەت بىلەن دېگەنىدىم. ئادەم ناھەقچىلىككە ئۇچراپ جېنىدىن تويغاندا ھەرنەرسە دەيدىكەن.

— موزايلىق ئىنەكنى سەن ئوغرىلىمىغانما!

— يەن جۈيجاڭ، سىز مېنىڭ پۈتۈن ھاياتىمنى بىلىسىز! مەن ئۇنداق پارچە-پۇرات نەرسىلەرنى ئوغرىلايدىغان ئوغرى ئەمەس، ئانچىكىم بىر نەرسىلەر ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ نامىمنى بۇلغىمايمەن. چوڭ گەپ ئەمەس. مەن گومىنداڭ ۋاقتىدىمۇ ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەرگە كۆز سالغان ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۆڭشېدا ئوغرىلىغۇدەك نېمە بار دەيسىز. ناھايىتى شۇ بىرقانچە تال كۆكباش، بىرقانچە جىڭ بۇغداي، قوناق دېگەندەك نەرسىلەر بار. مېۋە-چېۋە دېگەننى سىز بىلىسىز، ھەممە ئادەمنىڭ بېغىدا بار نەرسە، ھازىر خەقنىڭ تېمىنى تېشىشكىمۇ ئەرزىمەيدۇ، ھېچكىمنىڭ ئۆيىدە قولغا چىققۇدەك بىرنەرسە يوق. بايمۇ، كەمبەغەلمۇ ئوخشاش بولۇپ قالغان.

— بولدى، يەنە خېمىڭغا يانغىلى تۇردۇڭغۇ، ئۆزۈڭنىڭ ئوغرىلىق تارىخىڭنى كۆز-كۆز قىلىپ. ئۇنىڭ نېمە ماختانغۇچىلىكى بار؟ قارا، سەن باياتىن موزايلىق ئىنىكىمنى تۆلەپ بەردىم، دېدىڭ. سېنىڭ موزايلىق ئىنىكىڭ نەدىن كېلىپ قالغان، ماڭا دەپ بەرگىنە.

— قاراڭ يەن جۈيجاڭ، مەن تۈرمىدىن چىققان ۋاقتىمدا سىز بەرگەن 80 يۈەن پۇلدىن باشقا ھېچنېمەم يوق ئىدى. مېنىڭ بىر تۇغقان ئىنىم بىر موزايلىق ئىنەكنى يېتىلەپ كېلىپ ئاكا، ئەمدى سەن ياخشى ئادەم بول، خەقنىڭ نەرسىلىرىگە كۆز قىرىڭنى سالما. ماۋۇ موزايلىق ئىنەكنى بېقىۋال، دەپ ھويلامغا باغلاپ بېرىپ كەتكەن. دادۇينىڭ موزايلىق ئىنىكى يىتكەن چاغدا دادۈيجاڭ ئادەم باشلاپ كېلىپ مېنى قىيىن-قىستاققا ئالدى. مەن ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ ئىنىكىمنى تۆلەپ بەردىم. ئەسلىدە بىر موزايلىق ئىنەك مەن ئۈچۈن ھېچنەرسە ئەمەس ئىدى. ئالساڭ ئال، ساڭا سەدىقە بولسۇن دەپ بېرىۋېتەتتىم. ھەرگىز ئىغىز ئېچىپ ئولتۇرمايتتىم. لېكىن ناھەقچىلىك بولغانلىقى ئۈچۈنلا سىزگە دادلاۋاتىمەن، — دېدى ئۇ يىغلاپ قالغاندەك چوڭقۇر تىنىپ.

يەن زېھنىن بىردەم خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوسماقنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— سەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن راستىنلا بىرنەرسە ئوغرىلىمىدىڭمۇ؟ راست گەپ قىل ئوسماق، — دېدى.

— مەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئىللا-بىللا بىرەر يىڭنىچىلىك نەرسىنى ئوغرىلىمىدىم. ھەتتا ئۆرۈك، شاپتۇل، توغاچ، ئالما دېگەنلەرگىمۇ قاراپ قويسام قويغاندىمەن، لېكىن ئىگىسى يوقكەن، بىر قانچىنى يەۋالاي، دەپ ئويلاپ باقمىدىم. ئەزالار، ئۇرۇق-تۇغقانلار بەرسە يېدىم، بولمىسا يېمىدىم.

— راست ئالمىغان بولساڭ ئۇلارغا چۈشەندۈرسەڭ بولمامدۇ؟

— بۈگۈنكى كۈندە كىم مېنىڭ گېپىمگە ئىشىنىدۇ دەيسىز، مەن بىر ياغلىق قاپاق تۇرسام، بولمىسا خېلى زۇكۇنلاشقۇم بار، تۈرمىدە خېلى بىر نەرسىلەرنى بىلىپ قالغاندۇق،

بۇ يەردىكى كادىرلار سىياسەت، قانۇن دېگەنلەرنى بىلمەيدىكەن. ئۇلارغا بىر نەرسىنى چۈشەندۈرمەكمۇ بەك قىيىن ئىكەن، — دېدى ئوسماق ئۇھ تارتىپ.

— سېنىڭچە يۈز يۈەن پۇل بىلەن مۇزايلىق ئىنەكنى كىم ئالغاندۇ؟ — دېدى يەن زېمىن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ.

— پۇلنى كىمنىڭ ئالغانلىقىنى بىلمەيمەن، لېكىن موزايلىق ئىنەكنى دادۇيجاڭ ئۆزى يەپ كېتىپ، ماڭا ئارتىپ قويدىمىكىن دەيمەن!

— راستىنلا سەن ئالمىغان بولساڭ بوپتۇ، مەن ساڭا ئىشەنسەم بولامدۇ؟

— ماڭا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ. گېپىم خاتا بولسىمۇ دەي. ئۇن يىل سىزنىڭ باشقۇرۇشىڭىزدا بولۇپ سىز بىلەن ئاكا-ئۇكىدەك بولۇپ قاپتىكەنمەن. بۇنداق دېسەم سەن جىنايەتچى تۇرساڭ، كىم سېنىڭ ئۇكاڭكەن، دەپ قالماڭ. بۈگۈن مېنى سولاپ قويۇڭ دەپ كېلىپ بىر تاغار ئاۋارە قىلىشىمۇ راستىنلا سولاقتا يېتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دەردىمنى تۆكۈش ئۈچۈن ئىدى. بولۇپمۇ كالا يىتىپ كەتكەن ئىشتىن كېيىن ھەتتا ئۇرۇق-تۇغقانلارمۇ ماڭا تەتۈر قارايدىغان بولۇپ قالدى. راست گەپنى ئېيتسام مېنى ھېچكىم تونۇمايدىغان جايغا يۆتكەپ قويسىڭىزغۇ بەك ياخشى بولاتتى. ئاخىرقى ئۆمرۈمنى خاتىرجەم ئۆتكۈزسەم؟

ئوسماقنىڭ كىيىملىرى يىرتىق، مەينەت ئىدى. يەن زېمىننىڭ ئۈچىسىدا يىپىگى ھەربىيچە كىيىم بار ئىدى. ئىككىلەن يول لېۋىدە بىر-بىرىگە ئۇدۇل قارىشىپ ئولتۇراتتى. ئوسماق خۇددى يېقىن تۇغقانلار بىر-بىرىگە ئەركىلىگەندەك ئاھاڭدا سۆزلەيتتى. يەن زېمىننىڭ سۆزىنىڭ ئاھاڭىدىن مۇلايىملىق ۋە مېھرىبانلىق ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۆتكەن-كەچكەن يولۇچىلار ئۇلارغا تەئەججۈپلەنگەن نەزەر بىلەن قارىشاتتى.

— بولدى، ئوسماق، مەن ساڭا ئىشەندىم، — دېدى يەن زېمىن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئەمدى سەن قايتىپ كەت. مەن سېنىڭ ئىشىڭنى چوقۇم ئېنىقلاپ بىر ياقلىق قىلىمەن.

ئۇ ۋېلسىپتنى يېتىلەپ يولغا چىقتى. ئوسماق دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— يەن جۈيجاڭ، مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمنى ۋە سىزگە نېمىلەرنى دېگەنلىكىمنى دادۇي، شاۋدۇيدىكىلەر ئۇقمىسۇن. مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، بولمىسا ئۇلار ماڭا كۈن بەرمەيدۇ، — دېدى.

— خاتىرجەم بول، بۇ يەرگە كەلگەنلىكىڭنى ھېچكىمگە ئېيتمايمەن.

يەن زېمىن ۋېلسىپتكە مىنىپ كېتىپ قالدى. ئوسماق بىر ھازاغىچە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆز يېزىسى تەرەپكە ماڭغانلارغا قوشۇلۇپ يۈرۈپ كەتتى.

## 2

ئوسماق 60 ياشلارغا بېرىپ قالغان بولسىمۇ 50 ياشلىق ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. بويى ئېگىز، بېشى يوغان، يۈزى كەڭ ئىدى. چېقىرراق كەلگەن كۆزى ناھايىتى سۈرلۈك ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى. تىكىلىپ قارىسا كىشىنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كېتەتتى. ئۇ نېمىگىلا قارىسا ئۇنىڭ كۆز نۇرى شۇ نەرسىنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك بىلىنەتتى. ئۇ ئېگىز ھەم يوغان ئادەم ئىدى. مۈرىسى كەڭ، قول بارماقلىرى ئۇزۇن ھەم توم بولۇپ، بىر مۇشتى باشقا ئادەملەرنىڭ قوش مۇشتىدەك كۆرۈنەتتى، مۇسكۇللىرى چىڭ، تېنى ساغلام، رەڭگى قارا ئىدى. تەرلىگەن ۋاقتىدا يۈزى خورۇمدەك پارقىراپ كېتەتتى. ئوسماق ھاۋا ئىسسىق كۈنلەردىمۇ كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە جىلتىكە كىيىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ جىلتىكىسى ياماق ئۈستىگە ياماق سېلىنىۋېرىپ ئەسلى رەڭگىنى بىلگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمگەك ئارىلىقلىرىدىكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا كىشىلەر ئوسماقنى گەپكە سالاتتى.

— مەن توغما ئوغرى، لېكىن مەيلى گومىنداڭ ۋاقتىدا بولسۇن ياكى يېڭى ھۆكۈمەت كەلگەندىن كېيىن بولسۇن كەمبەغەلنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلىغان بەندە ئەمەس. كەمبەغەلدە ئوغرىلىغۇدەك نېمە باردەيسلەر، ئوغرىلىماقچى بولساڭ باينىڭكىنى ئوغرىلا. بىر ھېسابتا ئۇلارمۇ ئوغرى. ئۇلار كەمبەغەللەرنى قاقتى-سوقتى قىلىپ بېيىغان، — دەيتتى ئوسماق ئۆزىچە كېرىلىپ.

— پۇرسەت تاپساڭ ھازىرمۇ ئوغرىلىق قىلىسەنغۇ دەيمەن، — دەيتتى ياشلار ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ.

— ئەمدى ئوغرىلىغۇدەك نەرسە ھېچ يەردە قالمىدى. ھازىر دېگەن كەمبەغەلمۇ كەمبەغەل، بايمۇ كەمبەغەل بولۇپ كەتتى، — دەيتتى ئوسماق بېشىنى چايقاپ.

ئورما باشلانغان چاغدا ئەتىرەت باشلىقى ئوسماقنى كەمبەغەل دېھقانلار ئاكتىپى چاۋار سەمەت بىلەن بىللە خامان تېپىشكە بەلگىلىدى. ئۇلار خامانغا قوشقان كالا، ئېشەكلەرنى نۆۋەتلىشىپ ھەيدەيتتى. بىرى خامان ھەيدىسە يەنە بىرى شاخ-شۇمبىلاردىن ياسالغان سايىگە كىرىپ ئارام ئالاتتى.

ئوسماق ئۇلاغلارنىڭ ئاستىغا ئۆنچە تاشلاپ بولۇپ سايىگە كىردى. ھېجرىغا سوغۇق سۇ قويۇپ زاغرىنى چىلاپ يېگىلى تۇردى.

— ھەي ئوسماق، ئىككىمىز يالغۇز قاپتىمىز. 1948-يىلى تۈرمىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن قوناقلىقتا يوشۇرۇنۇۋالغان ھېكايەڭنى بىر ئېيتىپ بەرمەمسەن؟ — دېدى چاۋار سەمەت. بۇ چاغدا باشقا ئەزالار چۈشلۈك تاماق يېيىش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە كېتىشكەنىدى.

— قويە ئۇ گېپىڭنى! ئۇ ھېكايىنى تولا ئېيتىپ ئاغزىم ئۇپراپ كېتەي دەپ قالدى — دېدى ئوسماق نان چايناۋېتىپ.

— مەن باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانىدىم. ئېيتە، بىر ئاڭلاپ قالاي.
— قويە! ئەمدى ئۇنداق ئىشلارنى دەپ يۈرۈشكە نومۇس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم.
— يالغان! ھازىر ئوغرىلىغۇدەك بىر نەرسە قالمىدى، بولسا يەنە ئوغرىلىق قىلاتتىم دەپسەنغۇ؟
ئوسماقنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۇدەك چەكچىيىپ كەتتى:
— سېنىڭ نەرىڭ كەمبەغەل دېھقان ھەي، يالغان گەپلەرگە ئىشىنىدىغان؟ بۇ گەپنىڭ ئالدىنقى قىسمىنى دېگىنىم راست، لېكىن ئوغرىلىغۇدەك نەرسە بولسا يەنە ئوغرىلايتتىم دېگەن گەپنى مەن قىلمىدىم، مۇشۇلارنىڭ تېپىۋالغان گېپى بولمامدۇ؟
— بوپتۇ دېمىگەن بولساڭ، نېمانچە قاينايسەن!
— سەنمۇ گەپنى ئەگىتمە. سەن ئەمەلىيەتتە مېنى نازارەت قىلىشقا قويۇلغان نەرسە. مېنى بىلمەيدۇ دېمە.
چاۋار سەمەتنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ جىم ئولتۇرۇپ قالدى. لېكىن بۇنى ئىقرار قىلسا كادىرلاردىن تەنقىد ئاڭلايتتى. شۇڭا گەپنى بۇراپ:
— ئوسماق، ئاشۇ ھېكايەڭنى يەنە ئاڭلىغۇم بار ئىدى، بىر ئېيتىپ بەرسەڭ، — دېدى.
— ماقۇل، ئېيتىپ بېرەي! لېكىن خامانى توختىتىپ قويامسەن؟ بولمىسا گۇناھ يەنىلا ماڭا ئارتىلىپ قالىدۇ، — دېدى ئوسماق ھېجىردىكى سۇنى سومۇرۇپ ئىچىپ تۇرۇپ، — ئۇ دېگەن 48-يىلى ئەمەس، 47-يىلدىكى ئىش. ئۇ قىش ۋاقتى ئىدى. مەن بىزنىڭ يۇرتتىن چوڭ-كىچىك 11 ئېشەكنى ئوغرىلاپ باشقا بىر ناھىيىگە ئاپىرىپ ساتتىم. شۇ كۈنى كېچىدە ئۇ يەردىن بىر توپ كالىنى ئوغرىلاپ پاقلىق دېگەن يەرگە ئېلىپ كېتىۋاتقاندا تۇتۇلۇپ قالدىم. ئېشەكلەرمۇ، كالىلارمۇ ئىككى جايدىكى چوڭ بايلارنىڭ ئىدى. بىر قۇرۇق ئېرىقتىن ئۈچ چېرىك سەكرەپ چىقىپلا مىلتىقلىرىنى بىزگە تەڭلەپ ئۇچىمىزنى تۇتۇۋالدى. مەن ئۇ چاغدا 30 ياشلارغا كىرىپ قالغانىدىم. 17-18 ياشلاردىكى ئىككى بالىنى شاگىرتلىققا ئالغانىدىم. شۇ پەيتتە باي بىر توپ ئاتلىق ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپلا بىزنى قامچىلاپ ئۇرۇپ كەتتى. ئاندىن كېيىن ھېلىقى چېرىكلەرگە پۇل بەردى. مەن ئىچىمدە بۇ چېرىكلەر نېمانچە جان كۆيدۈرىدىكىن دېسەم ئىش مۇنداق ئىكەن-دە، دەپ ئويلاپ كۈلۈپ تاشلىدىم. باي چېرىكلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ما ئوغرىنىڭ كۆلۈۋاتقىنىنى قاراشىسىلا بەگلىرىم، دەپ ۋارقىراپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر خەنزۇ چېرىك يۈگۈرۈپ كېلىپ مىلتىقنىڭ پەينىكى بىلەن دۈمبەمگە بىرنى سالدى.
— قويە بۇ يەرلىرىنى، قىزىق يېرىنى دېگىنە!
— جىم تۇرۇپ ئاڭلىمامسەن، بولمىسا ئېزىپ كېتىمەن! شۇنداق قىلىپ مەن جىم تۇرۇپ بەردىم. چېرىك مېنى قايتا ئۇرمىدى. لېكىن ئۇچىمىزنىڭ قولىغا كويزا سېلىۋالدى.

قاراپ تۇرسام ئۇلار قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ھېلىقى باي خەنزۇچىنى چالا - پۇلا بىلىدىكەن، ئارىلاپ - ئارىلاپ ھېلىقى خەنزۇ چېرىككە بىر نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ گېپىنى ئۇقمىغاندىن كېيىن جىم تۇرۇۋەردىم.

— ئوسماق، بۇ يەرلەرنى دېمىسەڭمۇ بولىدۇ. ھېلىقى قوڭغۇزنى ياغاچ ئۇچىغا سېلىپ ئىشان بولۇۋالغىنىڭنى دېگىنە.

— بىر باشتىن دېمىسەم ئېزىپ كېتىمەن ۋاي.

— ماقۇل ئەمىسە.

— شۇنداق قىلىپ بىزنى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە قاماپ قويىدى. ئۇزاققا قالماي ئىككى شاگىرت بالىنى ئاتا - ئانىلىرى پۇل تۆلەپ ئېلىپ كەتتى. مەن قالدىم. قارىسام مېنى خېلى ئۇزۇن سولايدىغاندەك قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئوغرىلىق قىلىپ تۆت يىلمۇ، بەش يىلمۇ ياتقانىدىم.

— ھەي ئوسماق، سەن تېخى قانچە يىل ياتقىنىڭنىمۇ بىلمەمسەن؟ — دېدى چاۋار سەمەت ھەيران بولۇپ.

— ھەي ئاداش، — دېدى ئوسماق پەرۋاسىزلىق بىلەن، — ئۇ قاراڭغۇ ئۆيدە كۈن بىلەن تۈننى بىلگىلى بولمىسا، بىزدەك ساۋاتسىز ئادەم يىل، ئاينى قانداق ھېسابلىيالايمىز؟ ھېسابلاپ چىققان بىلەنمۇ يەنە ئۇنتۇپ قالىدىغان گەپ.

— بولدى، بولدى. بۇگېپىڭنى قويۇپ ھېلىقى ھېكايەڭنى ئېيتە!

— گەپ سوراۋېرىپ ئۆزۈڭ ئېلىشتۇردۇڭ. نەگە كەلگەنىدىم؟

— ھە، خېلى ئۇزۇن سولايدىغان تۇرىدۇ دېگەنىدىڭ.

— ئېلگىرى تۇتۇلغان چاغلىرىمدا بىرنەچچە ئاي سولاپ قويۇپ بېرەتتى. تالا - تۈزگە ئەپچىقىپ ھويلا - ئارامىلارنى سۈپۈرگۈزەتتى. ئەمما بۇ قېتىم سوراقتىن كېيىنلا پۇت - قولۇمغا كويزا - كىشەن سېلىپ قاراڭغۇ ئۆيگە سولىۋەتتى. كۈن نۇرىنى كۆرمەي بىر يىلدىن ئارتۇقراق ياتتىم. ئەمدى بۇ يەردە يېتىۋەرسەم چىرىپ تۈگەيدىغان ئوخشايمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە قاچمايمەنمۇ. يائوقتا ئۆلەرمەن، يا قۇتۇلۇپ ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتەرمەن دەپ ئويلاپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن قېچىشنىڭ ھەرخىل يوللىرىنى ئىزدىدىم. تامنى تېشەي دەپ تەشكىدەك جاينى تاپالمىدىم. چۈنكى مەن ياتقان ئۆي تۈرمە ئۆيلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ھەممە تەرەپلىرىدە كامىرلار بار ئىكەن. تۆگلۈكتىن قاچاي دېسەم بۇ ئۆيلەر بەك ئېگىز، تۆگلۈكمۇ يوق ئىدى. پەقەت ئىشىكنىڭ ئۈستۈنرەك تەرىپىدە بىر قاچا پاتقىچىلىك تۆشۈك بار ئىدى. گۇندىپايلار ئاشۇ تۆشۈكتىن تاماق سۇنۇپ بېرەتتى. ھېچ ئىلاج قىلالماي يەنە بىرنىم يىلدەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى.

بىر كۈنى بىر ئۇيغۇر چېرىك ھېلىقى تۆشۈكتىن ئۆي ئىچىگە قاراپ بوش ئاۋاز بىلەن: ئوسماق دېگەن سەنمۇ؟ سەن ئىلاج قىلىپ قېچىپ كەت. بولمىسا يا ئېتىپ تاشلايدۇ ياكى تۈرمىدە چىرىپ ئۆلىسەن! دەپ قويۇپلا كېتىپ قالدى. پۈتۈن بەدىنىمنى

سوغۇق تەر بېسىپ كەتتى. ناھايىتى قورقتۇم. ئىككى كۆنگىچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كىرمىدى. گېلىمدىن تاماق ئۆتمىدى.

— شۇنداق قىلىپ، قانداق قاچتىڭ؟ — يەنە ئالدىراتتى چاۋار سەمەت.

— ھېلىقى ئۇيغۇر چېرىك قاچۇرۇۋەتتى.

— نېمە، نېمە؟ — چاۋار سەمەت ھەيران بولۇپ ۋارقىراپ كەتتى، — ياخشى ئادەمكەن ھە، ئۇ.

— ھەئە، ماڭا ياخشىلىق قىلدى، لېكىن ئۇمۇ ساقچى بولۇشتىن ئىلگىرى ئوغرىلىق قىلغانىكەن ئەمەسمۇ؟

— توۋا خۇدايىم! — چاۋار سەمەت تېخىمۇ بەك ھەيران بولدى، — ئوغرى ئوغرىنى ھەرقانداق جايدا تونۇيدىكەن-ھە!

ئوسماق مەغرۇرلىنىپ كۈلۈپ قويدى-دە: — ئۇ نۆۋەتچى بولغان كۈنى ئۆزىمۇ مەن بىلەن قاچتى، — دېدى.

— ئۇنىڭ ئېتى نېمىكەن؟

— ئۇ دېگەنچۇ، ئاۋۇ تۆۋەنكى مەھەللىدىكى شاۋدۇيجاڭلىقتىن چۈشۈپ كەتكەن قېيۇم چېرىك دېگەن شۇ.

چاۋار سەمەت ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، ساقىلىنى سىلىغانچە ئوسماققا قاراپ قېتىپ قالدى:

— مۇنداق دېگىنە ئاداش، ھېكايەڭنى باشتىن باشلاپ ئېيتمىغان بولساڭ بۇ يەرلىرىنى بىلمەي قالىدىكەنمەن جۇمۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئىشنى ھەجەپ بىزنىڭ بۇ يەردىكى خەقلەر بىلمەيدىكىنا؟

— خەق بىلمىگەن بىلەن ھۆكۈمەت بىلىدۇ!

— ئەمىسە، سەنمۇ ئەجەپ دېمەپسىنا؟

— مەن نېمىشقا دەيتتىم، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ماڭا ياخشىلىق قىلغان تۇرسا! ئۇنداق قىلسام ئاش بەرگەن ئادەمنى چىشلەيدىغان ئىتقا ئوخشاپ قالمامدىمەن؟

— بۇ دېگىنىڭمۇ ئورۇنلۇق، سەن قانداق تونۇۋالدىڭ ئۇنى؟

— ئۇ مېنى ئۆزى ئىزدەپ كەلدى. مەن تۈرمىدىن چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر ناتونۇش ئادەم كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەلدى: ئوسماق ئاخۇن، مېنى تونۇدىلىمۇ؟ دەپ تىكىلىپ تۇرۇۋالدى. مەن ئېسىمگە ئالالماي سىلىنى تونۇيالمايۋاتىمەن، دەپ ئەپۇ سورىدىم. قېيۇم چېرىك دەپ ئاڭلىغانمۇ، دېدى ئۇ. ياق، ئاڭلىماپتىكەنمەن دېدىم مەن.

— ئۆزۈڭنىڭ جېنىنى قۇتقۇزغان ئادەمنى ئۇنتۇپ قالدىڭما؟ ئەسكى نېمە ئىكەنسەن جۇمۇ سەن ئوغرى، — دېدى چاۋار سەمەت.

— چاۋار ئاخۇن، بۇ دېگەن 20 نەچچە يىل ئىلگىرىكى ئىش، ئۇنىڭدىن كېيىن

بىز ئەسرار بولمىغان تۇرساق. ئۇ بىر دەم كۈلۈپ تۇرغاندىن كېيىن: سىلىنى تۇرمىدىن كىم قاچۇرۇۋەتكەن، دېمەسمۇ. مەن دەرھال ئېسىمگە ئېلىپ ئۇنىڭدىن قايتىدىن ئامانلىق سورىدىم. داستىخان سېلىپ ئۆيدىكى بار-يوق ئىككى زاغرىنى ئالدىدا قويدۇم. سىنچىلاپ قاراپ ئۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ كەينىدىكى ئىككى مەڭدىن ئۇنى راستىنلا تونۇۋالدىم. ئىككىمىز باشتىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەشتۇق. مەن ئۇنىڭغا يومدان ئاش ئېتىپ بەردىم.

— ئۇ نەلەردە يۈرۈپتۇ؟ — دەپ يەنە گەپكە قوشۇق سالغىلى تۇردى چاۋار سەمەت.

— بىز بىر بازار كۈنى بازارنىڭ تازا قىزىغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ قاچقانىدۇق. ھېچكىم تۇيماي قالدى. ئۇ مېنى بازار ئىچىدىن ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. پۇت-قولۇمدا كويزا-كىشەن بار ئىدى. شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپلا ئۇ پۇت-قولۇمدىكى كويزا-كىشەننى ئېلىۋېتىپ ئازگالغا تاشلىۋەتتى-دە: يوشۇرۇنغۇدەك ياخشىراق جايغا قاراپ ماڭ، دېدى. بىز يولدىن ئاز-تولا يەيدىغان بىر نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىپ شۇ ماڭغانچە قاراڭغۇ چۈشكەندە توقايلىق دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدۇق. ئۈچ كۈن يوشۇرۇنۇپ ياتتۇق. كېيىن ئۇ ماڭا: سەن بىلەن بىللە تۇتۇلۇپ قالسام مېنىڭ جىنايىتىم ئېغىر بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر تۇتۇلۇپ قالغۇدەك بولساڭ مېنى كۆرمىدىم دە! تۇتۇلماي قالساڭ ئۆزۈڭنىڭ تەلىيى، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى كۆرۈشۈپ قالارمىز. سەن مېنى نېمە ئادەمكىن، دەپ قالما! مەنمۇ ياش ۋاقتىمدا ئوغرىلىق قىلغان. لېكىن سەندەك داڭلىق ئوغرى بولالمىدىم. كېيىن بۇ ئىشتىن قول ئۈزۈپ ساقچى بولدۇم. قارىسام ساقچى دېگەن ئوغرىدىنمۇ ئەسكى بىر نېمىلەركەن، ھەتتا بەزى ساقچىلار ئوغرىلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ پۇقرانى بوزەك قىلىدىكەن. شۇڭا بۇ ئىشتىنمۇ رايىم يېنىپ تۇرغانىدىم. قېچىپ كېتەي دەپ تۇرسام سەن كىرىپ قالدىڭ، بىر كۈنى سەن توغرۇلۇق بولغان گەپنى ئاڭلاپ قالدىم. سېنى يا ئېتىپ تاشلاش ياكى ئۆمۈرۋايەت قاماپ قويۇش توغرىسىدا مەسلىھەت بولدى. شۇڭا ساڭا خەۋەر قىلىپ قويدۇم. ئەمدى سەنمۇ ئۆز يولۇڭغا ماڭ. مەنمۇ ئۆز يولۇمغا ماڭاي، دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئايرىلىپ كەتتۇق. پەقەت بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن كۈنىلا مەن ئۇنىڭ قەيەردە يۈرگەنلىكىنى بىلدىم!

— قەيەرلەردە يۈرۈپتۇ؟

— ئادەمنىڭ گېپىنى بۆلمىسەڭچۇ! سەنزە كەمبەغەل دېھقانلار ئاكتىپى بولدۇم دەپ... كۆرەش يىغىنلىرىدا خەققە تولا سوئال قويۇپ ئۆگىنىپ كەتكەن نېمىكە نېمەن جۇمۇ؟

— ھەي ئوغرى، نېمە كەمبەغەل دېھقان ئاكتىپى دېگەنلەرنى چىشلەپ تارتىسەن؟ سەن ئۆزۈڭ قانچىلىك نېمىدىڭ؟ ئوغرىلىق قىلدىم دېگىنىڭ بىلەن ئۆمرۈڭدە ئاستىڭغا سالغۇدەك بىر پارچە كىگىزگە ئېرىشەلمىگەن، بېھرەر قېتىم خوتۇنۇمۇ ئالالمىغان نېمە

تۇرساڭ؟ چوڭ سۆزلەپ كەتكىننى.

ئۇسماق بۇ گەپنىڭ ئاقىۋىتىدىن سەل قورقتى بولغاي، دەرھال ئۇنىڭغا يالۋۇردى:

— خاپا بولما، چاۋار ئاداش، مەن ئويلىمايلا دەپ قويۇپتىمەن.

— ھە، ماقۇل ئەمسە، سۆزلەۋەر، — دېدى ئۇ خۇددى بۇيرۇق قىلغاندەك.

— ئۇ ئاۋۋال بىر ھارۋىكەشكە يالىنىپ ئۇدۇل ئاقسۇغا بېرىپتۇ. يىراق بىر يېزىغا بېرىپ ئىگىسىز بىر پارچە بوز يەرنى ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىپتۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇ يەردە ئازراق شەپە چىققانىكەن، بىر كېچىدىلا يەنە ھارۋىكەشلەرگە قوشۇلۇپ قارا شەھەرگە بېرىپتۇ. ئۇ يەردىمۇ شەھەردە تۇرماي ئەڭ چەت يېزىغا بېرىپ، ئوغلى يوق بىر ئادەمگە ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ ئولتۇراقلىشىپتۇ. كېيىن بوغالتىر بولۇپتۇ. بارا-بارا ئۆز يۇرتىنى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى سېغىنىشقا باشلاپتۇ. ھېساباتتىدىمۇ ئازراق مەسىلە چىقىپ بوغالتىرلىقتىن قالدۇرۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا-چاقىسىنى ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا كەلگەنىكەن. يۇرتىدىكى كىشىلەر ئۇنى قارشى ئېلىش ئورنىغا ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى كولىغىلى تۇرۇپتۇ. ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ 62-يىلى ئەتىيازدا بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىپتۇ. چۈنكى بىزنىڭ بۇ جايىمۇ خىلۋەت جاي ئەمەسمۇ! ئۇ مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى بىلىپ ئىلگىرىكى ئىشلارنى دەپ قويمىسۇن دەپ مېنى ئىزدەپ كەلگەنىكەن.

— ئۇ نېمىشقا قورقىدۇ ئەمدى؟ گومىنداڭنىڭ ساقچىلىقىدىن قېچىش ھازىرقى زاماندا ئىلغارلىققا ياتىدىغان ئىش تۇرسا، — دېدى چاۋار سەمەت.

— ئۇنىڭمۇ ئوغرىلىق قىلغان تارىخى بار ئەمەسمۇ؟ كىشىلەر ماڭا قىلغاندەك قوپاللىق قىلسا ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن ئۇ ئاز-تولا بىلىمى بار ئادەم-دە. مەن ئۇنىڭغا سىز ماڭا ئۆز ۋاقتىدا ياخشىلىق قىلغان تۇرسىڭىز، ئۇ ئىشلارنى نېمىشقا دەپ يۈرەتتىم. ھەرگىز ئاغزىمدىن چىقارمايمەن، دەپ ۋەدە بەردىم. ئۇ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن مېنىڭ نەلەردە يۈرگەنلىكىمنى سورىدى.

— ھە، شۇ ھېكايەڭنى ئېيتقىنا، — دېدى چاۋار سەمەت ئۇنى ئالدىرىتىپ.

— دەسلەپتە يۇرتىمىزنىڭ چېتىدىكى قوناقلىقتا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنىدىم...

— ھەي ئۇسماق، نېمە ئېلىشتۇرۇپ يۈرىسەن؟ سەن 10-ئايدا قاچتۇق دېگەنىغۇ! 10-ئايدا قوناق تۇرامدۇ؟ — دېدى چاۋار سەمەت ئۇنىڭ سۆزىدىن چاتاق تېپىۋالغىنىغا ئۆزىچە خۇشال بولۇپ.

— مەن قاراڭغۇ ئۆيدە يېتىۋەرگەچكە 10-ئاي بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپتىكەنمەن. ئەسلى بىز 9-ئاينىڭ باشلىرىدا قاچقان ئىكەنمىز. كۈندۈزى ھېلىقى ئادەم بارمايدىغان يارنىڭ ئۆڭكۈرىدە يوشۇرۇنۇپ ياتتىم، كېچىسى قوناقلىققا چىقىپ كۆكباشلارنى چاپىنىمغا سېلىپ ئېلىپ كەتتىم. بىرقانچە كۈن كۆكباشلا پۇچىلاپ يەپ ئۇنىڭدىنمۇ زېرىكتىم. نان يېگۈم كېلىپ كەتتى. شۇڭا بىر كۈنى نېمە بولسام بولاي دەپ ئاياغ مەھەللىدە

ئولتۇرىدىغان ھاشىم ئاخۇننىڭ ئۆيىدىن بىر تەگلە ناننى ئوغرىلاپ كەتتىم. بەزى كەچلىرى كىشىلەرنىڭ بېغىغا كىرىپ ئالما، نەشپۈتلەرنىمۇ ئوغرىلىدىم. بىر ئايغا يېقىن ئاشۇنداق جان بېقىپ يۈردۈم. بۇ ئارىلىقتا گومىنداڭ چېرىكلىرىنىڭ بىزنىڭ مەھەللىگە كېلىپ ئىزدەپ تاپالماي كېتىپ قالغانلىقىنى يىراقتىن كۆرۈپ قالدىم.

— پو ئاتىما ۋاي ئوسماق! ئۇ يەر بىلەن سېنىڭ مەھەللەڭنىڭ ئارىلىقى شۇنچە يىراق تۇرسا قانداقچە كۆرەلەيسىناۋاي، — دېدى چاۋار سەمەت ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي.

— نېنىم تۈگىگەندى، نان ئوغرىلاپ كېلەي دەپ ھېلىقى ھاشىم ئاخۇننىڭ ئۆيىنىڭ بۇ يېقىدىكى قوناقلىقتا مارىلاپ تۇرغانىدىم.

— ئىشەنمەيمەن، — دېدى چاۋار سەمەت، — قوناقلىقتا يۈرسەڭ كۆزلۈك يىغىمغا چىققان خەقلەر كۆرۈپ قالمامدۇ سېنى؟

— ھۆي، مېنى گەپ قىلغىلى قويامسەن يوق! بولدى ئېيتمايمەن ھېكايىنى، — دېدى ئوسماق، ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئەكىلە، خامانىنى ئۆزۈم ھەيدەيمەن.

ئوسماق قولىغا تاياق ئېلىپ خامانىنى ھەيدىگىلى تۇردى.

— ئېيتمىساڭ مەيلى. يالغان ياۋىداق ھېكايەڭنى ئاڭلاپ ھېرىپ قالدىم. قىزىق يېرىنى دېسەڭچۇ بۇ ۋاقىچە تۈگەيتتى. ئەمدى ئەزالار كېلىدۇ.

چاۋار سەمەت ساتمىغا كىرىپ كونا چاپاننى بېشىغا قويۇپ سوزۇلۇپ ياتتى. ئوسماقمۇ بىر قولىنى قولىقىغا تۇتۇپ لاي-لايىنى باشلىۋەتتى.

ئەتىسى ئۇلار يەنە ئۇلاغلارنى خامانغا قوشتى. ئوسماق قولىغا تاياقنى ئېلىپ ئۇلاغلارنى ھەيدەشكە باشلىۋېدى، چاۋار سەمەت تاياقنى تارتىۋالدى.

— سەن ھېكايەڭنى ئېيت، مەن ھەيدەي، — دېدى ئۇ. ئوسماق ساتمىغا كىرىپ ھېكايىسىنى ئېيتىشقا باشلىدى.

— بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دېھقانلار قوناقنى ئورۇشقا باشلىدى. بۇلار ئەمدى مېنىڭ ئۇۋامنى بۇزىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپ بۇ يەردىن چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلدىم. ئۆزىمىزنىڭ يېزىسىغا بارسام بولمايتتى. مەن بۇرۇن ئوغرىلىق قىلغان يەلەرگىمۇ بارسام بولمايتتى. ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى توغراقلىق دېگەن يېزىغا بارماقچى بولدۇم. ئۇ يەردە مېنى ھېچكىم تونۇمايتتى. يولدا كېتىۋېتىپلا بىر ياغاچ بىلەن ئازراق يار يېلىم تاپتىم. ياغاچنى ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلغاندىن كېيىن مېغىزىنى يېۋېلىپ، يىڭنە بىلەن كىچىك تۆشۈك ئاچتىم. كېيىن بىر قارا قوغۇزنى ياغاچ ئىچىگە سېلىپ يارىيلىم بىلەن ياغاچنى چاپلىدىم. بۇنى تۇرمىدىكى چاغدا ئاڭلىۋالغانىدىم. شۇنداق قىلىپ، سوپى قىياپىتىگە كىرىپ مەھەللىگە كەلدىم. قولۇمدا بىر تەسۋىمۇ بار ئىدى.

— سەن ئوغرى تۇزۇكرەك بىرەر ئايەتمۇ ئوقۇيالمايدىغان تۇرساڭ، ساڭا كىم

ئىشىنىدۇ؟ — دېدى چاۋار سەمەت كۆزىنى چىمىلدىتىپ.

— بىزمۇ مۇسۇلمان بالىسى بولغاندىن كېيىن خېلى بىر نېمىلەرنى بىلىمىز دېگىنە، — دېدى ئۇسماق بىر تال چۇۋۇق بىلەن غولىنى قاشلاپ تۇرۇپ.

— ھاۋا ئىسسىق بولغاندىن كېيىن ئۇچاقدىكى جەندەگىنى سېلىۋەتسەڭ بولمامدۇ؟ بۇ نەرسەڭ يا تېرە ئەمەس، يا رەخت ئەمەس، يوغان نېمەڭ باردەك قىشتىمۇ، يازدىمۇ كىيىۋالىدىكەنسەن ۋاي! نېمىدىن تىكىلگەن نېمە ئۇ؟

— ئەمىسە مۇشۇنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟

— بولدى، ياكاقنىڭ ئىچىگە قوڭغۇزنى سالدىم دېگەن يەردىن باشلاپ ئېيتقىنا.

— دەسلەپتە دېۋانە قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ نان تىلەپ جان باقتىم. ئۇ يەردە قاسىم شاتىراق دېگەن بىر ئادەم بار ئىكەن. ئۇ ئەسلى باي بولۇپ، قىمار ئويناپ، خوتۇنبازلىق قىلىپ ۋەيران بولغانىكەن. يەر ئىسلاھاتىدا تەركىپى كەمبەغەل دېھقان دەپ بېكىتىلىپتىكەن. ئۇ تېمىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن كۈندۈزى كۈننىڭ نۇرى، ئاخشىمى ئاينىڭ شولىسى چۈشۈپ تۇرىدىغان بىر ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇرىدىكەن. سالتاڭ بولغانلىقى ئۈچۈن مېنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالماقچى بولدى. مەن ئۇنىڭغا زىياۋىدىن مازىرىدىن كەلدىم، دېدىم.

— قايسى زىياۋىدىن مازىرى ئۇ؟ — دەپ سورىدى چاۋار سەمەت.

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئاغزىمغا كەلگەننى دەۋەردىم، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇسماق، — بىر ئاخشىمى مەن ئۇنىڭغا كارامىتىمنى كۆرسەتتىم. ئۇچاقنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ يانچۇقۇمدىكى ياكاقنى ئوتقا يېقىن قويدۇم، كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ بىر نېمىلەرنى



ىپچىرلاپ ئۇ ئۇفۇۋۇەردىم. ئارىلاپ-ئارىلاپ بىر كۆزۈمنى ئېچىپ، ياگاقتا قاراپ قويىمەن. بىر چاغدا ياگاق بوشراق مىدىرلاشقا باشلىدى. كۆزۈمنىڭ قىرى بىلەن قاسىم شاتىراقتا قارىسام، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ. بىر قولىدا ياقىسىنى چىڭ سىقىمداپ سۇبھانالللانى ئوقۇغىلى تۇردى. مەن كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ ئاۋازىمنى بوشراق چىقىرىپ بۇ كارامەت مەندىن ئەمەس ئالالادىن، ئالانىڭ بەندىلەرگە بىشارىتى، دەپ ئوقۇغىلى تۇردۇم. قارىسام ئوت تازا ئۇلغايغىلى تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەي بەندىلەر! ئەمدى كۆر ئۇنىڭ كارامىتىنى، ئۇ سەكرەيدۇ، سەكرەيدۇ، كېسەللەرگە سۇ دەيدۇ. ئىشەنمىسەڭ ھېكمەتكە، كاپىرسەن دەپ يەكلەيدۇ، دەپ ئوقۇدۇم. ياگاقتىكى قوڭغۇز ئىسسىقتا چىدىماي سەكرىگىلى تۇردى. ئوتنىڭ پەسىيىشىنى پەملەپ تۇرۇپ توختا! دەپ بۇيرۇق بەردىم. ياگاق بىر ئىككى قېتىم بوشراق ئىغاڭلاپ ئاستا-ئاستا توختاپ قالدى. مەن قولۇمنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قاسىماخۇن قورقتىڭمۇ؟ دېدىم كۈلكەمنى بېسىپ تۇرۇپ، چۈنكى بۇ قىلغانلىرىمغا ئۆزۈممۇ كۈلۈپ كېتىشكە تاسلا قالغانىدىم. يا ھەزرەت، نېمىدېگەن كارامەت بۇ. ئالاتائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىگە كۆرسىتىدىغان خىلمۇ خىل كارامەتلىرى باركەن جۇمۇ قوۋان سوپۇم؟ دېدى ئۇ. مەن ئىسمىنى شۇنداق ئۆزگەرتىۋالغانىدىم. ئالانىڭ قۇدرىتى ئۇلۇغ، قاسىم ئاخۇن، — دېدىم مەن مەيدەمنى سەل كېرىپ تۇرۇپ، — بىز سوپىلار ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن ئالا يولىدا دۇئا قىلىپ، يۇرت كېزىپ يۈرىمىز ئەمەسمۇ! بۇ نېمە ئۈچۈن دېسىلە، ھەر ۋاقىت، ھەر سائەت كىشىلەرگە ئالانى ياد ئەتكۈزۈش ئۈچۈن.

— ھەي ئوسماق؟ سەن مۇشۇنداق مېغىزلىق گەپلەرنى قانداق تاپتىڭ؟ — دېدى چاۋار سەمەت سەل ئىشەنمىگەندەك قىلىپ.

— چاۋار ئۇكام، يەنە ئىشەنمىگەندەك قىلىۋاتىسەن ھە، بولمىسا مەن قىش كەلگەندە ساڭا بىر كۆرسىتىپ بېرەي. لېكىن شۇ ۋاقىتتا ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ ئۇنى ئىشەندۈرگىنىمگە ئۆزۈممۇ ھەيران قالغانىدىم. ھازىر ئويلاپ كۆرسەم ئادەمنىڭ بېشىغا كۈن كەلگەندە باتۇر بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ!

— ئوسماق، سەن مېنى بىر دەم ئاداش دەيسەن، بىر دەم ئۇكام دەيسەن، قايسى گېپىڭ راست؟

— شۇنىڭغىمۇ كوتۇلدامسەن؟ ھەممىسى راست. ئۇكام دېسەم، سەن مەندىن ئىككى-ئۈچ ياش كىچىك. شۇڭا ئۇكام دېسەممۇ بولىدۇ. بىر-ئىككى ياش دېگەننى ھېسابلىمىسىمۇ بولىدۇ. ئاداش دېگىنىممۇ توغرا. ئۇنىڭغا نېمانچە قىلىپ كېتىسەن؟

— بولدى، ھېكايەڭنى ئېيتقىنا.

— قاسىم شاتىراق ئەتىسىلا بۇ ئىشنى مەھەللىگە يېيىپتۇ. بىرنەچچە ئادەم كېلىپ مېنىڭ كارامەت كۆرسىتىپ بېرىشىمنى ئېيتقانىدى. مەن كارامەتنى خالىغانچە كۆرسىتىۋەرسە ھېكمىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ، دەپ تۇرۇۋالدىم. ئۇلار ئۆز كۆزى بىلەن

كۆرمىسە قاسىمنىڭ كېيىنكى ئىشە نەمە يەدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار جاماڭەت ئارىسىدا قاسىمنىڭ كېيىنى يالغانغا چىقىرىۋەتسە مېنىڭ ئۇ يەردە جان بېقىشىم تەس بولۇپ قالاتتى. شۇڭا مەن ئۇلارنى ئولتۇرغۇزۇپ ھېلىقى ئۇسۇل بىلەن كارامەت كۆرسىتىپ بەردىم. ئۇلار قاسىم شاتىراقتىنمۇ بەك ھەيران قېلىشتى. بەزىلىرى ھەقىقىي كارامەتكەن، دېيىشىپ ياقىلىرىنى تۇتۇشتى. ئۇلارنىڭ بىرى سۆيۈم، تومۇرمۇ تۇتالامىلا، دېدى. تومۇرمۇ تۇتىمەن! لېكىن كېسەلنىڭ ئىسسىقى مۇشۇ ياكاقتىن بىلىنىدۇ. ئېغىر، يېنىكلىكىنى، نېمە كېسەل ئىكەنلىكىنى مۇشۇ ياكاقنىڭ چايقىلىشىدىن بىلۋالىمەن، دېدىم چاندۇرماي تەسۋىيىمنى سىيرىپ ئولتۇرۇپ. بىزنىڭ بۇ يەردە تېۋىپ يوق، ئەمدى ياخشى بولدى. سىلىدەك ھەم كارامەت كۆرسىتىدىغان ھەم تومۇر تۇتالايدىغان ئادەمگە ئېرىشتۇق، دەپ بىر-بىرلەپ چىقىپ كەتتى. كارامەتنىڭمۇ ھېلىقىدەك قىلىپ جايلىدىم، لېكىن كېسەل كۆرسىتىشكە كەلگەنلەرنى كۆرۈپ بېشىم قاتتى. لېكىن بۇنىڭغىمۇ ئامال تاپتىم. بەزى تۇمۇقاپ قالغانلار كەلسە نېمە يېگەن، نېمە ئىچكەنلىكىگە قاراپ ئۇنىڭ تەتۈرسىنى بۇيرۇسام بىرقانچىسى ساقىيىپ قاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن خەقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولدۇم.

— تەتۈرسى دېگىنىڭ نېمە؟ — دېدى چاۋار سەمەت چۈشەنمەي.

— شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ مەسىلەن، قوغۇن يېدىم دېسە قىش كۈنى سوغۇق كەپتۇ، ئىرىك گۆشى يەڭ دېدىم. پىياز ئارىلاشتۇرغان نەرسە يېدىم دېسە يەل كەپتۇ، شوۋا گۈرۈچ ئىچىڭ دېدىم. توخۇ گۆشى يېدىم دېسە تاۋۇز سۈيى ئىچىڭ دېدىم.

— ياپىرىم، سەن ئوغرى تۈرمىدە ھەقىقەتەن جىق نەرسىلەرنى بىلۋاپتىكەنسەن جۇمۇ. ئۇلار ساقايدىما؟

— ھەي چاۋار ئاخۇن، مەن كېسەل ساقايتالامدىمەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەسادىپىي ساقىيىپ قالغانلىرىمۇ بار.

— راست دەيسەن. سەن كېسەل ساقايتىدىغان بولساڭ كوچىدىكى پاتەم ساراڭمۇ ئۆزىنى مەن دوختۇر دەۋالامدۇ ۋاي! ئاخىرى قانداق بولدى؟

— ئاخىرى قانداق بولاتتى؟ قوي سەمرىسە ئۆلىدۇ، ئادەم داڭق چىقارسا يىقىلىدۇ. بۇ ئىش قۇلاقتىن-قۇلاققا ئاڭلىنىپ مېنىڭ داڭقىم بىزنىڭ تەرەپلەرگىمۇ يېتىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ يېزىدىكى قاۋۇل توقام يېتىپ قالغان كېسەلمەن خوتۇنىنى ماڭا كۆرسەتكىلى ئاپىرىپتۇ. ئۇ دەسلەپتە مېنى تازا تونۇپ كېتەلمەي ۋاي سۆيۈم، مۇشۇ خوتۇنغا بىر شىپالىق ئاتا قىلسىلا، دەپ يالۋۇرۇپ كەتتى. مەن چاندۇرماسلىق ئۈچۈن تومىقىمنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، بېشىمنى تۆۋەن قىلىپ تۇرۇپ سىز بۇ مەزلۇمنى پالانچى مازاردىكى پالانچى ھەزرەتكە كۆرسىتىڭ، شۇ ئادەم ساقايتالايدۇ، مەن ئۇنىڭ شاگىرتى، مېنىڭ قۇۋۋىتىم يەتمەيدىغاندەك قىلىدۇ، دېگەنىدىم، ئاۋازىمدىن تونۇۋاپتۇ.

ئۇ بۇ يەرگە قايتىپ كېلىپ كۆرگەنلا ئادەمگە: ئۇ يەردىكى كارامەت كۆرسىتىدىغان سوپۇم كىمكەن دېسەڭلار، ئۇ ھېلىقى تۈرمىدىن قاچقان ئوسماق ئوغرى ئىكەن ئەمەسمۇ دەپ يېيىۋېتىپتۇ. ئەتىسى ئۆزۈممۇ دەككە-دۈككىدە قېلىپ بۈگۈن كېچە بۇ يەردىن قاچاي دەپ تۇرسام ئەل ياتقۇ بولۇشىغىلا نۆت ساقچى ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ تۇتۇۋالدى. شۇ ياتقانچە تاكى گۈگۈچەندالڭ كەلگۈچە يېتىپ كەتتىم.

— ساقچىغا شۇ قاۋۇل توقام دەپ قويۇپتىما؟

— ياق، مەھەللىمىزدىكى نۇراخۇن باينىڭ ئوغلى ھېلىم سولتەك چېقىپ قويۇپتۇ.

— سەن ئۇنىڭغا نېمە يامانلىق قىلغانىدىڭ؟

— مەن ئۇنىڭغا يامانلىق قىلمىغان، ئۇ خەقنىڭ خوتۇنىغا چېقىلىپ بوزەك قىلغاندا خوتۇننىڭ ئېرىگە بولۇشۇپ ئۇنى ئۇرغان!

— ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ئۆزۈڭمۇ جىم يۈرمەيدىغان نېمىكەنسەن؟

— چاۋار ئاخۇن، مەن ئەسكى بولغان بىلەن كىشلەرنىڭ خوتۇن-قىزلىرىنى بوزەك قىلغان ئادەمنى يامان كۆرىمەن، چۈنكى ھەممە ئادەمنىڭ ئاپىسى، خوتۇنى، قىزى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

— سەن ئوغرىنىڭمۇ ياخشى تەرەپلىرىڭ بار ئىكەن-ھە؟

— بولماي! ماڭا ئۆمرۈمدە خوتۇن ئېلىش نېسىپ بولمىدى. لېكىن ئۆزى ماقۇل دېمىسە بىرمۇ خوتۇننى بوزەك قىلغان ئەمەسمەن.

— توختا، ھېلىقى ياڭاق نېمىشقا سەكرەيدۇ، شۇنى دېگىنە؟

— چاۋارئاخۇن، سەن ئاكتىپ بولدۇم، مەجلىسكە قاتناشتىم، ۋەز ئاڭلاپ تۇردۇم دېگىنىڭ بىلەن تازا دۆت نېمىكەنسەن! ئۇنى ئوتقا يېقىن قويغاندىن كېيىن ئىچىدىكى قوڭغۇر قىزىپ كېتىپ سەكرىمەمدۇ؟ كەل، ئەمدى ساتمىغا كىرىپ بىردەم ئارام ئال، خامانىنى مەن ھەيدەي، ئەزالار كېلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. دۈيجاڭلار كۆرۈپ قالسا مېنى ھورۇنلۇق قىلىپتۇ دەپ قالمىسۇن يەنە.

چاۋار سەمەت ساتمىغا كىرىپ ئارام ئالدى. ئوسماق ئۇلاقلارنى چۇھ، دەپ ھەيدەپ قويۇپ قولىغا ئارىنى ئالدى ۋە ئۇلاغلارنىڭ ئايىغى ئاستىغا ئۆنچە تاشلاشقا باشلىدى.

## 3

يەن زېمىن قول ئاستىدىكى باقى ئىسمىلىك ساقچىنى ئەگەشتۈرۈپ گۇڭشېغا كەلدى. ئوسماق ئىنكاس قىلغان ئەھۋاللارنى گۇڭشې مەسئۇللىرىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويغاندىن كېيىن گۇڭشېنىڭ ئامانلىق ساقلاش خادىمىنى ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىپ ئوسماق بار دادۈيگە كەلدى. بۇ يېزىلاردا سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە ھەرىكىتى

ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەزگىل ئىدى.

يەن زېمىن دادۇي قوروۇسىغا كىرىپلا سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشتى. خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن ئوسمان سادىق دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ پىرىنسىپتىن تايمايدىغان، سالماق ئادەم ئىدى. ئۇ يەن زېمىننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— بىزمۇ ئاشۇنداق ئىنكاسنى ئاڭلىغانىدۇق. لېكىن تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىدۇق. بۇ ئوغرىلىق ئىشى بولغانلىقى ئۈچۈن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى مەسئۇل بولۇپ ئىشلىسە، بىز ماسلاشساق قانداق؟ — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ. يەن زېمىنمۇ تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمايلا:

— ئەگەر خىزمەت ئەترىتى ماسلاشسا بىز چوقۇم توغرا يەكۈن چىقىرالايمىز — دېدى. يەن زېمىننىڭ ئۇيغۇر تىلىنى راۋان سۆزلىگەنلىكى ئوسمان سادىقتا يېقىن قالدى. كۆڭلىدە بۇ مول تەجرىبىگە ئىگە، پىشقان، مەسئۇلىيەتچان كادىركەن، دەپ ئويلىدى.

يەن زېمىنمۇ ئوسمان سادىقنىڭ ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن نازىر دەرىجىلىك كادىر بولۇشىغا قارىماي ئۆزىنىڭ سۆزىگە ناھايىتى ھۆرمەت قىلغانلىقىغا، ئۆزلىرى ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرغانلىقىغا قاراپ بۇ چىقىشقاق، كىچىك پېئىل ئادەمكەن، دەپ ئويلىدى ۋە كۆڭلىدە ئۇنىڭغا ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى.

ئوسمان سادىق خىزمەت ئەترىتىدىكى داۋۇت رېھىم ئىسىملىك كىشىنى يەن زېمىنگە ياردەملىشىشكە ئاجرىتىپ بەردى. يەن زېمىن قول ئاستىدىكى ئۈچ كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ بىر قانچە ئۆيگە كىردى. دادۇيجاڭ، شياۋدۇيجاڭ، بوغالتىرلار بىلەنمۇ سۆزلەشتى. ئېتىز بېشىغا بېرىپ يېزا ئاكتىپلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

دادۇيجاڭ ئالماس نىياز 50 ياشلارغا كىرىپ قالغان ئورۇق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ توم ھەم قاپقارا بۇرۇتى ئۆزىگە بەكمۇ يارىشاتتى. ئۇ يەن زېمىن بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. يەن زېمىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن:

— ئوسماقنىڭ ئوغرىلىق مەسىلىسىنى ئېنىقلىغىلى كەلگەنىدۇق. ئۇنىڭ ئىشى بىزنىڭ باشقۇرۇش دائىرىمىزگە كىرمىسىمۇ، خىزمەت ئەترىتىگە ياردەملىشىپ بۇ ئىشنى ئېنىقلايلى دەپ كەلدۇق. سىلە بىلىدىغانلىرىنى بىزگە سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا، — دېدى.

دادۇيجاڭ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ سۆيۈنۈپ كەتتى:

— ھەر قايسىلىرىغا مەلۇم. ئوسماق تۇغما ئوغرى، ئۇ تۈرمىدە ياتقان چاغدا بۇ يەر تىپ-تىنچ ئىدى. ئۇ تۈرمىدىن قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن تىنچلىق بۇزۇلدى. ئۇ كېلىپ ئۇزاقتا قالماي پۇل يىتتى، كالا يىتتى، بىر قانچە قويمۇ يىتتى، ئامباردىن ئاشلىقمۇ يىتتى، ھەتتا بىر كالىنىڭ تېرىسى بىلەن 20 دەك قوي تېرىسىمۇ يىتتى. بۇلارنى

ئوسماقتىن باشقا كىم ئوغرىلايتتى.

يەن زېمىن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— ئالماس داۋۇيجاڭ، سىلە بىزگە ھېلىقى موزايلىق ئىنەكنىڭ ئوغرىلىنىش جەريانىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا بوپتىكەن، — دېدى.

— ئوسماق تۇرۇشلۇق ئەترەتنىڭ كالىلىرىنى مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى توقايدا باقاتتۇق. يىغىم-تېرىم مەزگىلىدە قايتۇرۇپ كېلەتتۇق. باشقا ۋاقىتلاردا ئاشۇ يەردە تۇراتتى. بۇ يىل 3-ئاينىڭ باشلىرىدا ئەتە بازار بولىدۇ دېگەن كۈنى كەچتە مەن مال باققۇچىغا كالىلارنى ياندۇرۇپ كېلىشنى تاپىلىدىم. بىر چاغدا ئۇ ھەسرەپ-ھۆمدەپ ئۆيۈمگە كىرىپ ئالماس داۋۇيجاڭ، ھېلىقى ھەر يىلى تۇغىدىغان موزايلىق ئالا ئىنەك يوقاپ كېتىپتۇ، توقاينىڭ ھەممە يېرىنى ئىزدەپ تاپالمىدىم، شۇڭا سىلىگە خەۋەر قىلىپ قويايي دەپ كەلدىم، دېدى. ناھايىتى ئاچچىقىم كېلىپ ئۇنى تىللىۋەتتىم. ئەتىسى ئەرەپ-تەرەپتىن ئىزدىدۇق، لېكىن موزايلىق ئىنەك تېپىلمىدى. بىزنىڭ بۇ داۋۇيدە توت ئەترەت بار، ئاخشىمى ئەترەت باشلىقلىرىنى يىغىپ توڭۇگۇن كىملەرنىڭ سىرتقا چىققانلىقىنى سۈرۈشتۈردۇم. شۇ كۈنى ئوسماق بىلەن سايىم ئاخۇن دېگەن دېھقاننىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكى ئېنىقلاندى. سايىم ئاخۇن ھارامغا قول ئۇزاتمايدىغان ئەقۋادار ئادەم. شۇڭا ئۇنى ئەزەردىن ساقىت قىلدۇق. كالىنى چوقۇم ئوسماق ئوغرىلىغان، بازارغا ئاپىرىپ ساتقان دەپ قارىدۇق. كەچتە ئوسماق قايتىپ كەلدى. ئۇنى داۋۇينىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرىپ سورىدۇق. ئۇ مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ: مەن ئالمىدىم. بۇ قېتىم تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن بىر تال يىڭنە چاغلىق نەرسىنىمۇ ئوغرىلىمىدىم. ئالغان بولسام ئالدىم دېمەمدىمەن، ئەگەر چوقۇم ئالدىڭ دەپ قارىساڭلار ماڭا مۇشت، كالتەك تەگمىگەچكە، ئۆزۈمنىڭ كالامنى ئەگىلىپ بېرەي، دەپلاچىقىپ كېتىپ كالىسىنى ئېلىپ كەپتۇ. بولغان ئىش شۇ. مەسىلە ناھايىتى ئېنىق تۇرمامدۇ، ئوسماق 2-ئايدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى. شۇ ئايدىن باشلاپ ھەرقايسى شىياۋدۇيلەردە كەينى-كەينىدىن نەرسىلەر يىتكىلى تۇردى.

يەن زېمىن كۆڭلىدە، پەيتنى ھەجەپمۇ ۋاقتىدا تاللاپسەن-دە، سەنمۇ بوش ئادەم ئەمەس ئىكەنسەن، دەپ ئويلاپ:

— ئالماس داۋۇيجاڭ، سىلىنىڭ ئۆيىمۇ 2-ئەترەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، مەنمۇ 2-ئەترەتتە ئولتۇرىمەن.

— ئالماس داۋۇيجاڭ، بۇ ئىشنى ئەجەپ ئۆز ۋاقتىدا گوڭشېي ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىگە مەلۇم قىلماپسىلەرغۇ! ئوسماق يېڭىلا تۈرمىدىن چىققان ئادەم تۇرسا، ئۇ كالا ئوغرىلىسا يېڭى جىنايەت بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟

— بىز بۇ تەرەپلىرىنى تازا ئاڭقىرالماپتىمىز. ئۇرۇنغا تۆلەپ بەرگەندىن كېيىن بولىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمىز.

— سىلەر ئۇسماقنى ئۇردۇڭلارمۇ؟
— يوقسۇ، بىز سوراپ بولغۇچە ئۇ ھەممىنى دەپ بولدى.
— ئۇنى دادۇي ئىشخانىسىغا چاقىرىپ كىرگەندە كىملەر بار ئىدى؟
دادۇيجاڭ بىر دەم ئويلىنىپ، شۇ كۈندىكى ئادەملەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆزىگە ئىشەنچلىك دەپ قارىغان ئەترەت باشلىقلىرى بىلەن بوغالتىر ئوبۇلقاسىمنى تىلغا ئالدى. 2 ـ ئەترەتنىڭ باشلىقى مەتقاسىمنى دېمىدى.
— شۇ كۈنى سىلەرنىڭ بۇ يەرگە يات گۇڭشېلاردىن ئادەم كەلگەنمۇ؟
دادۇيجاڭنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى، لېكىن چاندۇرمىدى.
— بىز بۇنىڭغا دىققەت قىلماپتىكەنمىز.
— ئالماس دادۇيجاڭ، سىلىنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇق، خوش ئەمسە، — يەن زېمىن ھەمراھلىرى بىلەن بىللە چىقىپ كەتتى.
يەن زېمىن شۇ كۈنى يەنە 2 ـ ئەترەتنىڭ باشلىقى مەتقاسىم بىلەن كۆرۈشتى. يەن زېمىن ئۇنىڭدىن ئۇسماقنى دادۇيگە چاقىرغاندا ئۆزىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى، ئۇنى ئۇرغان ـ ئۇرمىغانلىقىنى، كالا يىتكەن كۈنى باشقا گۇڭشېلاردىن بۇ يەرگە يات ئادەم كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى سورىدى.
— ئالماس دادۇيجاڭ بۇنداق ئىشلارغا مېنى ئارىلاشتۇرمايتتى، — دېدى مەتقاسىم، — لېكىن ئۇسماق بىزنىڭ ئەترەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ كۈنى مېنىمۇ چاقىرىپتىكەن. ئۇلار ئۇسماقنى ئۇرماي قالامدۇ؛ دادۇيجاڭ بىلەن بوغالتىر سەن نېمە ئۈچۈن ياخشى باشقۇرمايسەن، دەپ مېنى سوراققا تارتتى.
— ئۇسماقنى قانداق ئۇردى؟
— ئۇلار ئۇسماقنى ئىقرار قىل، دەپ قىستاۋەردى. ئاخىرى ئۇسماقنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: ئالماس دادۇيجاڭ، مەن كالا ئوغرىلىمىدىم. ئەگەر سىلىگە كالا لازىم بولسا ئېغىلدىكى كالامنى ئەكىلىپ بېرەي، مەندىمۇ بارى ـ يوقى بىر كالا بار ئىدى. شۇنىڭغا كۆزلىرى چۈشكەن بولسا سىلىگە سەدىقە قىلىۋەتتىم، بىر كالا دېگەن نېمىدى، دېدى. دادۇيجاڭنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە چاكىدە بىر شاپىلاق سالدى. بۇنى كۆرۈپ بوغالتىر بىلەن ئەترەت باشلىقلىرى ئۇسماقنى مۇشتلاپ، تېپىپ يىقىتىۋەتتى. ئۇسماق ئۇرماڭلار، مەن ئىقرار قىلاي، دەپ ۋارقىرىدى. ئۇلار ئۇرۇشتىن توختىغاندا ئۇسماق كالىنى تونۇمايدىغان بىر كىشىگە ساتتىم، مېنى ئۇرماڭلار. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزۈمنىڭ كالامنى تۆلەپ بېرەي، دەپ سوراق قەغىزىگە بارمىقىنى باستى. ئۆزىنىڭ كالىسىنى يېتىلەپ ئەكىلىپ بەردى. ئەترەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەن ئۇسماقتىن كالىنى سەن راستىنلا ئوغرىلىغانمۇ؟ دەپ سورىدىم. ئۇ مەن تۇرمىدىن چىققاندىن بېرى ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتىلا، سىلىدىن ھېچ نېمىنى يوشۇرمايمەن. مەن تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن مەيلى كوللېكتىپنىڭ، مەيلى شەخسنىڭ بولسۇن ھېچكىمنىڭ،

ھېچقانداق نەرسىسنى ئالمىدىم، دېدى. ئۇنداق بولسا نېمشقا ئۇقرار قىلدىڭ، نېمشقا كالاڭنى تۆلەپ بەردىڭ، دەپ سورىدىم. بىر كالىنى دەپ بىكاردىن بىكار تاياق يېگۈم يوق. ئۇقرار قىلمسام ئۇلار ئۆلگىچە ئۇرىدۇ. كالىنى تارتۋالماي قويمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە تاياقتىن قۇتۇلغىنىم ياخشى ئەمەسمۇ؟ دېدى.

يەن زېمىن مەتقاسىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئوسماقنىڭ ناھىيلىك ساقچى ئىدارىسىغا بېرىپ مىنى سولاپ قويۇڭ، دەپ يالۋۇرغان ۋاقتىدىكى قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ۋە ئۇ بىكارغا شۇنچە قىلىپ كەتمىگەن ئىكەن-دە، دەپ ئويلاپ مەتقاسىمدىن يەنە سورىدى:

— مەتقاسىم ئاخۇن، سىلىنى شۇ كۈنى ئالماس نىيازنىڭ قېيىن ئىنىسىنىڭ مۇشۇ مەھەللىدە يۈرگىنىنى كۆرۈپتىكەن دەپ ئاڭلىدۇق، راستمۇ؟

— راست، — دېدى مەتقاسىم ۋە بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن ئۇنىڭ تازا چىڭقى چۈش ۋاقتىدا ئالماس نىيازنىڭ ئۆيى تەرەپتىن ئاياغ تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. ئاياغ تەرەپتە ئالماس نىيازنىڭ ئىنىسىنىڭ ئۆيى بار ئىدى. مەن ئۇنى شۇلارنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم.

— مەتقاسىم ئاخۇن، مېنىڭ سىلىدىن بىر ئىشنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ، سىلىنىڭچە كالىنى كىم ئالغاندۇ؟

مەتقاسىم خىجالەتچىلىكتە قېلىپ بىردەم ئولتۇرۇپ كەتتى. كېيىن:

— مەنغۇ ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، شۇنداق بولسىمۇ كالىنى ئالماس نىياز تۇغقانلىرى بىلەن بىرلىشىپ يەپ كېتىپ ئوسماققا ئارتىپ قويدىمىكىن دەپ پەرەز قىلىمەن. لېكىن بۇنىڭغا مېنىڭ ئېنىق پاكىتىم يوق، — دېدى.

يەن زېمىن بۇ ئوغرىلىق ۋەقەسىنى ئاللىقاچان ئېنىقلاپ بىر باشقا چىقىرىپ بولغانىدى. كالىنى ئالماس نىيازنىڭ قېيىن ئىنىسى ئارقىلىق باشقا گۇڭشېغا ئاپىرىپ سېتىۋەتكەنلىكىنىمۇ بىلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ سەۋەنلىكتىن ساقلىنىش، پاكىتلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئۈچۈن قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئالماس داۋىجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ سەممىي ياكى ئەمەسلىكىنى سىناپ باقتى. ئەتىسى ئەتىگەنلىك جايدىن كېيىن تەكشۈرۈشكە قاتناشقان سەپداشلىرى بىلەن بىللە بېرىپ ئەھۋالنى ئوسمان سادىققا دوكلات قىلدى. ئاخىرىدا ئالماس نىيازنى سوراق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئوسمان سادىق ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. ئاخىرىدا:

— ئەگەر مومكىن بولسا كالا ۋەقەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۇنىڭ باشقا ئىشلىرىنىمۇ كولاپ چىقارساڭلار بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە پايدىسى بولاتتى، — دەپ قوشۇپ قويدى.

يەن زېمىن بىر ئاز ئىككىلىنىپ قالغاندەك بولدى.

— بولماسمىكىن، — دېدى ئۇ كۆزىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ، — مەن ھېلىمۇ ئۆز خىزمەت دائىرەمدىن خېلىلا ھالقىپ كەتتىم. ئۇنداق قىلسام تۆتنى ئېنىقلاش خىزمىتىگە ئارىلىشىۋالغان بولۇپ قالارمەنمىكىن.

— سىزنىڭ دېگىنىڭىزمۇ توغرا، — دېدى ئوسمان سادىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — لېكىن بىز ھەممە ئىشقا يېتىشىپ بولالمايۋاتىمىز. مەن خىزمەت ئەترىتى نامىدىن سىزنى تەكلىپ قىلاي. مۇشۇ ئىشنى ئاخىرىغا چىقىرىۋېتىڭ.

— ماقۇل، مەن ئىشلەپ باقاي، — دېدى يەن زېمىن.

ئوسمان سادىق يەن زېمىننى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. ئۇ كۆڭلىدە پۇختا ئىش قىلىدىغان كادىر ئىكەن. يەرلىك خەلق بىلەن ناھايىتى چىقىشىپ كېتىپتۇ. مۇشۇنداق كادىرلار ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرەلەيدۇ، دەپ ئويلىدى.

ئەتىسى يەن زېمىن سەپداشلىرى بىلەن خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدى ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلار توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىۋالدى. ئاندىن كېيىن باقى ساقچىغا:

— سىز بېرىپ ئالماس نىياز بىلەن ئوبۇلقاسىمنى چاقىرىپ كېلىڭ، — دېدى.

ئارىدىن بىر سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندە باقى كىرىپ:

— يەن جۇيجاڭ، ئۇلار كەلدى. باشلاپ كىرەيمۇ؟ — دەپ مەلۇم قىلدى.

يەن زېمىن بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ئالماس نىيازنى باشلاپ كىرىڭ، ئوبۇلقاسىم سىرتتا تۇرۇپ تۇرسۇن، — دېدى.

ئالماس نىياز كىرىپ سالام قىلدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن سەل-پەل ھودۇققانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئولتۇرۇڭ، ئالماس دادۇيجاڭ، — دېدى يەن زېمىن ۋە ئۇنىڭغا ئورۇندۇق قويۇپ بېرىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سىز كونا دادۇيجاڭ، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ ياخشى نەتىجىلەرنى ياراتقان ئادەم. گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلسام، مۇشۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سەل ئۆزگىرىپ قالدىڭىز! مەن بىرلا مىسال كەلتۈرەي. سىز موزايلىق ئىنەكنى تۇغقانلىرىڭىز بىلەن يەپ كېتىپ ئوسماققا ئارتىپ قويدىڭىز. بۇ بەكمۇ ۋىجدانسىزلىق بولدى. بۇنى تەن ئالامسىز ياكى پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويايمۇ!

ئالماس نىياز بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئەمدى تېنىۋالالمايتتى. خۇددى بولۇڭغا قىستىلىپ قېلىپ، نەگە قېچىشنى بىلمەيۋاتقان ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدى. يۈزىدىكى، بويندىكى تەرلىرىنى بەلبېغى بىلەن دەممۇ دەم سۈرتۈپ تۇرۇپ كالىنى ئۆزىنىڭ ئوغرىلىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. قىيىن ئىنىسىدىن باشقا ئوبۇلقاسىمنىڭمۇ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئالغانلىقىنى پاش قىلدى.

— سىزنىڭ باشقا ئىشلىرىڭىزمۇ بار، ئۇنى بۈگۈن دېيىشمەيلى، مەن پەقەت سىزگە گەپنىڭ بېشىنى چىقىرىپ قوياي، ئوسماق تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن قىلغۇلۇقنىڭ

ھەممىسنى ئۆزىڭىز قىلىپ ئوسماققا ئارتىپ قويۇۋەردىڭىز. سىز ئەتە بىر كۈن ئۆيىڭىزدە ئولتۇرۇپ ياخشى ئويلاپ كۆرۈڭ، خەت يازالىسىڭىز يېزىپ چىقىڭ، يازالمىسىڭىز كۆڭلىڭىزدە ساناپ قويۇڭ، ئەگەر سەممىيلىك بىلەن ئىقرار قىلسىڭىز چارە كۆرمەيمىز، ۋەزىپىڭىزدىنمۇ ئېلىۋەتمەيمىز، — يەن زېمىن بىردەم جىم ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن باقىغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — يولداش باقى، ئوسمان سادىققا مەلۇم قىلىڭ، بىزنىڭ گېپىمىز توغىدى، ئۇ كىشىنىڭ يولىيورۇقلىرى بولسا ئاڭلايلى.

ئوسمان سادىق ئىشىكتىن كىرىپلا مۇنداق دېدى:

— ھەي، ئالماس نىياز ئاغىنە، ئۆزىڭىز قىلغان ئىشنى باشقىلارغا ئارتىپ قويغىنىڭىز قاملاشماپتۇ، بۇ ئىشنىڭ خاراكتېرى ئېغىر جۇمۇ. ئۆزىڭىز ئالغىنىڭىز بىر گۇناھ بولسا، باشقىلارغا دۆڭگەپ قويۇپ زىيانكەشلىك قىلغىنىڭىز يەنە بىر گۇناھ بولىدۇ.

ئالماس نىياز ئوسمان سادىقنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھۆكرەپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ چىقىپ كېتىدىغان ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ھەممە مەسىلىلىرىنى تاپشۇرۇپ پاك ئادەم بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى.

باقى ئوبۇلقاسىمنى ئۆيىنىڭ سىرتىدا تۇرغۇزۇپ قويغانىدى. ئۇ ئالماس نىيازنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى.

— ھەممىنى ئاڭلىغانسىز؟ ئۆزىڭىزنىڭ شېرىك ئىككەنلىكىڭىزنى بويىڭىزغا ئالارسىز،— دېدى داۋۇت رېھىم.

— ئالىمەن، باشقا ئىشلارنىمۇ تاپشۇرىمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپ چىقىپ كەتتى ئۇ.

يەن زېمىن ئوسمان سادىققا:

— ئەترەت باشلىقى، مەن ئەتە قايتايمىكىن دەيمەن. ئىدارىدىن ئايرىلغىنىمغا ئۇزاق بولدى. بىزنىڭ ئۆيەردىمۇ سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. شۇڭا، ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىز. — دېدى.

— مېنىڭ بىر ئويۇم بار، سىز ئەتە كەتمەي تۇرۇڭ، چۈشتىن كېيىن دادۇي بويىچە بىر چوڭ يىغىن ئاچايلى، ئوسمانىڭ كالىسىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىپ بىرداغدۇغا پەيدا قىلايلى. سىزنىڭچە قانداق؟

— بۇغۇ ئويدان گەپ ئىكەن. لېكىن مەن ئۇ يىغىندا نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن سىزگە! — دېدى يەن زېمىن.

4

پېشىندىن كېيىن گۈگۈشى ئەزالىرى بىر-بىرلەپ دادۈي قوروسىغا يىغىلىشقا باشلىدى. بىر توپ ئۇششاق باللار قورۇدا ۋارقىرىشىپ، يۈگۈرۈشۈپ ئويناۋاتاتتى. بىر چاغدا

داۋۇت رېھىم گۇگشىپ ئەزالىرىنى تەرتىپكە چاقىردى ۋە:
— ھازىر سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى يولداش ئوسمان سادىق سۆزلەيدۇ، — دېدى. ئەزالار چاۋاك چالدى.
— يۇرتداشلار، بىزنىڭ كەلگىنىمىزگە ئۇزۇن بولمىدى. بىر قىسىم ئەھۋاللارنى تازا ئېنىق چۈشىنىپ كېتەلمىدۇق. ھازىرچە مۇنداق چوڭ يىغىن ئېچىش نىيىتىمىزمۇ يوق ئىدى، لېكىن بىر ئىش تۇيۇقسىزدىن بۇ يىغىننى ئاچىدىغان بولۇپ قالدۇق. نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش يەن زېمىن سىلەرگە چۈشەندۈرىدۇ. مەن كېيىنچە سۆزلەيمەن، ھازىر يەن جۈيجاڭنى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى!
يەن زېمىن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى ۋە ئەڭ ئارقىدىكى بۇلۇڭدا ئولتۇرغان ئوسماقنى كۆرۈپ كۆڭلى تىنغاندەك بولدى.
— كۆپچىلىككە بۇ يىل ئەتىيازدا 2- ئەترەتتە كالا يىتىپ كەتكەن ئىش توغرىسىدا چۈشەنچە بەرمەكچىمەن. كالىنى ئوسماق ئوغرىلىدى دەپ يەكۈن چىقىرىلىپتىكەن، بىز قايتا تەكشۈرۈپ كالىنى ئوغرىلىغان كىشىنى ئېنىقلاپ چىقتۇق. كالىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق، سېتىۋالغان كىشى بىلەنمۇ سۆزلەشتۇق. كالىنى ئوسماق ئوغرىلىمىغان بەلكى داۋيجاڭ ئالماس نىياز، بوغالتىر ئوبۇلقاسىم، داۋيجاڭنىڭ قېيىن ئىنىسى مەتربىھىملار ئوغرىلاپ سېتىپ، ئوسماققا دۆڭگەپ قويغان. داۋيجاڭ، بوغالتىر، مەتربىھىملارنىڭ ھەممىسى ئىقرار قىلدى. كالىنىڭ پۇلىنىمۇ قايتۇردى. بىز ئۆز ۋاقتىدا ئوسماقتىن تارتىۋېلىنغان كالىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدۇق. ھازىر ئۇنى ئوسماققا قايتۇرۇپ بېرىمىز!
دېھقانلار بىردىنلا ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ كەتتى. ھەممىسى تەڭلا سۆزلەشكە ئۇرۇناتتى. بىر-بىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايتتى. ھەر كىم ئۆز قىياسلىرىنى، خىيالىغا كەلگەن سۆزلەرنى دەۋېلىشقا ئالدىرايتتى. بەزىلەر: پارتىيە ھەقىقەتەن ئادىل ئىكەن جۇمۇ، دېيىشسە، بەزىلەر ئەجەپ چېچەن خەنزۇكىنا بۇ، مۇشۇنداق چېگىش ئىشنىمۇ ئېنىقلاپتۇ، دېيىشەتتى. يەنە بەزىلەر قاراڭلار! ئۇنىڭغا، بىرچە گەپنى ئەجەپ ياخشى سۆزلەيدىكىنا، خۇددى ئۇيغۇردەك، دېيىشەتتى.
بىر چاغدا ئوسماق خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆكۈرەپ يىغلىغىنىچە سەھنە ئالدىغا باردى ۋە:
— ياشىسۇن پارتىيە! ياشىسۇن كادىرلىرىمىز! ياشىسۇن يەن جۈيجاڭ! — دەپ ۋارقىرىدى.
كىشىلەر يەنە غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى:
— يائاللا، پارتىيە بۇ ئوغرىنى ئاخىر ئادەم قىلدى.
— ئاڭلىسام بۇ ئوغرىنى ئاشۇ خەنزۇ ئادەم قىپتىمىشقۇ.

— ئۇ كالىنى مەن ئالمىدىم داۋا تاتتى، راستكەن-دە، بۇ ئوغرىنىڭ گېپى.
غۇلغۇلا سەل بېسىقاي دېگەندە يەن زېمىن:
— ئوسماق، بۇ ياققا كەل، كالاڭنى، قولۇڭغا ئال! — دېدى باقى تۇتۇپ تۇرغان كالىنى كۆرسىتىپ. باقى كالىنى يېتىلەپ، كېلىپ ئوسماققا بەردى. ئوسماق كالىنىڭ چولۋۇرىنى تۇتقىنىچە يەن زېمىنىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. يەن زېمىن ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى ۋە:
— سەن ھېلىقىدەك مېنى ياشىسۇن دەپ توۋلىما. ئۇنداق دېسەڭ خاتا بولىدۇ. ياشىسۇن ماۋجۇشى، ياشىسۇن پارتىيە، ياشىسۇن سوتسىيالىزىم، دېيىشىڭ كېرەك، — دېدى.
— مەن تەمتىرەپ قالدىم. نېمە دېيىشىمنى بىلمەيلا قالدىم، بۇنداق بولار دەپ خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم، شۇڭا ئاغزىمغا كەلگەننى توۋلاپتىمەن، خاتا دەپ سالمىغاندىمەن، — دېدى ۋە يەن زېمىنىنىڭ ئۆگە تىكىنى بويىچە يەنە بىر قېتىم توۋلىدى.
ئۇ چاغلاردا ماۋجۇشىدىن باشقا ھېچكىمنى ياشىسۇن دېگىلى بولمايتتى. ئەگەر ئوسماقتىن باشقا ئادەم يەن زېمىنى ياشىسۇن دەپ توۋلىغان بولسا يېزا ئاكتىپلىرى چوقۇم ئۇنىڭ كۆكۈلىسىغا ئېسىلىۋالغان بولاتتى.
داۋۇت رېھىم يىغىننى تارقىتىۋەتتى. لېكىن ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرغان ئالماس نىياز بىلەن ئوبۇلقاسىم ئولتۇرغان يېرىدە بېشىنى كۆتۈرەلمەي ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ قالدى.
شۇ كۈنى يەن زېمىن بىلەن باقى قايتىپ كەتتى.

## 5

يېڭى بۇغداي چىققاندىن كېيىن دېھقانلار ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ بىر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى غولتۇگمەن دېگەن جايغا ئۇن تارتىش ئۈچۈن ماڭغىلى تۇردى. بۇ ھەممە ئەترەتلەردە كۆزلۈك بۇغداي تېرىلىۋاتقان مەزگىل ئىدى. شۇڭا، بۇغداي تېرىلغۇسى ئاقساپ قالاي دەپ قالدى. ئەزالار ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ توسقىنىغا قارىماي كەچ كىرىش بىلەنلا بىر-بىرلەپ كېتىپ قالاتتى.
بىر كۈنى ئوسمان سادىق ئېتىزدا ئەمگەك قىلىۋاتقان بىرقانچە مويسىپىت دېھقاندىن:
— بۇ يەردىن ئۈچ ئۆستەڭ سۇ ئاقىدىكەن، بىرى ئارىلاپ توختاپ قالسىمۇ ئىككى ئۆستەڭ سۇ تاكى مۇز توڭلىغىچە ئاقىدۇ دەپ ئاڭلىدىم. نېمىشقا تۈگمەن چۆرىمەيسىلەر؟ ياكى بۇ يەردە تۈگمەن چۆرىگىلى بولمامدۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى. دېھقانلار:
— ئۇنداق ئەمەس، بۇ يەردە ئەسلى ئىككى جايدا تۆت تاش تۈگمەن بار

ئىدى. ياخشى باشقۇرۇلماي كېرەكتىن چىقتى. ئاشۇ كونا تۈگمەنىنىڭ تاشلىرى ھېلمۇ بار، — دەپ ئىنكاس قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان سادىقنىڭ كاللىسىغا تۈگمەن چۆرۈش خىيالى كىرىۋالدى.

ئوسمان سادىق ئەتىسىلا ئالماس نىيازنى چاقىرىپ، كونا تۈگمەنىنىڭ ئىزىغا ئىككى تاشلىق تۈگمەن چۆرۈشنى، ئون بەش كۈن ئىچىدە پۈتكۈزۈشنى تاپشۇردى. ئالماس نىياز ئۆزىنىڭ مەسلىلىرىنى سەممىيلىك بىلەن تاپشۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ئېرىشكەنىدى. دېھقانلار چوڭ يىغىندا: بۇ دادۇيجاڭىمىز يەنىلا ياخشى. ئاز-تولا يەپ-ئىچىپ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ئىشلەپچىقىرىشنى ئوبدان باشقۇرالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خېلى تەجرىبىسى بار، دەپ ئۇنى يەنە سايلىۋالغانىدى.

ئالماس نىياز ۋەزىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە جان دىلى بىلەن ئورۇندايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق خىيالى بولۇپ ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي كەلگەنلىكىنى، بۈگۈنلا ئادەم تەشكىللەپ ئىش باشلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

تۈگمەن قۇرۇلۇشى باشلىنىپ بىرنەچچە كۈن بولغاندا ئوسمان سادىق داۋۇت رېھىمنى ئەگەشتۈرۈپ تۈگمەن چۆرىمەكچى بولغان يەرگە باردى. بۇ چۈش ۋاقتى بولۇپ، ئوسماق يالغۇز ئۆزى تۈگمەن تېشىنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ سوغۇق سۇغا نان چىلاپ يەۋاتاتتى.

— ئوسماق ئاخۇن، سىلە يالغۇز قاپسىلەغۇ؟ — دەپ سورىدى ئوسمان سادىق ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ تۇرۇپ.

— ئالماس دادۇيجاڭ مېنى مۇشۇ ياغاچ-تاشلارغا قاراپ تۇرۇشنى بۇيرۇغان، باشقا ئەزالار تاماق يېگىلى كەتتى، — دېدى ئوسماق.

— ئالماس دادۇيجاڭ ئەمدى سىلىگە ئىشىنىدىغان بوپتۇ-ھە؟

— شۇنداق بولدى. يېقىندىن بۇيان مۇشۇنداق مۇھىم ئىشلارغا قويۇۋاتىدۇ.

ئوسمان سادىق ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى لىم ياغاچ ئۈستىدە ئولتۇردى.

— ئوسماق ئاخۇن، سىلىدىن بىر ئىشنى سوراپ باقاي، سىلە پارتىيە كەلگەندىن كېيىن 1950-يىلى ئومۇمىي كەچۈرۈمدە قويۇپ بېرىلگەن ئىكەنسىلە. يەنە نېمە ئۈچۈن تۈرمىگە كىرىپ قالدىڭلار؟ ئاڭلىسام بۇ يىل 2-ئايدا تۈرمىدىن چىقىپسىلە.

— بىرى سىلىگە دەپ قويۇپتۇ ھە، مېنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەخمىقانە ئىشىمنى؟

— قانداق ئەخمىقانە ئىش ئىدى ئۇ؟

— ھېلىقى قېتىم قوڭغۇز ئوينىتىپ تۇتۇلۇپ قالغاندا ئۈچ يىل ياتقانىدىم. پارتىيىمىز كېلىپ ئومۇمىي كەچۈرۈم قىلىندى دەپ قويۇپ بەرگەنىدى دېسىلە.

— قوڭغۇز ئوينىتىش دېگەن قانداق ئىش ئۇ، ئوسماق ئاخۇن؟ — دەپ سورىدى داۋۇت رېھىم ھەيران بولۇپ.

— مەن سىزگە كېيىن دەپ بېرىمەن. بۇمۇ بىر قىزىق ھېكايە ئىكەن، —

دېدى ئوسمان سادىق داۋۇت رېھىمغا قاراپ. ئاندىن كېيىن ئوسماققا، — ھە، قېنى، داۋاملىق سۆزلەۋېرىڭ، — دەپ قويدى.

— يەر ئىسلاھاتى كادىرلىرى كېلىپ يەرنى ئۆلچەپ، پومىشچىكلارنىڭ مال-مۈلكىنى ھېسابلاپ، كۆرەش يىغىنلىرى ئېچىۋاتقان كۈنلەر ئىدى، — دەپ سۆز باشلىدى ئوسماق، — بىر بازار كۈنى بۈگۈن توختىھاجى پومنى كۈرەش قىلىدىكەن، دەپ ئاڭلاپ بىر قانچىمىز بازارغا كەلدۇق. ئەتىگەن كېلىپ قاپتىكەنمىز، رايون ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردۇق. بىر چاغدا ھېلىقى شاداۋۇت دېگەن ئاداش رايون ئىچىگە كىرىپ باقمىدۇق، دەپ تۆتىمىزنى سۆرىگەندەك ئېلىپ كەتتى. رايون ئىچىگە كىرسەك يوغان بىر داش قازاندا قوي گۆشى پىشقىلاپ قايناۋېتىپتۇ. شاداۋۇتنىڭ گۆشنى يېگۈسى كېلىپ ئوغرىلايلى، دەپ تۇرۇۋالدى.

مەن كادىرلار يەيدىغان گۆشنى ئوغرىلىساق چاتاق چىقىدۇ، دەپ ئۇنىمىدىم. شاداۋۇت: قورقىڭ ھە ئوغرى، بىزقانچە قېتىم تۇرمىگە كىرىپ، قورقۇنچاق بولۇپ كېتىپسەن جۇمۇ، دېگەندى، غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى. يېگىمنى تۇرۇۋېتىپ، قايناۋاتقان قازانغا قولۇمنى تىقىپلا بىر كەينى يۇت گۆشنى سوزۇپ ئالدىم. قاچاي دەپ تۇرسام بىر ئۇيغۇر ئەسكەر قولۇمدىكى گۆشنى ئېلىۋالدى. ئۇنىڭغىچە يەنە بىرەيلەن شاداۋۇتنى تۇتۇۋالدى. قالغان ئۈچى قېچىپ كەتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە ئادەملەر يىغىلىپ كەتتى. كۆزۈمنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇردۇم. قۇلىقىمغا ھەرخىل گەپلەر كىرىۋاتىدۇ. بىر چاغدا قارىسام، بىزنىڭ ھازىرقى گۆڭشېنىڭ شۇجىسى، شۇ ۋاقىتتىكى يەر ئىسلاھاتى ئاكتىپى تۇرسۇن ئاخۇن كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ماڭا قاراپ قويۇپ سەن ئىكەنسەن-دە، ئوسماق، دېدى. ئاندىن كېيىن ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىڭلار، دەپ قويۇپ ئۆزى باشقا بىر ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى. كۆڭلۈمدە تۇرسۇن ئاخۇن مېنىڭ گومىنداڭ ۋاقتىدا سولاقتا ياتقانلىقىمنى، ئومۇمىي كەچۈرۈم ۋاقتىدا قويۇپ بېرىلگەنلىكىمنى بىلگەندىكىن مېنى قويۇۋېتەر دەپ ئويلاپتىمەن. شۇ كۈنى مېنى بىر ئەسكەر نازارەت قىلدى. شاداۋۇتنى قويۇۋەتتى. ئەتىسى ئىككى ساقچى كېلىپ مېنى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىغا ئېلىپ كەتتى. شۇ ياتقانچە ئۇزاق يېتىپ كەتتىم.

ئالماس نىياز ئۆيىدىن قايتىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغانىدى. ئۇ:

— ئوسماقنىڭ يەنە بىر قىزىق ھېكايىسى بار، مانا بېشىغا قارىسىلا، — دەپ ئۇنىڭ شاپاق دوپپىسىنى ئېلىۋەتتى.

— بېشىڭلارغا نېمە بولغان؟ — دېدى ئوسمان سادىق ئوسماقنىڭ بېشىدىكى تاتۇقنى كۆرۈپ.

— بۇ يۇقىرى تەرەپتىكى ئۆستەڭدە بولغان ئىش، — دېدى ئالماس نىياز ئوسماق ئوچۇن جاۋاب بېرىپ.

— قېنى ئۇسماق ئاخۇن، بۇنىمۇ ئاڭلاپ قالايلى! — دېدى داۋۇت رېھىم كۈلۈپ.

— ئادەم نومۇس قىلىدىكەن دېسىلە ئەمدى بۇنداق گەپلەرنى دەپ يۈرۈشكە.

— بۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرى بولغان ئىش، — دەپ گەپ باشلىدى ئالماس نىياز، — ئۇسماق تۇرمىدىن قېچىپ چىقىپتۇ. لېكىن بىزنىڭ مەھەللىگە كىرەلمەي، مۇشۇ ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. گومىنداڭ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى بىر ئۇيغۇر بىر خەنزۇ ساقچىنى مۇشۇ ئەتراپنى تەكشۈرۈپ، پايلاشقا ئەۋەتكەنىكەن. ئۇلار كۈندە كېلىپ بىزنى قىستىغلى تۇردى. ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ ھەممە ئادەمنىڭ قازناقلىرىدىن تارتىپ گەملىرىگىچە ئوڭتەي-توڭتەي قىلدى. ھەتتە سامانلىقتىكى سامانىنى، ئاتخانىدىكى پىچانىنى يۆتكەپ ئىزدىدى. بىر كۈنى مەھەللىدىكى قېرى-ياش ھەممەيلەننى يىغىپ، بىر توپ سىدىنىڭ ئاستىغا قاپسىۋالدى. ساقچىلار ئۇسماقنىڭ ئۆگەي ئاپىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇسماقنى تېپىپ بېرىسەن، دەپ قىستىغلى تۇردى. شۇ چاغدا ئۇسماق توقايلىق تەرەپتىكى دۆڭنىڭ ئۈستىدە بىز تەرەپكە قاراپ تۇرغانىكەن. بىر كىچىك بالا كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇسماق ئاكام ئاۋۇ يەردە تۇرىدۇ، دەپ ۋارقىرىدى. ھەممىمىز شۇ تەرەپكە قارىدۇق. راست ئۇسماق ئىكەن. ھېلىقى ئىككى ساقچى بىزنى تاشلاپ ئۇسماقنى قوغلاپ چىقىپ كەتتى.

ياشلاردىن بىرقانچىمىز ساقچىلارنىڭ كەينىدىن بىللە باردۇق. قاراپ تۇرساق ئۇسماق ئالدىغا قاراپ قاچتى. ساقچىلار توختا! بولمىسا ئاتىمەن، دەپ بىرقانچە قېتىم ۋارقىرىدى. شۇ ئارىلىقتا بىرى ئوقمۇ چىقاردى. ئۇسماق توختىماي يۈگۈرەۋەردى، ساقچىلارمۇ توختىماي قوغلاۋەردى. بۇ تازا قاراقىش كۈنلىرى ئىدى. ئىم، ئۇسماقنى تۇتۇۋالىدىغان بولدى، دەپ تۇرساق ئۇ كۆز ئالدىمىزدىن يوقاپ كەتتى. ساقچىلار مۇشۇ بىز تەرەپتىكى ئۆستەڭنى بويلاپ بىردەم قوغلىغاندىن كېيىن ئۆستەڭگە قارىتىپ بىرقانچە پاي ئوق ئاتتى. بىز ساقچىلار تۇرغان قاشقا يۈگۈرۈپ باردۇق. ئۇسماق ئاقتىمۇ، كۆكتىمۇ يوق. ساقچىلاردىن سورايلى دېسەك قورقتۇق. بىر ئازدىن كېيىن ھېلىقى ئۇيغۇر ساقچى: مېڭىڭلار، بۇ يەردىن كېتىڭلار، ئۇ ئەمدى يا ئوقتا ئۆلدى، يا سودا تۇنجۇقۇپ ئۆلدى، دېدى. ئاندىن مەھەللىدىكى چوڭلارغا ئۇنىڭ ئۆلۈكى ئاشكارا بولغاندىن كېيىن بىزگە مەلۇم قىلىڭلار، دەپ جېكىلەپ كېتىپ قالدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن بەزىلەر: ھەي بىچارە، مۇنداق قىلمىسا بوپتىكەن، تېخى ياش ئىدى، ياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتتى، دېيىشتى. بەزىلەر: ئۇ يامان ئوغرى، چوقۇم ئۆلمەيدۇ. قىش كۈنى مۇز ئاستىدىكى سۇ ئىسسىق بولارمىش، ئۇ چوقۇم ئېقىپ يىراقلاپ كەتتى، دېيىشتى.

ئەتىسى مەھەللىنىڭ چېتىدە ئولتۇرىدىغان ئىبراھىم ئاخۇن دېگەن ئادەم مەھەللە ئىچىگە كىرىپ تۈنۈگۈن خوتۇن-باللىرىمنى ئېلىپ قېيىن ئانامنىڭ ئۆيىگە كەتكەنىدىم. ئۆيۈمگە ئوغرى كىرىپ پاقلىنىمنى پۇشۇرۇپ يەپ، ئۆپكە-ئۇچەيلىرىنى تېرىگە يۆگەپ

قويۇپتۇ، بىر تەگىنە نانىمۇ ئېلىپ كېتىپتۇ، دېدى. شۇ ۋاقىتتا بىر قانچىمىز دوقمۇشقا يىغىلىپ پاراڭ سېلىپ ئولتۇرغانىدۇق. ئىبراھىم ئاخۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئارىمىزدىكى بىرەيلەن مېنىڭ پەممىچە بۇ چوقۇم ئوسماقنىڭ ئىشى، ئۇنىڭدىن باشقا كىم قىلالايدۇ بۇنداق ئىشنى، دېدى.

— ئىبراھىم ئاخۇن ئازراق يالغاننى قوشۇۋېتىپتۇ، — دېدى ئوسماق ئالماس نىيازنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — گۆشنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ، يېرىمىنى شورپىسى بىلەن قازاندا قويۇپ كەتكەن، ناننىڭ ھەممىسنى ئالغانلىقىم راست. ئىبراھىم ئاخۇن زىياننى چوڭ كۆرسىتىش ئۈچۈن ھېلىغىچە پۈتۈن قويىنىڭ گېپىنى قىلىپ يۈرىدۇ.

ئوسماق خىجىل بولۇپ گەدىنىنى قاشلىدى.

— ئوسماق، مۇزدىن قانداق چىقىۋالدىڭ، ئۆز ئاغزىڭ بىلەن دەپ بەرگىنە، — دېدى ئالماس نىياز.

— قارىسام ساقچىلار يېقىنلاپ قالدى. قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى. يەنە قاچسام ئۇلار ئېتىپ تاشلايتتى. تازا ئۇستا مەرگەنلەر ئەمەس ئوخشايدۇ. ئاتقان ئوقلىرى ئالدىمغا، كەينىمگە چۈشۈپ توپا توزۇتتى. دەرھاللا ئۆزۈمنى ئۈستەڭگە ئېتىپ، مۇزنىڭ ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتىم. بىردەم ئېقىپ ماڭغاندىن كېيىن توڭۇشقا باشلىدىم. بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتىم. توڭلاپ ئۆلگەندىن كۆرە ئوقتا ئۆلسەممۇ ئۆلەيچۇ، دەپ ئويلاپ مۇزغا بېشىم بىلەن بىرنى ئۇسكەنىدىم. مۇز يېرىلمىدى. بېشىم بەك ئاغرىپ كەتتى. يەنە خېلى ئاقتىم. ئاخىرى پۈتۈمنى تىرەپ تۇرۇپ قاتتىق بىر ئۇسۇۋېدىم، مۇز يېرىلدى. ئۈستىگە چىقىپ قارىسام مۇز نېپىزراق يەرگە توغرا كېلىپ قالغانىكەنمەن. بىر چاغدا ئىسسىق بىرنەرسە مەڭزىمگە چۈشكەندەك قىلدى. سىلاپ كۆرسەم قان ئىكەن. مۇزدىمۇ قان داغلىرى تۇرىدۇ. بىر ئىلاج قىلىپ ئۇنى تاڭدىم. بېشىم يېرىلىپتىكەن. مەھەللە تەرەپكە قارىسام ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. ئېرىقتىن چىقىپ ماڭدىم. قارىسام ئىبراھىم ئاخۇننىڭ ئۆيىگە يېقىنلا كېلىپ قاپتىمەن. بەك توڭلاپ كەتتىم. كىيىملىرىمدە مۇز قېتىشقا باشلىدى. ئىبراھىم ئاخۇن رۇخسەت قىلسا كىيىممنى قۇرۇتۇۋېلىپ كېتەرمەن. بەلكى ماقۇل دېمەيمۇ قالماس، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدىم. ئىبراھىم ئاخۇن ئۆيدە يوق ئىكەن. ئوت قالاپ كىيىممنى قۇرۇتتۇم. كېيىن شورپا قايناتتىم.

— ئىبراھىم ئاخۇن ھازىرغىچە ئوسماق بىر قويۇمنى يەپ كەتكەن دەپ يۈرىدىغۇ؟ — دېدى ئالماس نىياز.

— ھەي دادۇيجاڭ، قوينى مەن ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئەلۋەتتە بىر قوي بولىدۇ-دە! لېكىن مېنىڭ ئېلىپ كەتكىنىم يېرىم قوينىڭ گۆشى ئىدى، — دېدى ئوسماق.

— بىر قوي دېگىنىڭ نېمىسى؟ ئۇ دېگەن چىشى پاقلان تۇرسا، بۇ چاغقىچە

نەچچە بولۇپ كەتمەمدۇ؟

— ئىبراھىم ئاخۇنغا بىر قوي تۆلەپ بېرىش ئۇيۇم بار ئىدى. ئۇنداق ھېسابلىسا ئۇنى تۆلەپ تۈگىتەلمىگۈدەكمەن، — دېدى ئۇسماق.

ئاڭلاپ تۇرغانلار كۆزىدىن ياش چىققۇچە كۈلۈشتى.

ئۇسماق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمى بىلەن 40 ياشلارغا كىرىپ قالغان شەرىخان ئىسىملىك تۇل ئايالغا ئۆيلەندى. ئايالنىڭ ئون ياشلىق ئوغۇل بالىسى بار ئىدى. بۇ ئۇسماقنىڭ ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم توي قىلىشى ئىدى. ئايال دەسلەپتە زادى ئۇنىمىدى. ئەرگە تەگكۈسى بولسىمۇ، ئۇسماققا تېگىشتىن قورقتى.

ئۇسماق كۈندە ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىۋېلىپ، ئېغىر-يېنىك ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىپ تۇردى. ئېتىز ئىشلىرىدىمۇ شەرىخاننىڭ ياق دېگىنىگە قارىماي ياردەملىشۋەردى. ئەمدى شەرىخانمۇ سەل يۇمشىغاندەك قىلدى. تەگمەيمەن دېمىسىمۇ، گەپ قىلماي كۈلۈپ تۇرۇۋالاتتى. ئۇسماق ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى ئالدىغان گەپنى قاملاشتۇرۇپ قىلالمايتتى.

— تەگمەيمەن دېسىڭىز مەيلى، سىز دېگەن ئايال كىشى، ئاجىز، مەن دېگەن ئەر، تېخى كۈچۈم بار، ئىشلىرىڭىز بولسا قىلىشىپ بېرەي. ھېچبولمىغاندا ساۋابىنى بولسىمۇ ئالارمەن، — دەيتتى ئۇسماق.

بۇ ئىش بىر كۈنى ئوسمان سادىقنىڭ قولىقىغا ئاڭلاندى. ئۇ داۋۇت رېھىم، ئالماس نىيازلارنى ئەگەشتۈرۈپ شەرىخاننىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە باردى.

— ئۇنىڭ ھاياتى تۇرمىدە ئۆتكەن بولسىمۇ لېكىن ھازىر ئۇ ياخشى پۇقرا بولۇپ كەتتى، — دەپ چۈشەندۈردى ئوسمان سادىق، — ئاڭلىساق تېخى يېقىندىن بۇيان نامازغىمۇ چىققانمىش. ئەگەر كۆڭۈللىرى بولسا ئەندىشە قىلماي تېگىۋەرسىلە.

— تەگسەممۇ تېگەي، ئۇسماق ئاخۇن بىزنىڭ ئۆيىگە كىرسۇن، — دېدى شەرىخان.

ئەلچىلەر بۇ گەپنى ئۇسماققا يەتكۈزۈۋېدى، ئۇسماق خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ۋاي، كىرمەمدىغان، مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ خوتۇن ئەكىرگۈچىلىكى يوق، قانداق قىلارمەن دەپ تۇرغانىدىم، — دېدى ئۇ. ئۇلار «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقتى». ئوسمان سادىق باش بولۇپ بىر ئاخشامدىلا ئۇلارنىڭ توينى قىلىپ قويدى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

ئەخمەتجان تۇرۇپ

# ئايدىڭدىكى زۇمرەت شوللار

## ئانامغا مەكتۇپ

پەرشتىدەك مۇلايىم ئانا،
كۈندەك قىپقىزىل بۇ سەھەر يەنە
غېمىم بىلەن قىلغانسەن ناشتا.
ئۇنلىگەندە دەمدىرىم بۇق-بۇق،
ئاڭلىغاندەك مەسۇم ئۈنۈمنى
ئېزىلگەندۇ يۈرىكىڭ تاشتا.

تىك تۇرغاندا چاينىڭ شامىسى
مېنى كېلەر دېگەنسەن بەلكىم.
مۆرەپ كەتسە موزىيىم سوزۇپ،
سېغىنىشتا كۆيگەن يۈرىكىڭ
تەكرار-تەكرار قىلغاندۇ چىم-چىم.

گۈل قوندۇرۇپ تۇپلىق يولغا،
يۈدۈپ ماڭساڭ بىر تاغار ئۇتنى،
چىلىق-چىلىق كەتكەنسەن تەرلەپ،
ئۈيقۇڭ ئۈركۈپ كەتكەن كېچىلەر.
سۈرىتىمنى ئېنىق كۆرەلمەي
جىن چىراغنى قويغانسەن پەرلەپ.

بىلسەڭ شۇ تاپ بۇ يەردە ئانا،
ئۇشلانماقتا زېھنىم يىگىندەك؛
جىمجىتقىنا قايتمەن بىر كۈن،
ئەگەشتۈرۈپ ئاينى، قۇياشنى
كەتتىمدە تاڭ ئاتماستىن بۇرۇن.

## دولقۇن لىرىكىسى

### 1

سەن دېڭىزنىڭ ئەركە بالىسى،
تومۇرۇڭدا ئاقىدۇ شوخلۇق.
ئۇخلاتمايسەن خادا تاشلارنى،
ۋۇجۇدۇڭغا يىراق خامۇشلۇق.

قايغۇرغاندەك گاھى جىممىدە،
ئۇزاق-ئۇزاق سۇرسەن خىيال.
قۇياش چۆكۈپ كەتكەن باغرىڭدا
شوللارنى پارلىتىپ يال-يال.

2

ناخشا ئېيتىپ قالساڭ مۇبادا،
ئالماس چوققا سالىدۇ قۇلاق.
تۇرۇم-تۇرۇم بۈرغۈنلىرىڭدا
ئاق چېچەكلەر كۈلگەندە ئوماق،
ئېھ، چاپكىلار بولۇشار مۇشتاق.

3

كائىناتنى تۇرار سەگىتىپ
تىنىقىڭدىن تۇغۇلغان شامال.
كۆڭلۈمدىكى سۆزۈمنى ئېيتسام،
سوقۇشىدا يۈرىكىمىزنىڭ
بىر ئوخشاشلىق باردۇر ئېھتىمال.

## ئايدىڭدىكى سەھرا

ئاي نۇرىغا چىلاشقان سەھرا
چۈش كۆرگەندەك ياتىدۇ غەمسىز.
خىلۋەت كۆلدىن ئۇچۇپ چىققان كۈي
سەگەك دىلغا چېكىپ قاچار ئىز.

بارخان يالاپ سويلىغان دەريا
شاۋقۇنلايدۇ بوغۇق ۋە بوغۇق.
پور سۆگەتنىڭ كاۋىكىدا جىم
ئاق قۇشقاچلار ياتار كۆڭلى توق.

يېپەك شامال سۆيىدۇ پات-پات
كەچمىشلەرنى چاقنىتىپ خىرە.
ياپراقلارنىڭ ئاراشلىرىدىن
كۆز قىسىدۇ يۇلتۇزلار بىرە.

قاياقتىندۇر ئاڭلىنىدۇ سۇس
ئىپتىدائىي قەدىمىي ناخشا.
قۇم بارخىنى بولغاندەك بىھوش،
چۈش كۆرمەكتە يېتىپ قوقاستا.

ئاي قونغان شۇ قاۋۇل سۇۋادان
تىۋىشلارغا سالىدۇ قۇلاق.
خىيالىدا گۈلگۈن كېلىچەك،
ۋۇجۇدىدا ئوتلۇق ئىشتىياق...

ھۇسەن روزى تىرىك

# ئىككى شېئىر

### بەخت يولى

ئىزدىسەڭ ھالاۋەت جاپا چۆلىن كەز،
توسقۇنىنىڭ تىغىنى ئالقىنىڭدا ئەز.
تەر-ئەجرىڭ ئالىدۇ تاشلاردىن گۆھەر،
كەتمىگەي بۇ يولدا ئىرادەڭگە دەز.

### ياشاش مەقسىتى

كەلدۇقمۇ جاھانغا كېتىمىز بەرھەق،
كەتمەككە ياغاچ ئات، ئاپئاق كېپەن تەق.
كۆرسەتكىن، ئەۋلادقا تەۋەررۈك قېنى؟
ۋەسىيەت نېسىدۇر، تۆھپەڭ بولسۇن نەق.

هەسەن تىلىۋالدى

# سۆيگۈ ئالار ئىمتىهان

## يىغلىغلى بولماس ياش تۆكۈپ

تۇرغىنمۇ ئوقتەك تىكىلىپ،
قىسمەتلەرنىڭ بىۋاپا كۆزى.
ئايرىلىشنىڭ ئازابلىرىنى
تەقدىر ماڭا سالغانمۇ ئۆزى.

يۈرەكلەرگە تۇتاشقان ئوتتىن
قۇتۇلغىلى بولمىدى مۆكۈپ.
قانچە جەبىر چەكسىمۇ كۆڭۈل،
يىغلىغلى بولماس ياش تۆكۈپ.

سەبىي ئەمەس كۆڭلۈم ئانچىلا،
ئايرىلىشقا بېرىدۇ چىداش.
پاك سۆيگۈنىڭ ئىمتىهانىدا
مەرد سانىلار ئەگمىگەنلەر باش.

## ياشىماق ئۈچۈن

ۋارقىراشلار گاس قىلدى مېنى،
ماختاشلارغا قىلمىدىم پىسەنت.
تىللاشلاردىن كەتمىدىم چۆچۈپ،
شۇڭداقتىمۇ يۈرىمەن ئېسەن.

ۋىجدانىمغا قوندۇرمايمەن چاڭ،
كۆز قىزارتىپ پايدا، نەپ ئۈچۈن.
مەن تۇغۇلغان يورۇق ئالەمگە،
ئىنسانغا خاس ياشىماق ئۈچۈن.

## بىر تېمىم

سەپرا مىجەز ئېگىز تاغلارنىڭ
باشلىرىنى ئوراپتۇ كۈمۈش.
قۇياش سۇنغان ئىسسىق تەپتىدىن
سەزدىمىكىن چوققىلار سۆيۈش.

سىماب كەبى چۈشىدۇ تەپچىپ
قار سۇلىرى ئېگىزدىن پەسكە.
مېڭىشىدا شىرىلداپ سۆزلەپ،
ئۇرغۇن ئىشنى سالىدۇ ئەسكە.

ئۇ چاپىدۇ نېمىدۇر ئىزدەپ
چاكىلدىغان يەرنى قاندۇرۇپ.
ماڭغاچقا ئۇ دەريانى كۆزلەپ،
بولماس ئۇنى ئارتقا قايتۇرۇپ.

شۇ ئېقىندەك قىلىدۇ ھەركەت
ئىنسانلار ھېچ تاپماستىن تىنىم.
ھەر ئادەمنىڭ تۆككەن ساپ تەرى
كەڭ دەريادا پەقەت بىر تېمىم.

## يېشىل ۋادا

چاقچاق قىلىپ ياپراقلار
پىچىرلايدۇ قۇلاققا.
سۆزلىرىمنى شامالLAR
ئېلىپ قاچار يىراققا.

ئېقىپ تۇرار شوخ بۇلاق
ئاھۇلارنىڭ كۆزىدەك.
يېشىل چىمەن بۇ ۋادا
خۇددى جەننەت ئۆزىدەك.

چايقىلىدۇ گۈل-چېچەك
ئۆتۈپ قالساڭ يېنىدىن.
مەست بولسەن خۇش كەيىپ
ئوت-چۆپلەرنىڭ ھىدىدىن.

ئەۋرىشىمدەك تەۋرىنەر
بۇندا ھەرخىل گىياھلار،
كۆرۈنىدۇ سۈرەتتەك
رەڭدار جىرا، قىيالار.

ناخشا ئېيتار زوق بىلەن
چېكەتكىلەر چىرىلداپ.
ئۇچۇپ ئوينار كېپىنەك
گۈل ئارىلاپ پىرىلداپ.

سىدىق قاۋۇز

## يىراق يۇرت ئىلھاملىرى

### ئاق قۇلار ماكانىدا

كەڭ زېمىنغا قونىدى ئاق قۇ دېسىڭىز،
تەمتىرەپ ياق، دەپ بېشىمنى چايقىدىم.
شۇ قەدەم خىلۋەت ماكانىنى ئايلىنىپ،
بىھېساب مۆجىزىلەرنى بايقىدىم.

ئىسلاھات دىلبىرى ئاچقاچ كەڭ قۇچاق،
قىستى گۈل ئامەنكە خۇشتار ۋادىلار.
كۆر، ئەنە ئۇ شۇ سۆزۈمنىڭ شاھىدى،
ئاق قۇدەك يايلاقنى قۇچقان پادىلار.

ماي بىلەن قايماق پۇرايدۇ ھەممە يەر،
بۇندا تۇرمۇش شۇنچە شېرىن ھەم ئىجىل.
بىر زامان ھەسرەتتە ئۆتكەن مالچىنىڭ،
تۇرقىدىن ئاسماندا چولپان، ئاي خىجىل.

ھۇجرىغا جاي بەردى ئەبگار ساتىملار،
«خان سارىيى» قۇردى سەرسان چوپىنى.
ئەل بىلەن خوشلاشتى مەڭگۈ، بولدى يوق،
تەگرىنىڭ ئاچلىق بالاسى-توپىنى.

زەرگە ئايلانماقتا ئاققان ئۇنچە تەر،
تۆل بىلەن تولدى چىمەنزار يايلىقى.
بىلمەن ھەر تۈپ گىياھ، ھەر چۆپكىچە،
گۈل دىيارنىڭ ئەتىۋارلىق بايلىقى.

مېھرىنى يايلاققا باغلاپ بارچىلار،
بىر بۈيۈك ئارزۇ قىزنى سۆيدى دەل.
ئېھ، يېڭى قوۋناق ھاياتقا ئۇل سېلىپ،
رىيازەت ئوتىدا خەستەك كۆيدى ئەل.

نەزەرىم چۈشكەندە مۇنبەت جىلغىغا،
شوخ چوپان مەيلىمنى ئۆتتى نەي بىلەن.
شۇ ھامان راستلاپ زىياپەت خانىدا،
كۆيچىگە كۆڭلىنى تۇتتى مەي بىلەن.

رەڭمۇ رەڭ گۈلتاجى تاقىغان تاغ-ئېدىر،
بولدى جور ئۇسسۇلغا كەچتە شادلىنىپ.
ئاق قۇلار يۇرتىدا ئۆتكەن يەتتە كۈن،
ئالبومۇم قېتىدا قالغاي يادلىنىپ.

## ئوتلاق بازىسى

ئالدى زوق پىقىر دىيارنىڭ يازىدىن،
قۇچتى ئىلھام يېڭىلىق ئەندازىدىن.
ياسىنىپ خۇددى بازاردەك تۇس ئېلىپ،
مەھلىيا ئەيلەپ كۆڭۈلگە ئوت سېلىپ،
سالغۇزەك ① بەردى بېشارەت بازىدىن.

روھلىنىپ كەزدىم دالانى، باغنى مەن،
لال بولۇپ كۆردۈم ئېتىزدا تاغنى مەن.
قارىسام ئىشچان ئوغۇل ھەم قىز كېلۇر،
كەشتىدەك تۇپراقتا ئۆچمەس ئىز كېلۇر،
داملىدىم شۇدەم ھۇزۇرلۇق چاغنى مەن.

ئۈچ يۇرۇش ئۆيدۇر مۆجىزە ئامبىرى،
سۆيۈنەر ئۇندىن بۇ يەردە ياش-قېرى.
ئۇندا ھايۋان ئىقلىمىنىڭ «شاھى» بار،
شاھى سۇلتانىنىڭ ئۇلۇغ پاناھى بار،
داڭقى چىقماقتا ئۇلارنىڭ كۈنسېرى.

شاھ دېسەم قورقماڭ ئۇ يولۋاس، شىر ئەمەس،
ئەمدىچۇ ئۇرمانغا پىللار پىر ئەمەس.
مەئىشەت چىللاپ ئاۋامنىڭ بەختىگە،
قوي-كالا ئولتۇردى شاھلىق تەختىگە،
ھە بۈگۈن تىلسىممۇ بىزگە سىر ئەمەس.

ئەپتىدىن ئوخشار موزايغا «خەن قويى» ②،
پەيزىنى سۈرگەي ھاياتنىڭ كۈن بويى.
بەرسە سۈت كۈندە سىمىنتال ③ ئۈچ چېلەك،
ئەجرىدىن زەر تاپقۇسى ئىشچان بىلەك،
ئاشتى ئىشقا يار سەنەمنىڭ دىل ئويى.

فېرمىلار كۈتمەكتە سانسىز چارۋىنى،
كېلىدۇ «پولات ئۆكۈز» لەر كارۋىنى.
مالچىلار ھەر ئىشتا ئۈلگە يارىتىپ،
كەڭ زېمىنغا شۆھرىتىنى تارىتىپ،
ئېپ بارار مەنزىلگە ئۇچقۇر ھارۋىنى.

تۇردۇ ئالدىمدا يارقىن بىر سۈرەت،
نە سۈرەت ئىقبال كىتابى ئاچتى بەت.
بازىنىڭ كارامىتىگە لال بولۇپ،
ئېھتىرام بەھرىدە ئاقتىم سال بولۇپ،
ياغدۇرۇپ تەھسىن ئۇلارغا قانچە رەت.

## خىلۋەتتىكى بۇرغا ئاۋازى

بەك يېقىن دىللارغا خىلۋەت ئەندىرە ④،
يول يىراق دەپ ئۇنى ھەرگىز چەت دېمەك.
ئۇ گۈزەل تەكلىماكاندا چاقنىغان،
شۇ قاداق قوللاردا گۈلدەك ياشنىغان،
چۆللىرىگە ئاغدۇرۇپ كۆز سەت دېمەك.

---

① يۇرت ئىسمى
②③ نەسىللىك چارۋىلار
④ يۇرت ئىسمى

ئەجدىها ئاتلىق زېمىننىڭ كۆكسىگە
گۈل چېكىپ كەلدى خىزىرنىڭ قوللىرى.
خۇش خەۋەر كەلمەكتە ھەيران قالغۇدەك،
كۆيچىلەر قەلبىگە ئوتنى سالغۇدەك،
لالىزار بولماقتا كارۋان يوللىرى.

دىلدا ھېس قوزغاپ باياۋان قوينىدا،
ياڭرىدى شۇنداق يېقىملىق ناخشىلار.
تەۋرىسە قۇملۇق چېغىدا پىترىشىپ،
قويدى قول پەننىڭ كۆچىگە تىترىشىپ،
پاشىشايم ① ۋەسپىدە كۆيگەن باخشىلار.

راست ئىكەن ئاخشامقى شېرىن چۈشلىرىم،
ئىلتىپات كۆرسەتتى سۇرلۇك دەشتۇ چۆل.
ماي ھىدى كەلمەكتە ئوندىن پاھ، مانا،
شادلىنىپ كۈلدى بۆلەكچە يەر ئانا،
چىن ھايات زوۋقىگە چۆمگەچ كەشمكۆل ②

سەددىچىن قەلئەسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ،
بەيگىگە چۈشتى بەھەيۋەت سەپ بوگۈن.
يات نىزا ھەمدە ئارازلىق ئىللىتى،
تىنچ-ئامان يەتتە قېرىنداش مىللىتى،
خۇددى بىر تۇغقان مىسالى ئەپ بوگۈن.

ياڭرىتىپ زەپەر كۈيىنى ھۆر دىيار،
جور بولۇپ شالزار ماكانغا تارتتى توي.
قاراماي شوڭقارى قوندى ۋىشكىغا،
بولدى يار داچىك تۇمەنىڭ ئىشچىغا،
كارامەت ئىشلار بۇ يەردە بەردى روي.

مەردلىرىم تۆككەن كۆمۈش رەڭ تەر بىلەن
ئايلىنار ئالتۇنغا قۇمۇ بىر كۈنى.
تارىتىپ ئىقبال قۇياشى نۇر زىيا،
يەتسە گەر مەنزىلگە ئەندىر، گۈل نىيا،
قاپلىغاي خوتەننى ئەلنىڭ شاد ئۈنى...

**مۇسا ئەھەد**

## غەزەللەر

### 1

كۆلەڭگەڭ ئاي بولۇپ ۋەسلىگە تۇندە ئاشىقنىڭ سۆيلەر،
نىگاھىڭنىڭ لەتىپ سەلكىنلىرى روھىمنى ئەللەيلەر.
سىياقىڭ يۇلتۇزى كۈندۈز كۆكۈمدە تۇرسا كۆز تاشلاپ،
بولامدۇ كۈندە يۇلتۇز، دەپ شۇدەم كىملەردۇ ئەزۋەيلەر.
پىراقىڭ يامغۇرىدىن روھ گۈلگە تامسا بىر قەترە،
شۇ گۈل يىلتىزلىرىدىن ھېس توغانى توختىماي دەۋرەر.
بېغىڭ ئاخشاملىرىدا نازلىرىڭ سۇ جىلۋىسى گويا،

①② جاي ئىسمى

چېچەكلىك ئۈركەشلىرى تۈن رەڭگىدە ئەپسۇندا تىنغ تەگلەر.
ۋىسالسىز ئاتەشىن دەملەر چوغنى يەلپۈسە سۇمۇرغ،
ئۇ تۈن ھەندانىدا سۇمۇرغ يەنە ئۆمرىنى شاد ئەيلەر.
قەدەم ئىزنالىرىنىڭ نۇسرەت شىخىدا بەرق ئۇرۇپ كۈلسە،
قىشدا مىڭلىغان ئازغان تۇرار، نىھالىنى چەيلەر.
يۈرەيمۇ خۇددىي مەشرەپتەك ۋىسالسىز دەشتى ھىجراندا،
جاھان غوۋغاسىدا ئارمانلىرىممۇ ماچىتسىز لەيلەر.

2

يول يىراق، مەنزىل ئۇزاق، كارۋان تېخى يول ئۈستىدە،
كۆپ ئەسىرنىڭ چاڭلىرى قاڭقىيدۇ دالدەك پەستىدە.
بەل-داۋانلاردىن ئېشىپ ئالدىمغا باقسام تىك قىيا،
ھەر قىيانىڭ مۈشكۈلى بىر ئىمتىھان ئەر ئۆمرىدە.
تۈنسەم گاھ ھالىڭ چوققا ئىچرە يېيىپ تۈن ساچىنى،
قانچە ئاينىڭ ھاردۇقى چىققاندۇ قەلبىم كۆكىدە.
تاڭغا باققىن، تاڭغا يار، تاڭ بوپ تارالغىن سەنمۇ ھەم،
قانچە ئارمان قانچە ئاھ باردۇر ئاشۇ تاڭ ۋەزنىدە.
مەن ئەسىرلەپ تۇۋلىدىم يوقتۇر سادا ياردىن تېخى،
يار خىرامان گۈل ئۈزەركەن غەيرىبلەرنىڭ كۆكسىدە.
مۇنچە شورلۇق نە ئۈچۈندۇر قىسمىتىم تەگرى دېسەم،
بىر سادا قوزغالدى شۇئان بۇ غېرىب دىل خانىدە.
گەر ئەدىبلىك تاجىنى كىيمەكچى بولساڭ، چەك جاپا،
چۈنكى شائىر يۈرىكى دەل ئۆرتىنەر ئەل دەردىدە...

3

بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ يار كېلۇر ئاستاغىنا،
باشىدا گۈل دوپپىسى، دىلدار كېلەر ئاستاغىنا.
قاشىغا بىر غۇنچىنى ئالغان يېشىل ياپراق سىياق،
سايرىتىپ بۇلبۇلنى شاد گۈلزار كېلەر ئاستاغىنا.
جۇپ قېشىنى كۆرسە ئەگىم ئاي ئاڭا قۇللۇق دېگەي،
مەڭزى مىسلى جۇپ ئانار، رۇخسار كېلەر ئاستاغىنا.

نەكى مەڭزى بىر ئانار ئالدىدا ھۆرلەر ئاھ چېكەر،
تۆرىلىپ ھەر خۇلقىدىن پەيكار، كېلەر ئاستاغىنا.
تاشلىنىپ قالسا كۆزۈڭ باغلىنىپ بىئىختىيار
بولسەن مەپتۇن، ساڭا دىشۋار كېلەر ئاستاغىنا.
ئىشق ئوتۇڭ ئۆرلەپ زېمىندىن تىترىتىپ كۆك قەرىنى
ئېرىتىپ مۇز تاغنىمۇ ئوت-نار كېلەر ئاستاغىنا.

ئەيساجان تۇردى

## سەبىي مۇھەببەت

ساقلىنىسەن مەخپىي ئارخىپتەك
يۈرىكىمدە سەبىي مۇھەببەت.
بىز ئەسلەشسەك بىر جۈپ يۈرەكتىن
قوغلىنىدۇ ھەسرەت-نادامەت.

ئوقۇشتىكى ئوماق پەرىشتەم،
تۇرماقتىسەن مەندىن يىراقتا.

سەنمۇ مېنى مەندەك سېغىنساڭ،
سېغىنىشقا تولىدۇ دۇنيا.

يازالىسام يېڭى بىر مىسرا،
شېئىر بولۇپ كېلىدۇ روھىڭ.
مېنى شائىر قىلىپ ياراتقان
بىلسەڭ ئەسلى سېنىڭ قۇدرىتىڭ.

نۇرمۇھەممەت جېلىل

## راست ۋە يالغان

«ئا» بىلەن باشلىنىدۇ ئالەم ئىشلار،
چېكىشتە تۈگەللىنىپ تامام بولار.
راستچىللىق ئەۋج ئالسا ئىشلار راۋان،
ساختىدا نۇرغۇن ئىشلار ھارام بولار.

ئاڭلىغان ئىدىم تىلدا سۆزگەك يوق، دەپ،
ئەمدى ئۇ يېزىقىمۇ كۆچكە نىمكىن؟!

ھىيلىلەر، رەڭۋازلىقلار روشەن بولۇپ،
راستچىللىق چىراغلىرى ئۆچكە نىمكىن؟

جۆيلۈمە، بولدى ئەمدى يوق مۇقامدا،
يالغاننىڭ جىك باسقۇدەك كىتابى يوق.
چەكلىكلا ئازغان تۈيغۇ، ئازغان ئادەم،
ھەقىقەت لەشكىرىنىڭ ھېسابى يوق.

## توختى ئايۇپ



# تەگرىنىڭ ھۆكۈمى

(روماندىن پارچە)

توختى ئايۇپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھوسۇل بېرىۋاتقان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياخشى ئەسەرلىرى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى قىزغىن قوللاپ كەلدى. 1994-يىلى ئۇنىڭ «تەگرىنىڭ ھۆكۈمى» ناملىق ئۈچ توملۇق رومانىنىڭ 1-تومى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. بۇ رومانىنىڭ 2-تومى بۇ يىل نەشرگە بېرىلدى. تۆۋەندە رومانىنىڭ 2-تومىنىڭ 11-بابىنى كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە سۇندۇق.

— مۇھەررىردىن

## 11

ئادەم ئۇچۇن ئۆز رەقىبىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە مەغلۇبىيەت يوچۇقلىرىنى بىلىۋېلىش نەقەدەر خۇشاللىنارلىق! بىلىپ قوي نادىر، ئەمدى مەن ساڭا قىلىدىغان ھۇجۇمنى سېنىڭ دەل ئاشۇ ئەجەللىك ئاجىز يېرىڭگە زەربە بېرىشتىن باشلايمەن. قايسى كۈنى ئىشخانامدا ماڭا ئاجرىشىش توغرىسىدىكى قارارىڭنى ئېلان قىلىۋاتقان چاغدىكى كۆرەڭلىكىڭنى بۇرنۇڭدىن زىرت-زىرت چىقىرىمەن، — مانا بۇ پەرىدەنىڭ ھامنتوۋ ئېلىپ كەلگەن مۇھىم خەۋەرنى ئاڭلاپ، شادلىق تەنتەنىسىگە چۆمگەن چاغدىكى ئويلىرى. ئۇ دەسلەپتە نادىرنى ئىشخانىسىدىن بولامدۇ، ئۆيىدىن بولامدۇ، بوكۇنلا ئىزدەپ تېپىپ، ياقىسىغا ئېسىلىپ، يۈزىگە تۈكۈرۈپ ئەل-جامائەت ئالدىدا رەسۋا قىلماقچى بولدى، لېكىن ئۇ بۇ قارارىدىن تېزلا يالتايدى، — ياق، ئەڭ ياخشىسى، ئىشنى نادىرەدىن باشلىغىنىم تۈزۈك، بۇنداق قىلىش نادىرغا ئۇنىڭ بىلەن بىۋاستە تۇتۇشقانىغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە كۈچلۈك زەربە بولىدىغانلىقى ئېنىق...

ئۇنىڭ يۈرىكى ئەمدى غالىبلىق تەنتەنىسى ۋە نادىرنى مەغلۇپ قىلىشقا بولغان تاغدەك ئىشەنچ ھەم ئاشۇ ئىشەنچتىن تۇغۇلغان ھۇزۇر-لەززەت بىلەن لىق تولدى.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەمدى بۇنىڭدىنمۇ يۇكسەكرەك راھەتبەخش تۇيغۇنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاشۇ تۇيغۇلار پەرىدەنى مەست قىلدى. ئۇنىڭ سەزگۇسىدىكى مۇشۇنىڭدىن باشقا ھەممە خىياللار ئۇنىڭ ئۇچۇن ھېچنېمىگە ئەرزىمەس نەرسە بولۇپ قالدى.

پەرىدە ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇدۇل مەكتەپكە كەلدى. تېخى دەرس باشلانمىغان، سىنىپتا ھەم مەيداندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ قى-چۇ قىلىشقان، ئوينىشىۋاتقان، يۇگۇرۇشۇۋاتقان، بىر-بىرىنى قوغلىشىپ يۇرگەن چاغدىكى قاقاقلاپ كۇلۇشكەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىشخانىغا يىغىلىشقان، ئىشخانا ئىچى جىمجىت ئىدى. مەكتەپ مۇدىرى رەخمىتۇللا ئۇلارغا نېمە توغرىلىقتۇر سۆزلىمەكتە. پەرىدە ئىشخانا ئىشىكى ئالدىدا سەۋرسىزلىك بىلەن ئۇياق-بۇياققا ماڭماقتا. ئىشىك يوچۇقىدىن مارىلىماقتا. چىرايى خۇددى ئەتىگەندە شۇۋىرغانغا يولۇققاندەك كۆكەرگەن، توخۇ ئەتلىرى ئۇرلىگەن...

سىرتتىن يېشى توختىغان، ئاق چاچلىق، بۇرۇتلۇق بىر ئەر كىشى كىرىپ كەلدى. ئىشىك تۇۋىگە كېلىپ پەرىدەگە سوئال نەزەرىدە قارىدى.

— بىرىنى ئىزلەپ كەلگەنمىدىلە ئوكام؟

— نادىرەنى چاقىرىپ قويغان بولسىلا، مۇھىم ئىش بار ئىدى.

— ماقۇل، ھازىر، — دېدى ئۇ كىشى ئىشخانىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ. ھايال ئۆتمەي نادىرە چىقىپ كەلدى ۋە ئالدىدىكى بۇ ناتونۇش ئايالغا تەئەججۇپ ئارىلاش كۆلۇمسىرىدى:

— مېنى ئىزدىگەنمىدىلە؟

— سىز نادىرەمۇ، ياخشىمۇسىز؟ — دېدى پەرىدە نادىرەنىڭ بىلىكىگە خۇش خۇيلۇق بىلەن ئېسىلىپ، — يائاللا، بوگۇنلا نېسىپ بولدى-دە، بولمىسا سىز بىلەن كۆرۇشۇشنى بۇرۇنلا ئارزۇ قىلىپ يۇرگەن.

— ئەدەبسىزلىك بولسىمۇ سوراي، ئۆزلىرى كىم بولىلا؟

— دۇرۇس، بۇرۇن كۆرۇشمىگەندىن كېيىن بىلمەيسىز-دە، نادىرنىڭ ئايالى.

— پەرىدەئاچاممۇ؟ — دېدى نادىرە خۇشال بولۇپ، — كەچۇرسىلە، ئەدەبسىزلىك قىپتىمەن.

— ھېچقىسى يوق. مۇنداق ئىش ئىدى، سىز بىلەن سۆزلىشىدىغان ئازراق گەپ بار ئىدى.

— ماقۇل، ئەمىسە دەۋەرسىلە.

— ئەڭ ياخشىسى، مېنى ياتىقىڭىزغا باشلاپ كىرسىڭىز.

نادىرە سائىتىگە قارىدى، ئىككىلىنىگەندەك، ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى.

— ماقۇل، يۇرسىلە، يەنە ئون مىنۇت ۋاقىت بار ئىكەن، — دېدى.

ئىككىسى قاتارلىشىپ، مەيداننى توغرىسىغا كېسىپ نادىرەنىڭ ياتىقىغا كېتىۋاتقان چاغدا، يەنە بىر ساۋاقدىشى بىلەن بىللە سىنىپقا چىلەكتە سۇ كۆتۇرۇپ كېتىۋاتقان

ئەكبەر تۇيۇقسىز نادىرە بىلەن كېتىۋاتقان پەرىدەنى كۆرۈپ قالدى-دە، جايىدا شىپپىدە توختاپ قالدى.

— سېرىق ئىت... — پىچىرلىدى ئۇ قورققىنىدىن كۆزىنى پەرىدەدىن ئۈزمەي.

— سېرىق ئىت؟ قېنى ئۇ؟ — سورىدى ساۋاقدىشى ئۇياق-بۇياققا قاراپ.

— كۆرمىدىڭمۇ ئاۋۇنى؟ نادىرە خانىم بىلەن كېتىۋاتقان شۇ.

— نەدىكىنى؟ بىر ئايالكەنغۇ ئۇ.

— سەن بىلمەيسەن، ئۆزى ئادەمگە ئوخشىغىنى بىلەن بەئەينى غالجىر ئىت.

— ئۇنداق دېمە، بەلكى خانىمنىڭ دوستىدۇ ئۇ.

— شۇنى دەيمنا، ئىككىسى قانداق قىلىپ دوست بولۇپ قالدىكىنە؟ ھەقىچان



خانىم ئۇنىڭ ئەسكىلىكىنى بىلمىگەن گەپ.

نادىرە ئىشىكنى ئاچتى. پەرىدەنى ياتقىغا باشلاپ ئېچى ئىشىكنى يېپىپ ئۈلگۈرمەيلا تۇيۇقسىز ئېڭىكىگە چاڭگىلداپ تەگكەن ئىككى شاپىلاقتىن ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ، ھېچنېمىنى سەزمەي قالدى. پەرىدە ئۇنى پاختىنى كۆتۈرگەندەك قاماللاپ كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا باستى-دە، بىر قولىدا چېچىدىن قاماللاپ، ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە مۇشتلاپ ئۇرۇشقا باشلىدى:

— ئەمدى قولۇمغا چۈشتۈڭمۇ جالاپ. مانا، ئۆيۈمنى ۋەيران قىلغىنىڭنىڭ جازاسى، مانا، ئېرىمنى بۇزغىنىڭنىڭ جازاسى! ئەمدى كۆز ياشلىرىمنىڭ قىساسىنى ئالىمەن، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!

ھېچ ئىشنى بىلمىگەن، ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمىغان نادىرە ئۆمرىدە ئۇچرىمىغان بۇ قاباھەتلىك زەربىگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى، ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلۇشنى

بىلەلمەي پەرىدەنىڭ ئاستىدا تىپىرلىماقتا. باش-كۆزىنى ئالقانلىرى بىلەن ھىمايە قىلماقتا. نومۇس، خورلۇق ئىچىدە ئاۋازىنى ئۈنلۈكرەك چىقىرىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي ئىچىدە ئىڭراپ يىغلىماقتا، نالە-پەرياد قىلماقتا.

پەرىدەنىڭ غالجىرلاشقان چىرقىراق، ئەسەبىي ۋارقىراشلىرىنى بىرىنچى بولۇپ ئاڭلىغان ئەكبەر نادىرەنىڭ ياتىقىغا يۈگۈرۈپ كەلدى-دە، دېرىزە ئەينىكىدىن بۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە توۋلىدى:

— سېرىق ئىت خانىمنى ئۇرۇپ كەتتى! مۇئەللىم! شياۋجاڭ!

ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقىشتى. ئوشىمۇ تۇشتىن يۈگۈرۈپ كېلىشكەن ئوقۇغۇچىلار بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىپ، دېرىزە تۆۋىگە، ئىشىك ئالدىغا تىقىلىشتى.

ياتاققا بىرىنچى بولۇپ مەكتەپ مۇدىرى ئېتىلىپ كىردى ۋە پەرىدەنىڭ قولىنى تارتىپ، نادىرەنىڭ چاچلىرىغا كىرىشىپ كەتكەن بارماقلىرىنى قايرىپ بوشىتىپ، نادىرەدىن تەسلىكتە ئاجراتتى.

— ئۆتۈڭ ماياققا، نەدىن كەلگەن لۈكچەك خوتۇنسىز! — ۋارقىرىدى ئۇ غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ، ئاندىن ئارقىدىنلا ئەگىشىپ كىرگەن، پەرىدەگە نەپرەت بىلەن چەكچىيىپ، ئۇنى ھازىرلا دەسسەپ چەيلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرغان ياش ئوقۇتقۇچىغا بۇيرۇق قىلدى، — تەۋپىق! قوغۇراقنى چېلىۋەت، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى سىنىپقا كىرىپ كەتسۇن!

— سىز كىم بولىسىز؟ — پەرىدە ئەسەبىيلەرچە چەكچەيگەن كۆزلىرىنى رەخمتۇللاغا تىكىپ، گويا ھازىرلا ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلماقچىدەك ئالدىغا ھومىيىپ كەلدى. چىرايى غەزەپتىن كۆكىرىپ قورقۇنچلۇق تۇس ئالغان، كۆكۈچ كۆزلىرىدىن بىر خىل ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇراتتى.

— مەن مۇشۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى، سىزچۇ؟ سىز كىم بولىسىز؟

— مەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى! شياۋجاڭ، دەردىمنى ئاڭلاپ قويۇڭ! — پەرىدە ئەمدى بىردىنلا ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇپ ھۆركىرەپ يىغلاشقا، چاچلىرىنى يۇلۇشقا باشلىدى، — جاندىن تويدۇم، ئۆلۈۋالىمەن! ئەمدى ياشاپ نېمە قىلىمەن بۇ دۇنيادا؟

قىز ئوقۇتقۇچىلار ياستۇققا يۈزىنى يېقىپ بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقان نادىرەنى يۆلەپ تۇرغۇزدى، چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى. نادىرەنىڭ چاچلىرى يۇلۇنغان، كۆزلىرىنىڭ ئەتراپى ئىششىغان، كۆكەرگەن، تاتىلانغان تىرناق ئىزلىرىدىن قان چىقىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ ئوقۇتقۇچىلار تۇشمۇتۇشتىن چۇرقىراشقىلى تۇردى:

— لۈكچەك! مۇنداقمۇ ئۇرامدۇ بۇ قىزنى!

— ساقچىغا مەلۇم قىلىش كېرەك.

— مۇشۇنىڭ كاساپىتىدىن مەكتەپ بويىچە بىر سائەت دەرس توختىدى مانا.

— شياۋجاڭ، رۇخسەت قىلسىلا، ئەدىبىنى بىرلا بېرىپ قويايلى بۇنىڭ!

— ئوقۇتقۇچى بولغان شۇنداق گۇناھمۇ؟ بوزەك قىلمىغان مۇشۇ لۈكچەك قاپتىمۇ بىزنى!

ئەمما، پەرىدە بولسا ئۇلاردىن بەتتەر ۋارقىرىماقتا، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلماقتا، ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ پىلىموتتەك سۆزلىمەكتە:

— دەرد نېمىنى قىلغۇزمايدۇ؟ ئادەمنى ساراڭ قىلىدۇ، جېنىنى ئالىدۇ. مېنى لۈكچەك دەيسىلەر، نادىرەچۇ؟ ئۇ قېپقىزىل جالاپ! مېنىڭ ئىناق ئائىلەمنى ۋەيران قىلغان، ئېرىمنى يولدىن ئازدۇرغان، بەختلىك ھاياتىمنىڭ قاتىلى! سىلەر بىلەمسىلەر بۇنى! ئاراڭلاردا ئاياللارمۇ بار ئىكەن، قېنى، مەن مۇشۇ ئايال دىلكەشلىرىمدىن سوراپ باقاي، سىلەر ماڭا ئوخشاش پاجىئەگە دۇچ كەلسەڭلار قانداق قىلاتتىڭلار؟ سۈكۈت قىلاتتىڭلارمۇ؟ ياق! مۇنداق خورلۇق، ھاقارەت ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرەتتىڭلار، چوقۇم ئىسيان كۆتۈرەتتىڭلار! ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، مەن راستتىنلا لۈكچەكمۇ؟ دۇرۇس، مەن بۇ جالاپنى ئۇردۇم، چاچلىرىنى يۇلدۇم، بىلەمسىلەر، دەرد-ئەلەمىمگە، ئازابقا، بەختسىزلىكىمگە چىدىماي شۇنداق قىلدىم.

پەرىدەگە غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ تۇرۇشقان ئوقۇتقۇچىلار بۇنى ئاڭلاپ بىردىنلا پەسكارىغا چۈشۈپ، بىر-بىرىگە ئۈنسىز قارىشىپ قېلىشتى.

— توختاڭ، توختاڭ، — دېدى مەكتەپ مۇدىرى پەرىدەنى گەپتىن توختىتىپ، — سىز كىمنىڭ ئايالى بولىسىز؟

— نادىرنىڭ... ھېلىقى گېزىتخانىدىكى.

— ئۇنداق بولسا ئىش چۈشىنىشلىكقۇ، جۇرۇڭ، بىز ئىشخانىغا چىقىپ سۆزلىشەيلى.

مەكتەپ مۇدىرى پەرىدەنى باشلاپ ئىشخانىغا چىقىپ كېتىۋاتقاندا سىنىپ-سىنىپلاردىكى ئوقۇغۇچىلار دېرىزىدىن باشلىرىنى چىقىرىشىپ، گويا ئۆمرىدە كۆرمىگەن غەلىتە بىر مەخلۇقنى كۆرۈۋاتقاندەك پەرىدەگە قاراشماقتا ئىدى. مەكتەپ مۇدىرى پەرىدەنى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى-دە، ئۇنىڭغا سوغۇق بىر نەزەر بىلەن تىكىلدى:

— ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ، ھە، قېنى ئەمدى سۆزلەڭ، نېمە ئۈچۈن مەكتىپىمىزگە كېلىپ بىر ئوقۇتقۇچىمىزنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرگەنلىكىڭىزنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەڭ.

— سوئالىڭىزنىڭ قويۇلۇشى توغرا بولمىدى، — پەرىدە يەنىلا ھاكاۋۇر ھەم ئۆكتەم كۆرۈنەتتى، — مېنىڭ غەزەپ-نەپرەتكە كېلىشىمگە سەۋەب بولغىنى ئوقۇتقۇچى ئەمەس، ئائىلەمنى ۋەيران قىلغان ئەخلاقسىز بىر بۇزۇق خوتۇن.

— بۇ دېگەن مەكتەپ، ئىلىم-مەرىپەت ئورنى، ھەرھالدا گەپ-سۆزدە ئىلمىراق بولۇڭ، — دېدى مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭ ھاقارەتلىك، بىزەپ سۆزلىرىدىن خاپا بولۇپ، ئەمما ئۆزى مۇمكىنقەدەر سىپايىرەك سۆزلەشكە تىرىشىپ، — مەن نادىرنىڭ ئەھۋالىنى، ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىڭلارنىڭ يامانلىشىپ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنىمۇ ئوبدان

بىلمەن. ئەكبەر ئاپىسىنىڭ قېشىدا گايىت جىگىلىنىڭ، دادىسىنىڭ قېشىدا سىزنىڭ خورلىشىڭىزغا ئۇچرىغان، نەتىجىدە ئۇنىڭ بالىلىق قەلبى ئازار يەپ، روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىپ، ئاخىر جىنايەت ئۆتكۈزۈش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. دەل شۇ چاغدا نادىرە ئەكبەرنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ يېڭىباشتىن ياخشى ئادەم قىلىپ تەربىيلەپ چىقماقچى بولغان. بۇ ئارىلىقتا نادىرە ئائىلە سۆھبىتى زۆرۈرىيىتى بىلەن نادىرنىڭ ئۆيىگە بارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مېنىڭچە بۇ تامامەن نورمال پائالىيەت، شۇنداق، شۇنداق. سىزنىڭ ئەرزىڭىزگە مېنىڭ بېرىدىغان جاۋابىم مۇشۇ. بىز ھەرقاچان مۇشۇنداق دەپ كېسىپ ئېيتالايمىز. لېكىن، سىز كەلتۈرۈپ چىقارغان جېدەل-ماجىرا مەسىلىسى مۇشۇنىڭ بىلەنلا ئاخىرلاشقان بولمايدۇ، سىزنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ئادەم ئۇرغانلىقىڭىزنى ھەم مەكتەپنىڭ بىر سائەتلىك نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپىنى بۇزغانلىقىڭىزنى ئالاقىدار ئورۇنلارغا مەلۇم قىلىمىز.

پەرىدە بۇنى ئاڭلاپ، خۇددى چوغقا دەسسىۋالغاندەك سەكرەپ ۋارقىراپ كەتتى.

— سىز ئوقۇتقۇچىمىز دەپ نادىرەگە يان بېسىۋاتىسىز، ھەتتا پاكىتنى يوققا چىقىرىپ، ئەخلاق جەھەتتىن بۇزۇلغان بىر جالاپنى ئاقلاۋاتىسىز. ئېيتىڭا، سىز مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ ئوقۇتقۇچى بولۇش سالاھىيىتى بار دەپ ئويلامسىز. ئالاقىدار ئورۇنلارغا مەلۇم قىلىمەن دەيسىز، مەلۇم قىلىڭ، بولسا ئەرز قىلىڭ، مەنمۇ ئەرز قىلىمەن. قاراپ تۇرۇڭ، مەن ئۇ بۇزۇقنى خىزمەتتىن قوغلاتقۇزۇۋېتىمەن. جازالاتقۇزۇۋېتىمەن! — پەرىدە شۇنداق دېدى-دە، خۇددى مەكتەپ مۇدىرىدىن ئالالمىغان ئاچچىقنى يەردىن ئالماقچى بولغاندەك توپلىيىنىڭ ئۆكچىسىنى يەرگە تاق-تاق قىلىپ ئۇرغىنىچە ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ چىققاندا تەنەپپۇس قىلىپ چىققان بالىلار مەيداننى بىر ئالغانىدى.

— سېرىق ئىت، سېرىق ئىت!

— چاغ! چاغ!

— يوقال مەكتەپتىن سېرىق ئىت!

— ئۇرايلى بۇ سېرىق ئىتنى!

بالىلار ئاشۇنداق دەپ ۋارقىرىشىپ، پەرىدەنىڭ ئارقىسىدىن دەرۋازىغىچە قوغلاپ چىقتى.

خىلۋەت بىر ماكاندىكى خۇددي راھەتلىك ئۇيقۇغا كەتكەندەك تىپتىنچ، زۇمرەت رەڭلىك سۈزۈك كۆل سۈيىنى تۈيۈقسىز باستۇرۇپ كەلگەن كەلكۈن چالغىتىپ ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكىنىگە ئوخشاش تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ قاباھەتلىك ۋەقە خىزمىتىنى خاتىرجەم، تۇرمۇشىنى تىنچ-غەمسىز ئۆتكۈزۈۋاتقان نادىرەگە قارا بوراندەك شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ، يۈرەك-باغرىنى لەختە-لەختە قان قىلدى. ئەل كۆزىدە خرۇستالدەك يالتىراپ تۇرغان غۇبارسىز قىزلىق نامىنى، ھۆرمەت-ئىناۋىتىنى ئاسماندىن يەرگە ئۇرغاندەك بولدى. ئۇنىڭ تېخى يېڭى كەلگەن ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىگە قارىماي، ئۇنىڭغا ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا

شۇ قەدەر ھۆرمەت ۋە قايىللىق نەزەرى بىلەن قارايدىغان بولۇپ قېلىشقان ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئەمدى بۇ ئىش توغرىسىدا نادىرەگە ھېسداشلىق قىلىشنى ياكى ئۇنى ئەيىبلەشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىشتى. ھەر كىم ھەر نېمە دەيتتى. نادىرەنىڭ تەرىپىنى ئالىدىغانلارمۇ، ئەكسىچە ئۇنى ئەيىبلەيدىغانلارمۇ بار ئىدى. قىسقىسى، بۇ ئىش ۋەقە يۈز بەرگەن شۇ سائەتتىن باشلاپ ئوقۇتقۇچىلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ قالدى.

— نادىرە كەلگىلى تېخى بىر-ئىككى ئاي بولماي تۇرۇپ مۇنچىۋالا ئىشنى قىلىشقا ئۈلگۈرەلەرمۇ؟ ئادەمنىڭ ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. يالغان جۈمۇ، يولداشلار.

— يالغان بولسا شۇنچىلىك يىغلاپ كېتەرمۇ ئۇ خوتۇن، چوقۇم بىر گەپ بار. شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىمايدۇ.

— ھەي، نادىرە قارىسىغۇ ھېچ ئۇنداق كۆرۈنمەيدۇ، يۈزى تۈۋەن، نومۇسچان، ئەمما بىر ئېزىپتۇ-دە، قاتتىق ئەقىلسىزلىك قىپتۇ، ئىسىت.

— بۇنى ئەقىلسىزلىك دېگىلى بولمايدۇ! ئەخلاقسىزلىق، ئۇچىغا چىققان ئەخلاقسىزلىق دېيىش كېرەك! ئەخلاقسىز بولمىسا خەقنىڭ ئۆيىنى بۇزاتتىمۇ؟ مانا، جازاسىنى تارتتىغۇ تاياق يەپ.

— بۇنداق دېيىش بىر تەرەپلىمىلىك، ھېچ بولمىغاندا يولداشلىرىمىزغا كۆيۈنمىگەنلىك. بىز نېمە ئۈچۈن ھېچبىر ئاساسسىز بولمىغان ئەھۋالدا ئەيىبنىڭ ھەممىسىنى نادىرەگە يۈكلەپ قويىمىز؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى نېمە ئۈچۈن ئىنچكىرلەپ تەھلىل قىلىپ باقمايمىز؟ پەردە كىم؟ ئۇ قانداق ئايال؟ بىلەمسىلەر؟ ئۇنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتە ئۇچىغا چىققان بۇزۇق ئايال ئىكەنلىكىنى ھازىرچە تىلغا ئالماي تۇرايلى، ئۇ ئەڭ ھازازۇل، بىشەم، نومۇسسىز ئايال. سىلەر مۇنداق ئىككى پاكىتقا نەزەر سالساڭلارلا ئۇ ئايالنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلىۋالالايسىلەر. مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ئۇ ئايال بىلەن نادىرنىڭ مۇناسىۋىتى بۇ يىل ئەتىيازدىلا يامانلىشىشقا باشلىغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئايال ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتىۋالغان. نادىرە بولسا تېخى يېقىندىلا يېزىدىن مەكتىپىمىزگە يۆتكىلىپ كەلگەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق نادىرە قانداقچە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى بۇزغان بولۇپ قالىدۇ؟ يەنە بىر پاكىت، خوپ، بىز نادىرەنى ھازىرچە ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەبچى بولغان دەپمۇ تۇرايلى، بۇنى پەردە نېمە ئۈچۈن تەشكىلىي ۋە قانۇنىي يول بىلەن ھەل قىلماي نادىرەگە لوكچەكلەرچە، قانۇنسىز ۋاستە قوللىنىدۇ؟

— بۇمۇ بىر پاكىت، ئەمما مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى، يەنى مۇنداق بىر ئېھتىماللىقنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. نادىرە ئەكبەرنى ئۆگىنىش ۋە ئەخلاقتا يارامىلىق بىر ئوقۇغۇچى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن ئۇنى مەكتەپتىلا چىڭ تۇتۇپ قالماي، ۋاقتى يەتسىلا ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلغان، تاپشۇرۇقلارنى ئىشلىشىگە ياردەملەشكەن. بۇ ياخشى ئىش، ئەمما نادىر بىلەن نادىرە

مۇشۇ پۇرسەتتە بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشقان بولسىچۇ، پەرىدەنىڭ ئۆيگە يامانلاپ كېتىشى ھەرگىزمۇ ئۇ ئائىلىنىڭ ئۇزۇل-كېسىل بەربات بولۇشى ئەمەس، باشقىلارنىڭ كېلىشتۈرۈپ قويۇشى ياكى بىر مەزگىللىك ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ئارقىلىق ئۇلار قايتا يار[illegible] قېلىشىمۇ مۇمكىن. مۇبادا مۇشۇنداق مۇمكىنچىلىك تۇرۇقلۇق نادىرە بىلەن [illegible] بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى سەۋەبىدىن بۇ ئائىلە ئۇزۇل-كېسىل بەربات بولۇش يولىغا قاراپ ماڭغان بولسىچۇ؟ بۇنىڭغا نادىرە ئەيىبلىك ئەمەسمۇ؟

— دۇرۇس، بىزنىڭ دەۋاتقىنىمىزمۇ مۇشۇ. خوتۇنى بار ئادەم بىلەن مۇھەببەتلەشتى دېگەن قانداق گەپ؟ ئەخلاقى بۇزۇقنىڭ ئىشى-دە بۇ! ھېلىغۇ پەرىدەكەن، بۇنىڭغا بىز بولساقمۇ چىدىمايمىز!

— شائىرخەق دېگەنچۇ، ھەممىسى ئۇچمە كۆڭۈل. ئەيىب نادىرەدىلا ئەمەس. چوڭى نادىردا، نادىرە ئەكبەرنى دەپ ئۆيگە بارغان. نادىرچۇ، گەپكە ئۇستا بولغاندىن كېيىن، ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ، شېرىن-شېكەر تاتلىق گەپلىرى بىلەن قىزنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋالغان!

بۇ گەپ بوران بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلگەن يار ئۈستىدىكى سېرىق توپىدەك شۇ كۈنىلا شەھەر ئىچىنى بىر ئالدى. بۇنى دەسلەپ ئوقۇغۇچىلار ئاتا-ئانىلىرىغا يەتكۈزۈشتى. ئۇلاردىن قولۇم-قوشنىلار ئاڭلاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆيلىرىدە بىكارچىلىقتىن قىلغىلى ئىش تاپالماي زېرىكىپ ئولتۇرۇشقان غەيۋەتچى خوتۇنلار خۇشاللىقىدىن قانات قېقىشىپ كوچا-كوچىلارغا چېپىشتى. ئىشىك-دېرىزىلەرنى قېقىشتى. گەپلەر تارقالغانسېرى يوغىناپ، قانات-قۇيرۇق چىقىرىپ، ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنگۈدەك دەرىجىدىكى قورقۇنچلۇق خەۋەرگە ئايلاندى. بەزىلەر «پەرىدە نادىرەنى ئېرى بىلەن تۇتۇۋاپتۇ» دېسە، يەنە بەزىلەر «نادىرە نومۇسقا چىدىماي ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپتىكەن، باشقىلار قۇتقۇزۇۋاپتۇ» دېيىشەتتى.

بۇ خەۋەرنى نادىرغا بىرىنچى بولۇپ يەتكۈزگىنى ئەكبەر. ئۇ چۇشلۇك دەم ئېلىشقا قويۇۋېتىلگەن ھامان ئۆيگە ئۇچقاندەك چېپىپ باردى-دە، ئۆيدە ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز چۇشلۇك تاماققا كۆكتات ئادالاپ ئولتۇرغان دادىسىغا بۇگۈن ئەتىگەندە بولغان ئىشلارنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بەردى. بۇ خەۋەر نادىرغا ئۇنىڭ ئەقلىگە سىغمىغۇدەك دەرىجىدە دەھشەتلىك، ھەتتا ئوچۇق سوت ئېچىلغان چاغدا ئۇنىڭ يىگىرمە يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىق توغرىسىدىكى ھۆكۈمنامىنى ئاڭلىغاندىنمۇ بەتتەر قورقۇنچلۇق تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ خېلىغىچە قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي، خۇددى سەزگۈلىرىنى يوقاتقاندەك گاراڭ ھالەتتە بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

پەرىدە، ئىست، پەرىدە... يەنە رەزىللىكنى قىپتۇ-دە ئۇ. شۇنچىۋالا قىلغۇدەك نېمە يامانلىق قىلغان بولغىيدىم ئۇنىڭغا؟ نادىرەچۇ؟ ئۇنىڭغا نېمە قىلغان؟ ئالدىدا قىلغان گۇناھى نېمە؟ نادىرەنىڭ ماڭا بولغان سىڭىللارچە سەممىي، غۇبارسىز ھۆرمىتى،

ئەكبەرگە بولغان كۆيۈنۈشى ۋە غەمخورلۇقى ئۈچۈنلا مۇشۇنداق تۆھمەت-ھاقارەتكە ئۇچرىشى كېرەكمۇ؟ ئاھ، نادىرە، ئۆمرىدە خورلۇق ۋە ھاقارەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ باقمىغان ئېپپەتلىك، نومۇسچان بىر قىز شۇ تاپتا نېمە بولۇپ كەتتىكىن؟ ئۇ ماڭا ئىچ-ئىچىدىن نەپرەت بىلدۈرۈپ، ماڭا قىلغان يېقىنچىلىقى ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، ياتىقىدا يىغلاپ ئولتۇرامدىكىن؟ ئۇ نومۇس ۋە تۆھمەت ئازابى ئىچىدە ياش تۆكۈپ ئولتۇرغان چاغدا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى ھەسرەت ۋە خورلۇق ئىسكەنجىسىدىن بىردەم بولسىمۇ نېرى قىلغۇدەك يېنىدا قايسى غەمگۇزارى بار؟ ئۇ شۇ تاپتا تىكەندەك يالغۇز، يېتىم چۈجىدەك ھىمايىسىز، ئوق تەگكەن قۇشتەك يۈرىكى قان... شۇڭا ئەمدى ئۇنىڭغا تېزلىك بىلەن ياردەم قىلىش، دەردىگە دەرمان بولۇش كېرەك. بۇنى قىلىدىغان ئادەم كىم؟ ئەلۋەتتە مەن... مەن ھەم ئەكبەر... مەسىلە ناھايىتى چۈشىنىشلىك، نىكاھتىن ئاجرىشىش ۋاقتىدا پەرىدە مېنى چوقۇم ئۆزىنىڭ پەيزۇللا بىلەن بولغان نومۇسسىز قىلمىشلىرىنى ئاشكارىلايدۇ دەپ ئەنسىرەپ، ماڭا بۇ قارا تۆھمەتنى چاپلاش ئارقىلىق ئېغىزىمنى تۇۋاقلىماقچى بولغان ۋە ئىشنى دەسلەپتە نادىرەگە قارا نىيەتلەرچە بوھتان چاپلاش ۋە زەربە بېرىشتىن باشلىغان. ئالدىرىما پەرىدە، سەن چوقۇم بۇنىڭ قىساسىنى تارتىسەن، بىگۇناھ قىزنىڭ تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرى ئۈچۈن، بىزگە قىلغان قارا تۆھمىتىڭ ئۈچۈن ئاخىر ئەلەڭ مەينەت، ئېغىر كۈنگە قالىسەن. مېنى كۆرۈپ قوي پەرىدە! ئەمدى مەن نادىرەنى ھىمايە قىلىپ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىمەن، ئۇنىڭ پاك، ئالىيجانابلىقى ۋە سەممىيىتىنى، مېنىڭ سەن بىلەن بولغان ئائىلىۋى مۇناسىۋىتىمىزنىڭ قاباھەتلىك جەريانى ۋە تراگېدىيىلىك ئاقىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى جامائەتچىلىككە ئىسپاتلاپ بېرىمەن.

نادىرنىڭ بۇ خىياللىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئازاب ۋە ھەسرىتىگە بەرىبىر دال بولالمىدى. ئۇنىڭ بايا ئەتمەكچى بولغان تامىقى ئەمدى نەدە قالدى، كارىدوردىكى مەشكە بۇرۇنراق تۇتاشسۇن دەپ يېقىپ قويغان ئوت خۇددى نادىرنىڭ غەزەپ ۋە ئەلىمدىن ئۆرتىنىۋاتقان يۈرىكىدەك گۈرۈلدەپ كۆيمەكتە.

— دادا، خانىمنىڭ قېشىغا بارايمىكىن... — ئەكبەر دادىسىنىڭ كۆڭلىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى بىئاراملىقنى ھېس قىلغاچقىمىكىن، بىر خىل جۈرئەتسىزلىك بىلەن سورىدى.

نادىر ئېغىرلاشقان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەكبەرگە قارىدى. ئۇنىڭمۇ چىرايىدا مۇڭ، ھەسرەت...

— ئازراق چاي ئىچىۋېلىڭ ئەمسە، داستىخاندا نان بار.

— قورسىقىم ئاچمىدى دادا.

— مەيلى ئەمسە... — دېدى ئۇ، ئاندىن ئىشىككە بېرىپ بولغان ئەكبەرنى يەنە چاقىرىپ توختاتتى، — توختاڭ، نادىرەگە مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ، چىداملىق بولسۇن، بىز بۇ تۆھمەت-سۈيىقەستنى چوقۇم تار-مار قىلىمىز!

نادىر بۇ سۆزنى نادىرەگىلا ئەمەس، ئۆزى ئۈچۈنمۇ ئېيتتى. «چوقۇم... چوقۇم تار مار قىلىمەن.» پىچىرلىدى ئۇ غەزەپ ۋە دەرد-ئەلەمنى ئىچىگە تەستە يۇتۇپ. يەنە بىر يېرىم سائەت چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى قالغانىدى. نادىر مۇشۇ پۇرسەتتە دەرھال مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ سۆزلىشىپ كەلمەكچى بولدى. دۇرۇس، بېرىپ سۆزلىشىش كېرەك، ئۇ بۇ ئىشقا قانداق قاراشتىكىن؟ مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، نادىرەنىڭ گۇناھسىزلىقىنى، پەرىدەنىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ قارا نىيەتلەرچە قىلىنغان سۇيىقەست ۋە تۆھمەت ئىكەنلىكىنى كەسكىن ئېيتىش كېرەك.

ئىشىكتىن باقى كىرىپ كەلدى. بۇرۇنقى چاغلاردا بىر-بىرى بىلەن كۆرۈشسە خۇشاللىقىدىن قىلىدىغانىغا قىلىق، سۆزلەيدىغانىغا سۆز تاپالماي قالىدىغان بۇ ئىككى دوست بۈگۈن جىمجىتلا كۆرۈشتى، نادىر باقىغا ئۈنسىز بېشىنى لىڭشىتىپلا قويدى.

— نېمە بولدۇڭ؟

— سەنچۇ، بىر ئىش بىلەن كەلدىڭمۇ؟ بىلمەن، سەن مېنى ئەيىبلىگىلى كەلدىڭ. شۇنداقمۇ؟

— نېمە دەۋاتىسەن؟ — باقىنىڭ كۆتمەك قاشلىرى سەكرەپ كەتتى. — مەن سېنى نېمىشقا ئەيىبلىگۈدەكمەن، نېمىگە ئاساسەن؟

— ياق، يوشۇرما، ھاياتىمدا مېنى ئەڭ كۆپ ئەيىبلىگەن ئادەم پەقەت سەن. بىز نەچچە قېتىم تاكاللاشتۇق، ھەتتا قىزىرىشتۇق. لېكىن ئاخىرىدا سېنىڭ ئەيىبلەشلىرىڭ توغرا بولۇپ چىقتى. ئەمدى ئويلاپ يەتتىم، مەن شورپېشانە ئىكەنمەن باقى، راست، راست دەيمەن، شورپېشانە بولمىسام دۇنيادىكى ئازاب-ئوقۇبەت، جاپا-رىيازەتنىڭ ھەممىسىنىلا مەن تارتارمىدىم؟ ئويلاپ باقسام بىر ئۆمۈر رىيازەت چېكىپتىمەن، يەنە قانچىلىك چېكەرمەن؟ مەن بۇرۇن دىنسىز ئىدىم، ئەمدى خۇداغا ئىشىنىدىغان، تەقدىرگە ئىشىنىدىغان بولۇپ قالدىم. يىگىرمە يىل كېسىلىپ، ئون يىل تۈرمىدە ياتتىم، بۇنىڭغۇ جۇڭگودىكى سىياسىي ئەسەبىيلىكنىڭ تراگېدىيىلىك ئاقىۋىتى دەيلى، ئەمدىكىسىنىچۇ؟ بىر ئەرنىڭ، يەنە كېلىپ ئەقلى-ھوشى جايىدا، يەتتە ئەزاسى بېجىرىم بىر ئەرنىڭ بىر ھازازۇل، جادۇگەر خوتۇننىڭ دەرد-ئەلىمى ئالدىدا ئازاب چېكىشى قانداق ئېچىنارلىق؟

— ئازاب... ئۆزۈڭ شۇنداق بوپا يۇدۇۋېلىۋاتىسەن.

— ياق، ياق، سەن گېپىمنى چۈشەنمىدىڭ، — دېدى نادىر كەسكىنلىك بىلەن، — ئۇ ئېبلىسنىڭ تۆھمىتى مەن ئۈچۈن نېمىدى؟ لېكىن مەن نادىرەگە بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك ئازاب، دەرد-ئەلەم تېپىپ بەردىم، بىچارە قىزغا ئۇۋال بولدى.

باقى خەقنىڭ ئاغزىدا بورانلەك ئۇچۇپ يۈرگەن پىتنە-پاسات، تىل-تۆھمەتلەرنى ئاڭلاپ، نادىرنى نېمە بولۇپ كەتتىكىن دەپ ئەنسىرەپ بۇ يەرگە كەلگەن. نادىرنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولدى. دۇرۇس، نادىرنىڭ دەۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسى پاكىت، مەۋجۇت مەسىلىلەر، ئەمدى باقى بۇنىڭ ئۈچۈن

ئۇنىڭغا قايسى تەرەپنى ياردەم كۆرسەتسە بولىدىكىن؟ ئىككىسى چېكىۋاتقان تاماكىنىڭ ئاقۇچ، قويۇق ئىسى ئۇلارنىڭ بېشى ئۈستىدە لەيلەپ، دېرىزە تەرەپكە ئاستا سىلجىماقتا ۋە داۋ،غا ... كىپ يوقىلىپ بارماقتا ئىدى.

— مۇنداق ئويلاپ قالدىم قارا، — باقى ئاز ۋاقىت داۋام قىلغان جىمجىتلىقتىن كېيىن ئاستا بېشىنى كۆتۈردى، — مەن بىرىپ پەرىدە بىلەن سۆزلىشىپ كەلسەم قانداق بولىدىكىن؟

— نېمىشقا؟ — نادىرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— سەن پەرىدەنى سەل چاغلىما، ئۇ يەنە بۇنىڭدىن بەتتەر شۇملۇقلارنى قىلىشى مۇمكىن. يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان كۆڭۈلسىزلىك ھەم دىشۋارچىلىقتىن مۇمكىنقەدەر ساقلانغىنىمىز ياخشى.

— سەن بىرىپ پەرىدەنى ياخشى گەپ بىلەن پەيلىدىن ياندۇرىمەن، دېمەكچىمۇ؟

— بەزى چاغدا، مېنىڭچە، شۇنداق قىلىشمۇ زۆرۈر جۇمۇ ئاداش.

— ئۇنداق گېپىڭنى قوي! — نادىر خاپا بولۇپ قولىنى كەسكىنلىك بىلەن سىلكىدى، — بولىدىغان ئىش بولدى، قىلىدىغان رەزىللىكنى قىلدى، يەنە نېمەدەپ سۆزلىشەتتىڭ ئۇنىڭ بىلەن؟ يەنە سۇيىقەستى بولسا قىلسۇن، قىلىۋەرسۇن، ئۇنىڭ سۇيىقەستلىك ئويۇنى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ شەرمەندىلەرچە مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياغلىشىدۇ، قاراپتۇر.

— سۇيىقەستى ئاشكارىلانماي پاكىت سۈپىتىدە قېلىۋېرىسىچۇ؟ سەن بۇ تەرىپىنى ئويلىنىپ باقتىڭمۇ؟

— ئۇ چاغدا ئەلھۆكمىللالا ئاداش، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن.

نادىر كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ، مەكتەپ مۇدىرى بىلەن سۆزلەشمەكچى بولۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. نادىرنىڭ كوچىغا چىقىپ باقمىغىنىغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغان، كۆڭلىنىڭ ئازابلىق تۈيغۇ ئىچىدىكى ئارامسىزلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى تەبىئەت زاستىنلا ئۆزىنىڭ ياز چاغلىرىدىكى گۈزەل لاتاپىتى ۋە جىلۋىگەرلىكىنى يوقاتقانمۇ، يولمۇ، دەل-دەرەخلەرمۇ، ھاۋامۇ بىر خىل كۆڭۈلسىز. باھار ھەم ياز چاغلىرىدىكى ماۋۇقتەك ئاپئاق بۇلۇتلار ئاندا-ساندا لەيلىشىپ تۇرىدىغان پاكىز، سۈپسۈزۈك زەڭگەر ئاسمان ئەمدى نەدە؟ ئۇ ئەمدى خۇددى يۈزىگە يۇندا چېچىۋەتكەندەك خۇنۇك، دۇغلانغان. كوچىدا قىشنىڭ قارا سوغۇقلىرىدىن شەپە بېرىپ، كۈزنىڭ سوۋۇغان شامىلى ئۇچۇپ يۈرىدۇ. سارغايغان ياپراقلار شاخلاردا شىلدىرلايدۇ، ھەممە نەرسىدىن زوق، ئىشتىياق قاچقان، قوغۇن-تاۋۇزچىلارنىڭ، سوغۇق ئىچىملىك ساتقۇچىلارنىڭ، ماروژنىچى، راخاپچىلارنىڭ ئالدىدىن ئادەملەر سېلىككەن. كوچىدىكى ئۆتكۈنچىلەر نادىرغا قىزىقىش، ھەيرانلىق بىلەن قارىشىۋاتقاندەك، ئۇنى ئىما قىلىپ قاقاقلاپ مەسخىرىلىك كۈلۈشۈۋاتقاندەك، پىچىرلىشىۋاتقاندەك...

رەخمىتۇللا نادىرنى بۇرۇنقىدەك خۇش خۇي ۋە ئۇلتىپات بىلەن قارشى ئالدى.

— كەلسىلە، كەلسىلە، ئەجەب ۋاقتىدا كەلدىلە مانا. مەنمۇ سىلىنى بىجى بىر ئىزدەي دەپ تۇرغان، — دېدى ئۇ.

— ئۇنداق بولسا مەنمۇ دەل ۋاقتىدا كەپتىمەن-دە، شىياۋجاڭ. — دېدى نادىر.

رەخمىتۇللانىڭ ئايالى خۇددى ئۆزۈن يىل كەلمىگەن قىممەتلىك مېھمانغا داستىخان سالغاندەك داستىخاننى نان، توقاچ، پىچىنە، كەمپۈت، ھەسەل، مۇراببالار بىلەن توشقۇزۇۋەتتى.

— بۇ ئۆيدە تاتلىق-تۈرۈملەرغا ئامراقلار جىق، شۇڭا ھەممىسىنىڭ چىشى كاۋاك. — چاقچاق قىلدى رەخمىتۇللا كۈلۈپ، — بۇ بىزنىڭ خوتۇنىنىڭ چوڭ ئىجادىيىتى. قېنى ماۋۇ ئەنجۈر مۇراباسىدىن تېتىپ باقسىلا.

ئەمما بۈگۈن نادىرنىڭ مۇنداق چاقچاق ھەم مول داستىخانغا مەيلى يوق. ئۇ مەكتەپ مۇدىرى بىلەن كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن ئاشۇ مۇھىم ئىش توغرۇلۇق سۆزلىشىشكە ئالدىرىماقتا. ئۇلار چاي ئىچىشتى، بىردىن تاماكا تۇتۇپ چېكىشتى، مەكتەپ مۇدىرى نادىرنىڭ بۈگۈن نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن بىلگەن. شۇڭا، ئۇ نادىرنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماي ئۆزىلا سورىدى:

— بۈگۈن مەكتىپىمىزدە ئازراق پاراڭ-غوۋغا بولدى، ئاڭلىغانلا بەلكىم؟

— ئاڭلىدىم، ئەكبەر چۈشتە بېرىپ ھەممىنى سۆزلەپ بەردى.

— بۇ پەرىدە پەيدا قىلغان ئۈچىنچى چىققان يولسىزلىق، لۈكچەكلەرچە قانۇنسىز قىلمىش، — دېدى رەخمىتۇللا بىر خىل سالماق ئاھاڭدا گەپنى دانىمۇ دانە قىلىپ سۆزلەپ، — بۇ مەكتىپىمىز تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئېغىر ۋەقە. شۇڭا، بىز بۈگۈنلا ۋەقەنىڭ جەريانىنى ناھىيىلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسىغا دوكلات قىلدۇق. بەنە دوختۇرخانا مەسئۇللىرىغىمۇ مەلۇم قىلدۇق.

— پەرىدەنىڭ ئاتالمىش ئەرز، شىكايىتىگە نىسبەتەن مەكتەپنىڭ قانداق قاراشتا بولۇۋاتقانلىقى باشقا بىر گەپ. لېكىن ئۇنىڭ مۇشۇنداق رەزىللىككە تەۋەككۈل قىلىشىدىكى مەقستى باشقا، ئۇ ئادەم چىداپ تۇرغۇسىز دەرىجىدە رەزىل ھەم قاباھەتلىك.

— ئۇنى بىلىمىز، ئۇ بىزگە ناھايىتى روشەن.

— بۇ جادۇگەر خوتۇن مەندىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن نادىرە بىلەن ئىككىمىزگە بۆھتان چاپلاشتەك ئەڭ ئېپلاس ۋاستە قوللانغان. دۇرۇس، نادىرە ئۆيۈمگە بارغان، ئەمدى مۇشۇنىڭ جەريانىنى سىلىگە چۈشەندۈرمىسەم بولمىدى.

— ياق، ھاجىتى يوق، — دېدى رەخمىتۇللا نادىرنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — بايا دېدىمغۇ، بىزنىڭ بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن قارىشىمىز ناھايىتى ئايدىڭ، پەرىدەنىڭ كۆتۈرۈپ چىققان دەستىكى ماھىيەتتە ئىككىڭلارغا قىلىنغان تۆھمەت، شۇغىنىسى بۇ سىلىگىمۇ، نادىرەگىمۇ ئېغىر ئازاب بولدى-دە، شۇڭا بىز نادىرەگە زۆرۈر بولغان ھەممە

ياردەملەرنى كۆرسىتىمىز. ئۇ ئارىمىزدا ئاز ئۇچرايدىغان ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچى، شۇڭا ئۇ مەكتىپىمىزگە كەلگىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمايلا ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھۆرمەت-ئىناۋىتىنى تىكلىدىغۇ، بۇنىڭ ئالدىدا ئۇ ئىشلار نېمىدى؟ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھازىرچە نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالغانلارمۇ ئاستا-ئاستا چۈشىنىدۇ.

مەكتەپ مۇدىرى نادىرەنىڭ شۇنچىلىك ئازاب، خورلۇق چېكىپ تۇرۇپمۇ دەرس تاشلىماي، خىزمەتنى نورمال داۋاملاشتۇرغانلىقىدىن خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، يەنە بىرمۇنچە سۆزلىدى. ئۇنىڭ بۇ ئارقىلىق نادىرنىڭ نادىرە توغرىسىدىكى تەشۋىش ھەمدە ئىچ ئاغرىتىش بىلەن تولغان كۆڭلىگە تەسەللى بېرەلىگەنلىكى، ئازابلىرىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن تىرىشقانلىقى ئېنىق. شۇنداق بولدى، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئاق كۆڭۈللەرچە قىلغان سەممىي سۆزلىرىدىن نادىرنىڭ خۇددى دېڭىز دولقۇنىدەك ئۆرلەپ تۇرغان كۆڭلى خېلىلا ئارام، تەسەللى تېپىپ قالدى.

نادىر مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆيىدىن خوشلىشىپ چىققاندا ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشكەن، ئاسماندا بۇلۇت-تۇمان ئىچىدىكى ئاينىڭ گىرىمسەن ئىزناسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. نېمانداق تەشۋىشلىك بۇ دەم؟ كېچە قاراڭغۇ، كۈز شامىلىنىڭ كۆڭۈلسىز سوغۇقى بەدەننى شۈركەندۈرىدۇ. بەرگىدىن تۆكۈلگەن، قۇرۇغان ياپراقلارنىڭ ئاياغ ئاستىدىكى شىلدىرلاشلىرى كۆڭۈلدە يەنە ئاللىقانداق ھەسرەتلىك خىياللارنى قوزغايدۇ. شۇ تاپتا نادىرە نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن، ياتىقىدا يىغلاپ ئولتۇرامدىكىن ياكى بىرەر دوستى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتىمىكىن؟ نادىر ئاشۇ ھەسرەتلىك خىيال ئىچىدە مەكتەپ ئىچىنى، گىمناستىكا مەيدانىنى، دەرەخ ئارىلىرىنى خېلىغىچە ئايلىنىپ يۈردى ۋە ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ نادىرەنىڭ ياتىقىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. ياق، ئۇ سەزدى، سېزىپ تۇردى. يۈرىكىنى گاھ ئۆرتەپ، گاھ ئىككەتكەك غاجاۋاتقان بىرچ-جاۋابكارلىق تۇيغۇسى ئۇنىڭ ھەممە تەشۋىش ھەم جۈرئەتسىزلىكىنى يېڭىپ، نادىرەنىڭ ياتىقىنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا سۆرەپ كەلدى. ياتاقتا چىراغ ئۆچمىگەن، ئەمما ياتاق ئىچى تىۋىشسىز، جىمجىت ئىدى. مەكتەپ ئارقىسىدىكى مېۋىلىك باغ ئىشىكىگە يانداپ سېلىنغان، ھەر بىرى بىر ئېغىزدىن كېلىدىغان قاتار كەتكەن ئۆي. مانا بۇلار بويتاق ئوقۇتقۇچىلار ياتىقى. بۇنىڭ ئەڭ چېتىدىكىسى نادىرەگە بېرىلگەن. نادىر بۇنىڭدىن تېخى بىر ھەپتە ئىلگىرى نادىرەنى كەچ قالغىنى ئۈچۈن ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ مۇشۇ يەرگىچە — ياتىقىنىڭ ئالدىغىچە ئەكىلىپ قويغانىدى. چىراغ يورۇق، دېرىزىگە ئاقۇچ پەردە تارتىلغانلىقتىن ياتاق ئىچىنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ نادىرەنىڭ ياتاقتا ئىكەنلىكى ئېنىق. نادىرنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقماقتا، ئۇ خەۋپسىرەپ ئەتراپقا قارىماقتا. نېمىشقا شۇنداق؟ تېخى ھەپتە ئىلگىرى بۇ يەرگە خاتىرجەم كېلىپ كەتكەن نادىر ئەمدى نېمىشقا يۈرىكى تەشۋىشلىك گۈپۈلدەيدىغان، بىرەرى كۆرۈپ قالارمىكىن دەپ ئەتراپقا ھودۇقۇپ قارايدىغان بولۇپ قالدى؟ نادىرنىڭ ھازىر بۇلارنى ئويلاشقا چولىسى يوق ھەم

ئۇ سوئالغا جاۋابمۇ بېرەلمەيدۇ. ئەمما كۆڭلىدە ئارسالدىلىق، بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن تەشۋىشلىك خىيال.

شۇ تاپتا ئەڭ مۇھىم ئىش نادىرەنىڭ خورلانغان، ئازاب-ھەسرەتلىك كۆڭلىگە تەسەللى بېرىش، ئۇنى قېرىنداشلارچە ھىمايە قىلىش. نادىرەگە ئەڭ لازىمى مانا مۇشۇ.

نادىر ئىشىك ئالدىغا كەلدى، قولىنى ئىشىككە ئۇزاتتى. ئەمما قولىنى يەنە شۇئان ئىشىكتىن قايتۇرۇۋالدى. يۈرىكى ئەمدى بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر شىددەت بىلەن سوقماقتا. نەپەسلىرى قىسىلماقتا...

بىراق، ھەممە قاباھەتنىڭ سەۋەبچىسى مەن بولغىنىم ئۈچۈن نادىرە مېنى بۇرۇنقى مېھرىلىك خۇش چىرايى بىلەن ئەمەس، نەپرەت بىلەن چەكچەيگەن سوغۇق كۆزلىرىدە قارشى ئالسىچۇ؟ ئۇنىڭ چىرايىدىن ئاشۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈش قانداق دەھشەتلىك! بەلكى ئۇ ئۇنىڭدىن بەتتەررەك قىلار. سەن ئىپلاسنىڭ سەۋەبىدىن مۇشۇ تۆھمەتكە قالدىمغۇ، ئۆيدىن چىق، كۆزۈمدىن يوقال، دەپ ۋارقىرار. ئۇ چاغدا ماڭا بۇ ئۆيدىن ئەس-ھوشۇم بىلەن چىقىش يوق، يەر بىلەن يەكسان قىلىنغان ھالىتىم تۇرغان ئورنۇمدا بىر ئەمەس، مىڭ قېتىم ئۆلگەنگە باراۋەر بولار...

نادىر بىر-بىرىگە زىت بۇ ئىككى خىيالنىڭ شىددەتلىك ئېلىشىشىدىن سەزگۈسى گاراڭلىشىپ، ئۆزى تۇمانلىق بىر بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالغاندەك بولدى. شۇڭا، تېگى يوق، قاپقاراڭغۇ ھاڭغا غۇلاپ كېتىشتىن پەقەت نادىرەلا قۇتقۇزۇپ قالالايدىغاندەك ئۇنىڭ ئىشىكنى ھالسىزلارچە بىر خىل ئەنسىزلىك ئىچىدە تىرىقلىتىپ چېكىشكە باشلىدى. مانا، ئىشىك ھازىرلا ئېچىلىدۇ. ئۇ چاغدا زاھىر بولىدىغىنى نادىرەنىڭ غەزەپ ھەم نەپرەتتىن تاتارغاز چىرايى...

نادىر ئىشىكنى يەنە چەكتى، ئۆي ئىچىدە كارىۋاتنىڭ غىچىرلىغىنى، نادىرەنىڭ شىپىرلاپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. نادىرنىڭ يۈرىكى ئەمدى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بولمايدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ۋەھىمىلىك بىر تۇيغۇدىن سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولدى.

ئىشىك ئېچىلدى. نادىرەنىڭ چاچلىرى يەلكىلىرىگە يېيىلغان، چىرايى سۇتتەك ئاقارغان، كۆزلىرىدە ياش. نادىرنىڭ لەۋلىرى تىترىدى.

— نادىرە... — شىۋىرلىدى ئۇ جۇرئەتسىزلەرچە بوش ئاۋازدا.

— نادىر ئاكا... — دېدى قىلدى نادىرە كۆزىگە ياش ئېلىپ، — ئۆيگە كىرىڭ.

نادىر ئۆيگە كىرىپ ئۆرە تۇرۇش ياكى ئولتۇرۇشنى بىلەلمەي ئوتتۇرىدىلا ئۇن-تىنسىز قېتىپ تۇرۇپ قالدى. تىلى تامىقىغا چاپلىشىپ قالغاندەك ئىدى.

— نادىر ئاكا... جېنىم ئاكا... — نادىرە سەنتۈرۈلۈپ كېلىپ نادىرنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ ئېسىلدى، — سىز كەلدىڭىزمۇ نادىر ئاكا؟

— نادىرە... جېنىم سىڭلىم...

نادىرە نادىرنى مەھكەم قۇچاقلاپ، بېشىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلىماقتا. ئۇنىڭ ئەتىرگۈل بەرگىسىدەك نازۇك گەۋدىسى تىترىمەكتە. نادىر ھەممىنى، ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا نادىرەنى مەھكەم قۇچاقلاپ، ئېگىكىنى ئۇنىڭ ياش بىلەن نەمدەلگەن يۇمران مەڭزىگە ياقماقتا. نادىر ئەمدى نېمىشقىدۇر ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى، ۋۇجۇدىغا يىغىلىپ قالغان ئازاب، ھەسرەت يېشى نادىرەنىڭ يەلكىسىگە تاراملاپ تۆكۈلدى.

— مىنى كەچۈرۈڭ نادىرە، ھەممە ئەيىب، ھەممە گۇناھ مەندە، — خىرقىراق، ئاجىز، رەنجىش بىر ئاۋازدا شىۋىرلىغاندەك دېدى نادىر.

— ياق. نادىر ئاكا، قانداقسىگە سىزدە ئەيىب بولغۇدەك؟ سىز گۇناھسىز. راست، گۇناھسىز.

— ياق، مەن ئۇنداق ئويلىمايمەن نادىرە، سىزنىڭ مۇشۇنداق ئازاب، رىيازەت چېكىشىڭىزگە مەن سەۋەبچى بولغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمدىن قاتتىق نەپرەتلىنىۋاتىمەن.

نادىر نادىرەنىڭ ھەسرەتلىك ئۆكسۈشتىن تىترەپ ئارانلا ئۆرە تۇرغان گەۋدىسىنى يۆلەپ، كارىۋاتقا ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزدى. چۈۋۈلۈپ، يۈزىگە چاپلىشىپ قالغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى.

— ئۇنداق دېمەڭ، — ھالسىز شىۋىرلىدى نادىرە كۆز ياشلىرىنى قول ياغلىقىدا سۈرتۈۋېتىپ، — ئەكبەر ئۆيگە باردىمۇ؟ مەن ئۇنى ھېلىلا ماڭدۇرۇۋەتكەن.

نادىر مەكتەپ مۇدىرى بىلەن سۆزلىشىپ ھازىرلا ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىققانلىقىنى، ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ يەنە نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى نادىرەگە بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى ۋە كېتىش ئالدىدا نادىرەگە مۇنداق دېدى:

— سىزدىن ئۆتۈنەي نادىرە، روھىڭىزنى چۈشۈرمەڭ، بېشىڭىزنى تىك تۇتۇپ يۈرۈڭ، دورىڭىز، بۇ ھاقارەت سىز ئۈچۈن ئېغىر، تولىمۇ ئېغىر، ئەمما بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھازىر مەن ھەم سىز توغرۇلۇق سۆز-چۆچەك توقۇشۇۋاتقانلار بۇ سۇيىقەستنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئاشكارىلانغان كۈنى ئۆزىنىڭ بەربىر يېڭىلىشقانلىقلىرىنى ھېس قىلىشىدۇ.

نادىر نادىرەنىڭ ياتىقىدىن چىقىپ، تەنتەربىيە مەيدانىنى توغرىسىغا كېسىپ، ئۇدۇل دەرۋازىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئەتراپ جىمجىت، پەقەت شەھەر سىرتىدىكى زاۋۇت ماتورلىرىنىڭ تىنىمسىز كۈچلۈك گۈرۈلدەشلىرىلا كېچىدىكى سوغۇق، نەمخۇش، ئۇگىدەك باسقان ھاۋانى تىترىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن ئاجىز، بوغۇق سادا كېلەتتى.

كوچىدا ئادەملەرمۇ، تەنزىكەشلەرمۇ شالاڭلاشقان، دۇكانلار تاقالغان، پەقەت يول چېتىنىڭ ئۇيەر، بۇ يېرىگە دۆۋىلەپ قويۇلغان قوغۇن-تاۋۇز يېنىدىكى باققاللارلا كۈتۈلمىگەن خېرىدارلارنىڭ كېلىپ قېلىشىنى تەمە قىلىپ، پىلىلداپ تۇرغان جىنچىراغ يېنىدا دۈگدىيىپ مۈگدەپ ئولتۇرۇشاتتى.

نادىر تۆت كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە، يول چېتىدىكى سىمتاناپ تۆۋرۈكى تۈۋىدىن ئۇشتۇمتۇت خۇددى يالاق قىزغىنىۋاتقان ئىتنىڭ خىرىلداشلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان غەلىتە،

قورقۇنچلۇق ئاۋاز ئاڭلاندى، نادىر ئۇ تەرەپكە چۆچۈپ قارىدى-دە، سەسكىنىپ كەتتى. يېنىدا، بەش قەدەمچە نېرىدا ئۇسمان دوزاخ چاچ-ساقاللىرى ئۆسكەن، يۈزى توپا-چاڭدىن كۆمۈردەك قارايغان، كىيىملىرى جەندە... ئەرۋاھ قىياپىتىدە چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى.

— ئېيت، خۇدا قەيەردە؟ — تىترەڭگۈ، بوغۇق، ئەسەبىي ئاۋازدا خىرىلدىدى ئۇ. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ۋەھشىيانە چەكچىيىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بۈگۈن ئادەتتىن تاشقىرى قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ھازىرلا نادىرغا تاشلىنىدىغان قىياپەتتە جايىدا تىنىمسىز سەكرەيتتى، چىشلىرى كاسىلدايتتى. ئۇ چۈشىنىكسىز ئاۋازدا نېمىنىدۇر دەپ غودۇڭشىدى، ئاندىن قاقاقلاپ كۈلۈپ، قولىنى ئاسمانغا شىلتىغىنىچە يان كوچىغا يۈگۈرۈپ كەتتى.

ئۇ گۇناھسىزلارنى قاقشاتقىنى ئۈچۈن تەڭرىگە يات، — يېنىغا قاراپ-قاراپ قويۇپ كېتىۋېتىپ ئىچىدە پىچىرلىدى نادىر، — مۇنداق ئادەم ئەبەدىلئەبەد ئەل نەپرىتىگە ۋە خارۇزەبۇنلۇققا مەھكۇم. پەرىدەمۇ شۇنداق...

ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا سىياسىي بۆلۈمى بازارلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ يوللىغان پەرىدەنىڭ مەكتەپتە قەستەن ماجىرا تېرىپ بىر ئوقۇغۇچىنى ئۇرغانلىقى، نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپىنى بۇزۇپ، مەكتەپ بويىچە بىر سائەتلىك دەرسنىڭ ئۆتۈلمەسلىكىگە سەۋەبچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى يازما ئىنكاسنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بۇنى دەرھال دوختۇرخانا پارتكومىنىڭ مۇزاكىرىسىگە يوللىدى. پارتكوم پەرىدەنىڭ بۇرۇن نەچچە قېتىم سەۋەبسىز ئىشقا كەلمىگەنلىكى، خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتسىزلىكى، بىمارلارغا قىلغان قوپاللىقلىرى ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم تەنقىد-تەربىيە بېرىلگەن بولسىمۇ، ئۇ بۇنى ئاڭلىمايلا قالماستىن، مەكتەپتە جېدەل-ماجىرا چىقىرىپ، ئوقۇغۇچىنى ئۇرۇشتەك ئېغىر ۋەقە سادىر قىلغان خاتالىقى ئۈچۈن، ئۇنى سېستىرالىق سالاھىيىتىدىن ئېلىپ تاشلاپ، تازىلىقچى ئورنىغا چۈشۈرۈپ ئىشلىتىشنى قارار قىلدى. بالنىست مۇدىرى دوختۇر، سېستىرالارنىڭ ئەتىگەنلىك يىغىنىدا پارتكومىنىڭ بۇ قارارىنى ئېلان قىلدى. بۇ يىغىندا بۇنى ئاڭلاپ تۇرغان پەرىدەنىڭ تۇيۇقسىز ئاسماندىن يەرگە چۈشكەندەك ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس. ئەمما ئۇ پارتكومىنىڭ بۇ قارارىنى پەسەنتىگە ئېلىپ قويمىغاندەك يەنىلا كۆرەڭ ھەم مەغرۇر ئىدى. ئۇ يىغىننىڭ ئاياغلىششىنى كۈتمەيلا خالىتىنى سېلىپ چۆرۈپ تاشلاپ، تاپىنىنى ياغاچ پولغا گۈس-گۈس قىلىپ ئۇرۇپ كارىدورغا چىقتى، ئاندىن ۋېلسىپىتىغا مىندى-دە، دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ئەسەبىي بىر خىيال چاقماقتەك چېقىندايتتى: «ھەددى ئەمەس! سېستىرالىقتىن قالدۇرۇش ھەددىمىكەن ئۇلارنىڭ؟ دادامغا بېرىپ ئېيتىمەن، ھەممىنى ئېيتىمەن». پىچىرلايتتى ئۇ ۋېلسىپىت پىدالىنى بار كۈچى بىلەن تېپىپ كېلىۋېتىپ. ئۇ ئۆيىگە كىردى-دە، سومكىسىنى بۇلۇڭغا پىرقىرىتىپ تاشلاپ، يۈزىنى كاچاتلاپ، ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇپ يىغلاشقا، ۋارقىراشقا باشلىدى.

— ماڭا ئىگە بولىدىغان ئادەم بارمۇ بۇ ئۆيدە؟ خەق مېنى بوزەك قىلىۋاتسا،

دۈشمەنلىرىم كۆلۈۋاتسا، سىلەر چەتتە قاراپ تۇرامسىلەر؟ مەن ئۇلارغا ئۆلۈپ بېرىمەن، جاق تويدۇم مۇنداق جاندىن!

پەرىدەنىڭ تۇيۇقسىز سەۋدايىلارچە ۋارقىراپ يىغلاشلىرىدىن قورقۇپ كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ كەتكەن نۇسرەتخان يۈگۈرۈپ كېلىپ، پەرىدەنىڭ چاچلىرىنى قامالاپ يۇلۇۋاتقان قوللىرىغا ئېسىلدى.

— ۋاي جېنىم، نېمە ئىش بولدى؟ گەپنى ئوچۇق قىل ماڭا، خۇدا ھەققى!

— نېرى تۇر! تويدۇم جاندىن، ئۆلىمەن، ئۆلۈپ بېرىمەن ئۇ ئىپلاسلارغا!

— گەپنى ئوچۇق دە، نېمە ئىش بولدى جېنىم بالام، سېنى كىم بوزەك قىلدى، نادىرمۇ؟

— ياق، ھەددىمۇ ئۇنىڭ؟ دوختۇرخانا... شۇجى، يۇەنجاڭ، جۇرېن... ھەممىسى بوزەك قىلىۋاتىدۇ. ئەمدى ياللانما خوتۇنلاردەك كىرخانىغا بېرىپ خەقنىڭ پوق-سۈيدۈك لاتىلىرىنى يۇيارمىشمەن.

— ۋاي خۇدايىمەي، بۇ قانداق گەپ پەرىدە؟! — نۇسرەتخان ئەمدى پەرىدىگە قوشۇلۇپ ئاھ-ۋاھ ئۇرماقتا، دوختۇرخانىنىڭ شۇجىسىدىن تارتىپ بالىنىست مۇدىرىغىچە ئەڭ يامان گەپ بىلەن تىللاپ قارغىماقتا. ئۇ كېرىم بۇجاڭغا شۇئان تېلېفون بەردى. «خىزمەت؟ ئۆيدىكى ئىشتىنمۇ مۇھىم قانداق خىزمەتكەن ئۇ زادى؟ قويسىلا ئۇنى، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا ئۆيگە كەلسىلە...» دەپ تاپىلىدى. ئەمما ھەممە ئىشلار ئاللىبۇرۇن كېرىم بۇجاڭنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ ئۈلگۈرگەن. بولغۇلۇق بولدى، ئۇ دادا ياكى بۇجاڭلىق سالاھىيىتى بىلەن بولسۇن پەرىدىگە نېمىمۇ قىلىپ بېرەلەيتتى؟ شۇڭا ئۇ ئادەتتىكى چاغلىرىدىكىدەك، ئۆيدە ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك چۈشتىلا ئۆيگە كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن خاپا بولۇپ ھەممىدىن بەك ئۆزىنى باسالماي قالغىنى نۇسرەتخان. ئۇ كېرىم بۇجاڭنىڭ ئالدىغا كېلىۋېلىپ، بارمىقىنى كۆزىگە تىرەپ: «كېلىشىڭ ھازىرمۇ تېخى! سەن تاش يۈرەك قىزىڭ ناھەق جازالانسا، خەقلەر خالىغىنىچە بوزەك قىلسا، مىت قىلىپ تەۋرەپ قويمىدىڭا! سېنىڭ تەرىڭ ئاتا؟ نەرىڭ باشلىق؟» دەپ ۋارقىرىماقتا، ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇپ يىغلىماقتا. كېرىم بۇجاڭ بولسا دىۋانغا چۆكۈپ كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە خىيالغا چۆككەن. ئۇ گويا نۇسرەتخاننىڭ تىل-ھاقارىتىنى، ھەسرەتلىك يىغىسىنى، داد-پەريادىنى ئاڭلىمىغاندەك جىمجىت، زۇۋانسىز. نېمە دەيدۇ؟ ئۇ مېھرىبان بىر ئاتا ئورنىدا تۇرۇپ نۇسرەتخاننىڭ تىل-ھاقارەتلىرىگە دوست تارتسۇنمۇ؟ نادىر بىلەن نادىرەنى دەپ، ئۆزىدەك ئابرويلۇق بىر بۇجاڭنىڭ يۈزىنى قىلماي قىزىنى سېستىرالىقتىن تازىلىقچىغا چۈشۈرۈۋەتكەن دوختۇرخانا مەسئۇللىرىنى قارغاپ تىللىسۇنمۇ؟ ياق، ئۇ ئۇنداق قىلالمايدۇ ھەم قىلمايدۇ. ئەمسە ئۇ نېمىشقا نۇسرەتخانغا ئەر، پەرىدىگە دادا بولۇش سالاھىيىتى بىلەن نۇسرەتخاننىڭ ئۆكتەملەرچە ۋارقىراشلىرىغا، پەرىدەنىڭ يىغلاشلىرىغا رەددىيە بېرىشكە ئاجىز؟ ئادەم كۈچ ۋە ئاجىزلىقنىڭ يۇغۇرۇلمىسى. شۇڭا ئۇ بەزىدە ئۆزىنىڭ

كۆچلۈكلۈكى بىلەن ئادەم، بەزىدە ئاجىزلىقى بىلەن... كىرىم بۇجاڭنىڭ شۇنداق بىر مۇھىم مەسىلە ئالدىدا جىمجىت سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇشى نېمىدىن؟ كۆچلۈكلۈكى ياكى ئاجىزلىقى ئۈچۈنمۇ؟ بۇ ھەقتە ئېنىق بىر نېمە دېيىش تەس. ئەمما ئۇنىڭ پەرىدەگە قاتتىق ئازاب بولۇپ تۇيۇلۇۋاتقان بۇ ئىش توغرىسىدا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقى، قانداق پىكىردە ئىكەنلىكى ئۆزىگە ناھايىتى ئېنىق: سېنىڭ تەقدىرىڭ بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن ھامان شۇنداق بولاتتى پەرىدە! سەن مېنىڭ تاش يۈرەكلەرچە قىلغان بۇ ھۆكۈمۈم ئۈچۈن مېنى كەچۈر، مەن ساڭا يەنە ئىچىمدىكى مۇنداق گېپىمنىمۇ ئېيتاي، سەن باللىرىمنىڭ كىچىكى، ئازرۇلۇق قىزىمسەن. ئەمما مېنى ئازاب، خورلۇق ھەم نومۇس ئوتىدا ئۆرتىگۈچىسەن. نېمە ئۈچۈن مەكتەپكە بېرىپ بىر ئوقۇتقۇچىنى ئۇرۇش ساڭا زۆرۈر بولۇپ قالدى؟ نادىر ئۈچۈنمۇ؟ بىلمەن، نادىر ئۈچۈن ھەيرانمەن، سەن لۈكچەكلىك قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكۈدەك ساڭا نادىر نېمە قىلغان بولغىيتتى دەيمەن. مەن راستىنى ئېيتسام بىر ئاتا بولۇش سۈپىتىم بىلەن ساڭا قەھرى-غەزىپىم، ھەقىقىي بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتىم بىلەن نادىرغا ھېسداشلىقىم كېلىۋاتىدۇ. بىراق مەن نېمە ئۈچۈن بۇ يۈرەك سىرىمنى ئاشكارا ئېيتىشتىن ھەزەر قىلىمەن؟ سەۋەبى، ئاپاڭنىڭ كۆز ياشلىرىدىن، ۋۇجۇدىنىڭ ئاشۇ كۆز ياش بىلەن بىللە خوراپ ئېقىپ تۆگەپ كېتىشىدىن قورقىمەن. سېنى سېستىرالىق خىزمىتىدە ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دوختۇرخانا پارتكومىغا بىر قېتىم تېلېفون بېرىشىمنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلاتتىغۇ. مەن نېمىشقا شۇنداق قىلمىدىم؟ تاش يۈرەكلىكىم ياكى تەشكىلىي پرىنسىپچانلىقىمنىڭ كۆچلۈكلۈكى ئۈچۈنمۇ؟ ياق، سېنىڭ شۇنداق كۆرگۈلۈكۈڭنىڭ مۇقەررەرلىكى ئۈچۈن...

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بازارلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى پاتەم رەخمىتۇللانى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرىپ كىردى. ئۇ بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەڭ پېشقەدىمى، يېشى ئەللىكتىن ئاشقان، چاچلىرى ئاقىرىپ شالاڭلاشقان، كۆزلىرى خىرەلىشىپ كۆزەينەك تاقايدىغان بولۇپ قالغان. شۇنىڭغىچە تالاي ئوقۇغۇچىلارنى قولدىن چىقىرىپ ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئۇزاتقان. بۇ ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ، يەنە نە ـ نەلەردە ئوقۇپ جەمئىيەتنىڭ قاتلام-قاتلاملىرىغا تارالغان. شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرنەچچىسى مۇشۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنىپ كەلگەن. رەخمىتۇللا ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. پاتەم شۇجى تېخى يېقىنقى يىللارغىچە ئىزچىل مۇشۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇپ كەلگەن. كادىرلارنى ياشلاشتۇرۇش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن رەخمىتۇللا مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئۇ مەكتەپنىڭ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا ئالماشتۇرۇلغان. شۇنداقتىمۇ بۇ مەكتەپتە چوڭ ئىشلاردىن تارتىپ كىچىك ئىشلارغىچە يەنىلا ئالدى بىلەن شۇنىڭ گېپى ھېساب. چۈنكى ئۇ مەكتەپتىكى ھەممەيلەننىڭ ــ مۇدىرنىڭمۇ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ چوڭ كۆرۈشى ھەم ھۆرمىتىگە سازاۋەر.

ئۇنىڭ چىرايىنى مەكتەپتە مۇھىم ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقان چاغلىرىدىكىدەك جىددىي بىر كەيپىيات قۇچقان، چوڭلارغا خاس سۇرلۇك ئىپادە ئىگىلىگەن.

— ئەتىگەندە مەدەنىي-مائارىپ ئىدارىسىدىن چاقىرتقانىكەن. ئۇلار بىلەن تۈنۈگۈنكى جېدەل-ماجىرا توغرىسىدا سۆزلىشىپ، ئۇلارنىڭ يوليورۇقىنى ئاڭلاپ كەلدىم. ئەھۋال ياخشى ئەمەس ئۇكام، مۇشۇ ۋەقە تۈپەيلىدىن مەكتىپىمىزنىڭ ئىزچىل ساقلاپ كېلىۋاتقان ئۈلگىلىك مەكتەپ دېگەن شەرەپلىك نامىغا داغ يېتىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق مۇھىم تەلىم-تەربىيە ئورنىدا بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەخلاقسىزلىقى تۈپەيلىدىن جېدەل-ماجىرا چىقتى، مەكتەپ بويىچە بىر سائەت دەرس توختىدى دېگەن قانداق گەپ؟ جۇيجاڭ تۈنۈگۈن دوكلاتىمىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ ھاكىمغا دوكلات قىلغانىكەن، ھاكىم ئاچچىقلانغانلىقىدىن جوزىنى مۇشتلاپ، ۋەقە كەلتۈرۈپ چىقارغانلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىپتۇ. جۇيجاڭ مۇشۇلارنى ئېيتتى. ئاندىن بىزنىڭ نادىرەنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسىغا تېزدىن دوكلات قىلىشىمىزنى تاپىلىدى. مېنىڭ قارىشىمۇ شۇنداق. بۇ جېدەل-ماجىرانىڭ كېلىپ چىقىشىدا نادىرەنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار. نېمىدەپ ئۇ ئايالى بار بىر ئەر بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ ئارىلىشىپ يۈرىدۇ؟

— ياق، ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس پاتەم شۇجى، — دېدى رەھمىتۇللا تاقەتسىزلىنىپ.

— توختاپ تۇرۇڭ، گېپىمنى بۆلمەڭ، سىز ئەھۋالنى ئۇنداق ئەمەس دەيسىز. تەكشۈرۈپ كۆردىڭىزمۇ؟ كىم بىلىدۇ، بەلكى ئۇ راستىنلا باشقىلارنىڭ ئىناق ئائىلىسىنى بۇزماقچى بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، زادى قانداقلىقى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن مەلۇم بولىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

رەھمىتۇللا مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەندىن بۇيان بۈگۈن بىرىنچى قېتىم ئۆزىنىڭ بۇ پېشقەدەم ئۇستازى بىلەن ئوي-پىكرىنىڭ بىر يەردىن چىقماي قالغىنى ئۈچۈن ناھايىتى تەڭلىكتە قالدى. ئاق كۆڭۈل، ئەستايىدىل، ھەرقانداق ئىشنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىشقا ئادەتلەنگەن بۇ ئايال نادىرە توغرۇلۇق قانداقسىگە مۇنداق قاراشقا كېلىپ قالدىكىن؟ ئۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىغىمۇ، ئوقۇغۇچىغىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە يۇقىرى تەلەپ قويۇشقا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھەرقانداق گېپىنى ئۆتكۈر پىچاقتەك كەستۈرۈشكە ئادەتلەنگەن كەسكىن سۆزلۈك، چۇس مىجەزلىك ئايال. لېكىن، رەھمىتۇللا ئۇنىڭ نادىرەنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى، قىزلىق ئىپپىتى ۋە ئىنسانىي غۇرۇرىغا بېرىپ تاقىلىدىغان نازۇك مەسىلىدە بۇنداق يەڭگىلتەكلىك قىلىشىغا قوشۇلمايتتى. شۇڭا، ئۇ مىجەز-خۇلقى ئۆزىگە بەش قولدەك ئايان بۇ پېشقەدەم شۇجىنىڭ كۆڭلىگە تېگىپ قالمىسۇن دەپ گېپىنى مۇمكىنقەدەر سىپايىلىك بىلەن ئېيتىشقا تىرىشتى:

— گەپلىرى توغرا، ئەلۋەتتە تەكشۈرۈپ كۆرسەك بولىدۇ. لېكىن مېنىڭچە، تەكشۈرگۈچىنىڭ قايسى مەۋقەدە تۇرۇپ تەكشۈرۈشىمۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەشتە

ناھايىتى مۇھىم.

رەخمىتۇللانىڭ شۇنچىلىك ئېھتىيات بىلەن سۆزلىشىگە قارىماي، ئۇنىڭ بۇ گېپى پاتەم شۇجىغا شۇنچىلىك قوپال ھەم تەنىلىك تويۇلۇپ كەتتى. لېكىن، ئۇ ئېمىشقىدۇر بۇنىڭ ئۈچۈن ئاچچىقلىنىپ كەتمىدى، ئەكسىچە كۈلۈپ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن:

— مانا ياخشى گەپ! ھامان تۈنۈگۈنكى قۇلاقتىن بوگۈنكى مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىدىغان گەپ-تە! — دېدى.

— سىلىگە خاتا سۆزلەپ قويمىغاندىمەن پاتەم شۇجى.

— ياقەي، نەدىكىنى؟ پەقەت تەمكىن، سالماق ئادەملەرلا شۇنداق مەنىلىك سۆزلىيەلىشى مۇمكىن. مەن ئۆمرۈمدە نۇرغۇن ئىشلارنى قىپتىمەنۇ، ئەمما سىزگە ئوخشاش مۇشۇنداق مېغىزلىق گەپ قىلىپ باقماپتىمەن. ھا... ھا... ھا... — پاتەم شۇجى كۈلۈۋېتىپ، بىردىنلا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى جىددىي ھالىتىگە قايتتى، — شۇنداق قىلىپ سىز نېمە دېمەكچىسىز ئۇكام؟

— بۇ ناھايىتى نازۇك ئىش پاتەم شۇجى، شۇڭا تەكشۈرۈش داۋامىدا چوقۇم ئېھتىياتچان ھەم سالماق پوزىتسىيە تۇتساق دېمەكچىمەن.

— سىزچە مەن شۇنداق قىلىدىغاندەك تۇرىمەنمۇ؟

— مەن راستىنى ئېيتسام نادىرەنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويۇشىڭىزدىن ئەنسىرەۋاتىمەن.

— مەسىلە كۆرۈلگەنىكەن، ئۇنى ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتكىلى بولمايدۇ-دە، مەن ئالدى بىلەن نادىرەنىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىمەن. دۇرۇس، مەن ئۇنىڭ چوقۇم ئۇچىنچى شەخس بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلمايمەن، لېكىن مەن شۇنداق گۇماندىمەن.

پاتەم شۇجى نادىرەنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ ئۇدا ئىككى قېتىم سۆزلەشتى. سۆھبەت ئۇزارغانسېرى مەسىلە چىگىشلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەيپىياتمۇ جىددىي تۈس ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئارىدىن يەنە بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ پاتەم شۇجى نادىرەنى ئۈچىنچى قېتىم ئىشخانىسىغا چاقىرتقان كۈنى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بارا-بارا ئۆرلەۋاتقان جىددىي كەيپىيات كۆتۈلمىگەندە پارتلاش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى.

— يازغانلىرىڭىزنى كۆرۈپ چىقتىم، — پاتەم شۇجى قولىدىكى بىر پارچە ماتېرىيالنى كۆڭۈلسىزلەرچە ۋاراقلاپ يەنە ئالدىغا تاشلاپ قويدى. ئۇنىڭ قاراشلىرى سالقىن، ئاھاڭىدا بىر خىل قانائەتسىزلىك ئىپادىسى بار ئىدى، — بىراق بۇنىڭدا مەن تەلەپ قىلغان مەسىلىگە جاۋاب بەرمەپسىز. مېنىڭچە، سىز مۇھىم مەسىلىدىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇۋاتقاندەك قىلىسىز، شۇنداقمۇ؟

نادىرە ئۇنىڭ يوق يەردىن پۇتاق تاپماقچى بولغاندەك قىلىۋاتقان ئورۇنسىز ئورۇنۇشلىرىدىن ھەيران ھەم خاپا. ئانا يوللۇق بىر ئايال، ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر ئۇستاز... ئۇ نادىرەنى تۇنجى قېتىم ئىشخانىسىغا چاقىرتقاندا نادىرە نەقەدەر خۇشال

بولغانىدى-ھە؟ ئۇ شۇ كۈنى ئۆز نەزەرىدە غەمگۇزار، ھەققانىيەت مەيدانىدا تۇرۇپ سۆزلىگۈچى بىر كىشىنى تاپتىم دەپ ئويلاپ، باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنغان بالا ئۆز ئاپىسىغا ھال ئېيتىپ يىغلىغاندەك ئۈچ-ئۈچىدىن ئۆزۈلۈپ يىغلىغان ھەم ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ھىمايىچى ئورنىدا ئوتتۇرىغا چىقىشىنى، خەيرىخاھلىق قىلىشىنى كۈتكەنىدى. ئەمما ئۇنىڭ بايىقىدەك گۇمان، ئەيىبلەش تۈسىنى ئالغان قوپال سوئال-سوراقلىرى نادىرەنىڭ بۇرۇنقى ئىشەنچ، ئۈمىد، ئارزۇلىرىنى يوققا چىقىرىپ، خۇددى بەرگىسىز ياپراقنى كۈچلۈك بوران سوقۇپ نەلەرگىدۇر ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك بولدى.

— مەن نادىر ئاكام بىلەن تونۇشۇش جەريانىمنى تولۇق، تەپسىلىي يازدىم، — دېدى نادىرە كۆڭلىدىكىنى يەنە چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ، — بىراق مەن جاۋاب بېرىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرغۇدەك يەنە قانداق مەسىلە باركىن، مەن ھېچ بىلمىدىم.

— بىلىسىز، چىرايلىق قىزىم، ئۆزىڭىز قىلغان ئىشنى ئېمىشقا بىلمەيسىز؟

— ئۆزىڭىز قىلغان ئىشنى؟ قايسى ئىشنى؟

— مېنىڭ دەپ بېرىشىم كېرەكمۇ سىزگە؟

— مەن بىلمىگەندىن كېيىن، سىلىنىڭ دەپ بېرىشلىرى كېرەك بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

— خوپ، مەيلى، ئەمىسە ئوچۇقلا ئېيتاي، سىز نادىر بىلەن مۇھەببەتلەشكەن، بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈشكەن، نەتىجىدە پەرىدەنى بۇ ئۈچ بۇرجەك مۇناسىۋەت ھالقىسىدىن سىقىپ چىقارماقچى بولغان.

— ئاھ، ماڭا ئۇۋال قىلمىسىلا... — يىغا ئارىلاش تۇۋلىۋەتتى نادىرە نومۇس ۋە ئىزادىن ئوت ئالغاندەك كۆيۈۋاتقان يۈزىنى ئالقىنى بىلەن چاڭگاللاپ، — مەن مۇنداق گەپنى ئاڭلاشنى ئۆلۈمدىن ئارتۇق كۆرىمەن!

— مەنچۇ؟ مەكتىپىمىزدە مۇشۇنداق ئىشنىڭ چىققىنى ئۈچۈن بىر ئەمەس، مىڭ قېتىم ئۆلگەندەك بولۇۋاتىمەن. سىز ئۈچۈن خورلۇق، نومۇس ھېس قىلىۋاتىمەن.

— ئەمىسە مەن يېزىدىكى مەكتىپىمگە كەتسەملا بولىدىغۇ.

— كەتسەم دەمسىز؟ سىز بىزگە بىر مۇنچە دەرد-بالانى تېرىپ بېرىپ، غىپپىدە تىكىۋەتمەكچى بولۇۋاتامسىز؟ ئۇنداق ئىش يوق خېنىم! سىز بىزگە تېخى جاۋاب بېرىسىز. سەممىيە تىسىزلىك قىلىسىڭىز قىلغان قىلمىشىڭىز ئۈچۈن جازالىنىسىز، ئېھتىمال ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدىن قوغلىنىشىڭىزمۇ مۇمكىن.

ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرغان نادىرە ياچپىكا شۇجىسىنىڭ تەھدىت تۈسىنى ئالغان بۇ ھاقارىتىگە ئەمدى چىداپ تۇرالمىدى.

— ماقۇل ئەمىسە، مەن ئاشۇ جازاغا تەييارلىناي، — دېدى ئۇ بېشىنى كەسكىنلىك بىلەن تىك كۆتۈرۈپ، كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا مىختەك قاداپ، — مېنىڭ سىلىگە قانداق جاۋابىم كېرەك؟

— سىز نادىر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزنى پەقەت ئادەتتىكىلا مۇناسىۋەت دەيسىز.

ئەمما مۇشۇنىڭ كاساپىتىدىن مەكتىپىمىزدە بىر مۇنچە جېدەل-ماجىرا تېرىلدى، ئەمدى مۇشۇلارنى، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسنى ئادەتتىكى مۇناسىۋەتنىڭ نەتىجىسى دېگىلى بولامدۇ؟ بۇنىڭغا كىم ئىشىنىدۇ؟

— بوپتۇ ئەمىسە، ئىشىنەرلىك جاۋاب بېرەي، — نادىرەنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئەمما، چىرايى ھېسسىياتسىز، ئۆزى گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم ھەم تەمكىن كۆرۈنەتتى، — مەن نادىر ئاكامنى ياخشى كۆرىمەن، شۇنداق، چىن كۆڭلۈمدىن ياخشى كۆرىمەن. شۇڭا ۋاقتىملا چىقسا ئۆيىگە بېرىپ تۇرىمەن.

— دۇرۇس، دۇرۇس. توختاڭ، ئالدىرىماي سۆزلەڭ، — پاتەم شۇجى ئەمدى قانائەت تاپقاندەك بولۇپ، نادىرەنىڭ دېگەنلىرىنى بىرمۇ بىر يېزىۋېلىش ئۈچۈن قەلىمنى تېز-تېز چاپتۇرۇشقا باشلىدى، — مېنىڭچە ئۇ كاززاپ سىزنى ئازدۇرۇپ، شېرىن-شېكەر گەپلىرى بىلەن بېشىڭىزنى ئايلاندۇرغان. ئىش مانا شۇنىڭدىن باشلانغان، توغرىمۇ؟

— ياق، ئىش دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە. ئېھتىمال ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، ھەر مىنۇت، ھەر سائەتتە سېغىنىپ ئەسلەيدىغانلىقىمنى بىلمەسلىكىمۇ مۇمكىن.

— دېمەك، سىز خوتۇنى بار بىر ئەرنى ياخشى كۆرىسىز؟

— ھەئە، ياخشى كۆرىمەن.

— شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى بۇزماقچى بولغان، شۇنداقمۇ؟

— ئۇلارنىڭ ئائىلىسى مېنىڭسىزمۇ ئاللىقاچان بۇزۇلۇپ بوپتىكەن.

— سىز شۇنداقلىقىنى نەدىن بىلىسىز؟

— مېنىڭچە پەرىدەدەك ئاشۇنداق بىر ئايالنىڭ ھەرگىزمۇ نادىر ئاكامغا مەھبۇپ بولۇش سالاھىيىتى بولمايدۇ.

— ئۇنداقتا ئۆزىڭىزنى نادىرغا مەھبۇپ بولۇشقا مۇناسىپ دەپ ئويلايدىكەنسىز-دە.

— مەن بۇرۇن ئويلىمىغان، ئەمدىلا شۇ توغرۇلۇق ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. مۇبادا مۇشۇ تىلىكىم ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، ھاياتىم ئەڭ ئەھمىيەتلىك مەزمۇن بىلەن تولغۇدەك.

— ياۋاللا، يۈزىڭىز ئېمانداق قېلىن سىزنىڭ! — پاتەم شۇجى ئاچچىقلانغانلىقىدىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، — بۇرۇن بىلمەپتۇق، خاتالىشىپتۇق. سىز ئۈچىنچى ئەخلاقسىز قىز ئىكەنسىز ... سىز!

پاتەم شۇجى ئارتۇقچە غەزەپلەنگەنلىكىدىن جالاقلاپ تىترەپ، ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالدى. ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك تېز-تېز نەپەس ئېلىشقا باشلىدى. جەينىكىنى جوزىغا، بارماقلىرىنى ئېڭىكىگە تىرەپ بىر ھازا جىمىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئەمدى نېمە توغرۇلۇق ئويلىنىۋاتقاندۇ؟ ئېھتىمال، ئۇ ئۆز نەزەرىدىكى بۇ نەپرەتلىك ئوقۇغۇچىغا قانداق چارە

كۆرۈش توغرىسىدا مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسىغا يوللايدىغان دوكلاتىنى ئويلاۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. قىسقىسى، بۇ مەكتەپنى خېلى يىللاردىن بېرى تۆمۈردەك قاتتىق ئىنتىزام، بىر خىل ئىدىيە، بىر خىل ئەخلاق مىزانى بويىچە باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى نادىرەنىڭ ھېچبىر تەپ تارتماستىن دەۋاتقان بۇ سۆزلىرىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى.

— ئەمىسە بۈگۈن مۇشۇنچىلىكلا سۆزلىشەيلى، — دېدى ئۇ نادىرەگە قاراپمۇ قويماي، — يەنە دەرسىڭىز بارمۇ؟

— بار، ئىككى سائەت.

— سىز دەرستىن كېيىن... كەچتە بولسىمۇ بولىدۇ، بايا ماڭا دېگەنلىرىڭىزنى بىر-بىرلەپ يېزىپ چىقىپ ئەتە ئەتىگەندە ماڭا تاپشۇرۇڭ.

— مېنىڭچە، ئەمدى ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، پاتەم شۇجى.

— نېمىشقا؟

— مەن شەخسىي تۇرمۇشۇم ھەم ھېسسىياتىم توغرىسىدا ھېچكىمنىڭ ئالدىدا جاۋابكار ئەمەسمەن.

— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ! — پەسكويغا چۈشكەندەك كۆرۈنگەن پاتەم شۇجى قايتىدىن غەزەپكە تولۇپ، نادىرەگە قولىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى، — بۇ ئەخلاقسىز قىلمىشىڭىز ئۈچۈن جاۋابكار ئەمەسمۇ سىز؟ سىز تەشكىل ئىچىدىكى ئادەم، ئوقۇتقۇچى، شۇنداق تۇرۇقلۇق مەكتەپنىڭ نامىغا داغ يەتكۈزدىڭىز، ئوقۇتقۇچى دېگەن شەرەپلىك نامنى يەرگە ئۇردىڭىز، دەپسەندە قىلدىڭىز...

نادىرە تۇيۇقسىز قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. بۇنى ئاڭلاپ پاتەم شۇجىنىڭ جان-پېنى چىقىپلا كەتتى.

— كۈلمەڭ! نېمىگە كۈلىسىز؟ كىمنىڭىزنى مازاق قىلىسىز؟ — ۋارقىرىدى ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ.

— كەچۈرسىلە پاتەم شۇجى، مەن سىلىنى ئېخىمۇ رەنجىتىپ قويىدىغان بولدۇم، — نادىرە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يەنىلا قىزىقسىنىپ كۈلۈشكە باشلىدى، — سىلى ناھايىتى قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا، خۇددى ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەمدە بىراۋنى ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسى بولمايدىغاندەك، ئۇلار مۇھەببەتلەشمەيدىغاندەك، — ئۇ سائىتىگە قاراپ ئورنىدىن تۇردى، — مېنى ئوقۇغۇچىلار ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، چىقىپ كەتسەم بولامدۇ؟

— بولىدۇ، ئەمما مەن سىزگە ئوقتۇرۇپ قوياي، سىز ھازىردىن باشلاپ دەرس ئۆتۈشتىن توختىتىلدىڭىز.

— بۇ ھەقتە مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئوقتۇرۇشى بارمۇ؟

— ئوقتۇرۇش چۈشكىچە مېنىڭ گېپىم ھېساب بولىدۇ.

— ھەددىلىرى ئەمەس! — نادىرە بۇنى غەزەپلىك ئورغۇ بىلەن ئۈزۈپ-ئۈزۈپ

ئېيتتى-دە، بېشىنى تىك تۇتۇپ، گۇس-گۇس دەسسەپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى...

بىر ھەپتىدىن بېرى تولا يىغلاشتىن قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن، دەرسىنىمۇ خۇددى ئېغىر ئاغرىق تارتقاندەك روھسىز ھالەتتە ئۆتۈپ چىقىدىغان، ئولتۇرسا-قوپسا خۇددى ئەيىبكاردەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، خىزمەتداشلىرى بىلەنمۇ بۇرۇنقىدەك چاقچاقلاشماس بولۇپ قالغان نادىرەنىڭ ئەمدى بىراقلا ئۆزگىرىپ بېشىنى تىك تۇتۇپ يۈرۈشلىرىدىن، چىرايلىق ياسىنىشلىرىدىن، سىنىپتا چاڭىلداپ سۆزلەشلىرىدىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ھەيران، ئوقۇغۇچىلار بولسا ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال. نادىرەنىڭ يەنىلا ياش لىغىلداپ تۇرغان كۆزلىرىدىن، ئەمما چىرايىدىكى خۇش پىچىملىق، ئوماق كۈلكە، ۋۇجۇدىدىكى جۇشقۇن-تېتىكلىكى ئۇنىڭ روھىيىتىدە ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتقان غايەت زور مەنىۋى ئېنېرگىيىنىڭ پارتلىشى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا پەردىنىڭ قارا تۆھمەتلىرى، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىلىرى، پاتەم شۇجىنىڭ ھاقارەت، تەھدىتلىرى نېمە؟ ھەممىسى ئەرزىمەس، زەئىپ، ئاجىز نەرسىلەر. ئەمدى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يېمىرىلمەس، ھاياتبەخش ئاجايىپ پاك بىر تۇيغۇ مەۋج ئۇرماقتا. ئۇ بۇرۇن نادىرنى نەقەدەر ياخشى كۆرەتتى؟ خۇددى قېرىندىشىدەك، مېھرىبان ئاكىسىدەك... نىھايەت پاتەم شۇجى ئۆزىنىڭ قوپال، ھاقارەتلىك ئەيىبلەشلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ نادىرغا بولغان ئامراقلىقىنى باشقىچە بىر تەبىر ئارقىلىق ئىزاھلىغاندا، دەسلەپتە ئۇنىڭ ۋۇجۇدى خۇددى دەھشەتلىك ئىچكى تەۋرەشتىن لەرزىگە كەلگەندەك تىترەپ كەتكەن، يۈرەك-باغرىنىڭ ئوتلۇق يادروسىدىن كۈچلۈك ماگما ئېتىلىپ چىققاندەك ئوت بولۇپ يانغانىدى. دۇرۇس... دۇرۇس... ھاياتلىقتا ئامراقلىق ھەم ياخشى كۆرۈشنىڭ مۇنداقمۇ بىر نۇرانە ئالىمى بولىدىكەن-دە! گويا چۈجە يېرىلىۋاتقان تۇخۇم شاكىلى ئىچىدە تېنىمسىز تىپچەكلەپ، ئاز دەقىقىلىق ئارامسىزلىنىشتىن كېيىن پارلاق دۇنياغا كۆز ئاچقاندەك...

پاتەم شۇجىغا ئاپىرىن! ياخشى كۆرۈشنى مۇھەببەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ بىلىش ئەزەلدىن نېسىپ قىلىنمىغان پىنھان، بىكىنمە بىر دۇنيانىڭ رۇجىكىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ پاك سۆيگۈسىنىڭ يارقىن نۇرى بىلەن يورۇشىغا تۈرتكە بولغان بۇ پىشقەدەم ئۇستازغا، سۆيۈملۈك ئانىغا رەھمەت ئېيتىش كېرەك. نادىرە دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ياتىقىغا كىرىپ، پاكىز، گۈللۈك يۈڭ ئەديىال يېپىلغان كارىۋىتىغا ئۆزىنى ئوڭدىسىغا تاشلاپ، ئاشۇلار توغرۇلۇق خىيال سۈرۈپ ياتتى. خىيالى تىرەنلەشكەنسېرى نېمىدىندۇر ئىزا تارتىپ، يۈزىنى ئالىقانلىرى بىلەن يېپىۋالدى. ئەمما كۆز ئالدىدا ياخشى كۆرۈشكە، ئەزىزلەشكە مەڭگۈ ئەرزىيدىغان سۆيۈملۈك بىر سىيما بارغانسېرى روشەنلىشىپ، نۇرانە بىر يۈكسەكلىكتە ئۆزىگە قاراپ قۇچاق ئېچىپ كېلىۋاتاتتى. ئاھ، نەقەدەر لەززەتلىك، نەقەدەر تاتلىق تۇيغۇ بۇ؟ ئۇ گويا تاڭ شامىلىدەك يەڭگىل، نۇردەك تازا، شەبنەمدەك نازۇك، باھار ئاپتىپىدەك ئىللىق... نادىرە ئەمدى ئاشۇ تۇيغۇ چۈشكىگە بۆلىنىپ، ئويغاقلىق بىلەن چۈش ئارىلىقىدىكى شېرىن خامۇشلۇققا ئوخشاپ كېتىدىغان

سېھىرلىك تۇيغۇ ئىچىدە ئۆزىنىڭمۇ ئەمدى پىنھان، خىلۋەت، قۇرۇق ماكاندىن ئاجايىپ جىلۋىدار، نۇرانە، يۈكسەك بىر پەللىگە ئۆرلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا. ئۇ كەچتە كىنوخانا ياكى تىياتىرخانىغا بېرىپ، كىنو ياكى تىياتىر كۆرۈپ، ھاياجانلىق كۆڭلىنى بىردەم بولسىمۇ ئارامىغا چۈشۈرۈپ كەلمەكچى بولدى. ئەمما بۈگۈن نېمىشقىدۇر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۇزۇر — ئەھمىيىتىنى يوقاتقاندەك... كۆڭلىدە بىر ئىستەك، ھاياجانلىنىش، ئىزتىراپ، ئاستا-ئاستا ئاپىرىدە بولۇۋاتقان سېغىنىش... ئۇ قانداق قىلسام بولىدىكىن، دەپ كوچىدا خېلىغىچە يالغۇز ئايلىنىپ يۈردى. ئاستا-ئاستا پۇتلىرى ئىرادىسىگە بېقىنمىغان ھالدا ئۇنى ئىختىيارسىز نادىرنىڭ ئۆيى تەرەپكە ئېلىپ كەتتى.

گېزىتخانىغىچە سوزۇلغان كەڭرى ئاسفالت يول، يول چېتىدىكى قاتار كەتكەن، بويلىرى تەكشى ئۆسكەن دەرەخزارلىق. نادىرە بۇ يولدا كۆپ قېتىم ماڭغان. ئەمما بۇ قېتىمقىسىنىڭ ھەر بىر قەدىمى باشقىچە. ئۇ ئوتتەك قىزغىن ھاياجان، ئىنتىلىش، ئارىسالدىلىق، يەنە ئاللىقانداق خىياللار بىلەن تولغان. يولدىكى ئادەملەرمۇ، سىمتاناپ تۈۋرۈكى، چىراغ ھەتتا دەل-دەرەخلەرمۇ ئۇنىڭ شۇ تاپتا نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولغاندەك، نادىرە ئۆيىگە يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكىنىڭ سوقۇشى تېزلىمەكتە، پۇتلىرى يەرنى ئەمەس، خۇددى ھاۋانى دەسسەپ ماڭغاندەك تۇيۇلماقتا. ئەتراپ قاپقاراڭغۇ. نادىر ئولتۇرىدىغان بىنانىڭ ئالدىدىكى تېرەك ھەم قارىياغاچلار خۇددى نادىرەنى تەشۋىشلەندۈرۈپ قويۇشتىن قورققاندەك جىمجىت. نادىرە نادىرنىڭ ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىدىكى دېرىزە ئالدىغا كەلدى. ئىشىك ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن. شىرە ئالدىدا ئەكبەر بىلەن نادىر. ئەكبەر دەرس تەكرارلاۋاتقان، نادىر ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، ئۇ ئەكبەرگە قوللىرىنى تەڭ ھەرىكەتلەندۈرۈپ نېمىلەرنىدۇر سۆزلىمەكتە. لامپۇچكا نۇرى ئۆي ئىچىنى ئاپئاق يورۇتۇپ تۇراتتى. نادىرنىڭ قولىدىكى تاماكىدىن تۇماندەك ئاقۇچ ئىس كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. نادىر بۇرۇنقىدىن كۆپ ئورۇقلىغان، ساقاللىرى ئۆسكەن، كۆزلىرى ھارغىن، ئولتۇرۇشقان. نادىرە ئەمدى ئاشۇلارغا بۇرۇنقى ساددا، غەرەزسىز كۆزى بىلەن ئەمەس، باشقا بىر كۆز، باشقىچە بىر ھېسسىيات بىلەن قارىماقتا. شۇڭلاشقىمىكىن، نادىر ئۇنىڭغا شۇنچىلىك سۆيۈملۈك، يېقىشلىق بولۇپ كۆرۈنمەكتە.

كەچۈرۈڭ نادىر ئاكا، بۈگۈن پاتەم شۇجىغا بۇرۇن خىيالىمغا كەچمىگەن غەلىتە گەپلەرنى دەپ سالدىم. دەپ بولۇپ ئۆزۈممۇ چۆچۈپ كەتتىم. ئۆز گېپىمدىن ئۆزۈم ئىزا تارتىپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم، ئەمما پاتەم شۇجىنىڭ مەندىن تەلەپ قىلىۋاتقىنى ئاشۇ سۆز بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق دېمەسلىككە نېمە ئىلاجىم؟ بىراق، نادىر ئاكا، مەن ئۇ سۆزنى ھېچقاچان پاتەم شۇجىنىڭ تەھدىتلىك سوئال-سوراقلىرىنىڭ بېسىمى بىلەن دېگىنىم يوق. مەن پەقەت ئۇنىڭ ئاشۇ تىل-ھاقارەت بىلەن تولغان سوئال-سوراقلىرىدىن مۇنداق بىر پاكىتنى — ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئاكا-سىڭىللارچە ئامراقلىق تۇيسىنى ئالغان ياخشى كۆرۈشنى يەنە بىر پەللە يۇقىرىدا — مۇھەببەت،

ئىنسانني سۆيگۈ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى بىلىۋالدىم، خالاس. شۇڭا، مەن بۈگۈن مۇشۇلارنى سىزگە ئېيتىش ئۈچۈن قېشىڭىزغا كەلگەن، ئەمما نېمىشقىدۇر يېنىڭىزغا كىرىشتىن ئىزا تارتتىم، ئۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مېنى ئەيىبلىشىڭىزدىن ھەتتا تىللىشىڭىزدىن قورقتۇم. بىر چاغلاردا ھەرقانداق خەتەرلىك ئىشنى قىلىشتىن، ھەرقانداق گەپنى دېيىشتىن ئايانمايدىغان جاسارەتلىك دىنايىڭىز بۈگۈن نېمانچە نومۇسچان، قورقۇنچاق، جۈرئەتسىز بولۇپ كەتتىكىن؟ ئېھتىمال بۇ سىزنى ئادەتتىن تاشقىرى ياخشى كۆرگەنلىكىم، چىن دىلىمدىن سۆيگەنلىكىم، شۇڭا سىزنى مەڭگۈ چوقۇنغۇچى مەبۇد سۈپىتىدە تونۇغانلىقىمدىن بولسا كېرەك. بۇنداق دېسەم سۆيگۈ-مۇھەببەت دېگەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا بىر كۈندىلا پەيدا بولامدۇ ئەخمەق، دەپ ئەيىبلەرسىز. توغرا، قىش بويى يىغىلىپ قالغان قار-مۇز ئەتىيازدا بىر كۈندىلا ئېرىپ بولالمايدىغۇ. ئويلاپ باقسام، مەن سىزنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا تونۇشقان چاغلىرىمىزدىلا ياخشى كۆرۈشكە باشلىغانىكەنمەن. سىزمۇ شۇ چاغدىن تارتىپلا مېنىڭ سەبىي، پىنھان كۆڭۈل قەسرىمگە خۇددى ئاتەشلىك نۇر كەبى بۆسۈپ كىرگەنىكەنسىز. ئەمما مەن بۇلارنىڭ يۈرىكىمدە سىزگە نىسبەتەن ئويغانغان پاك مۇھەببەت-سۆيگۈ تۇيغۇسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىخلىرى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن، ئۇنى ئېتىراپ قىلمىغانىكەنمەن. ھېلىقى كۈنى، سىز ياتىقىمغا كىرگەن ئاخشىمى مەن سىزنىڭ بوينىڭىزغا ئېسىلىپ يىغلىغانلىرىمنى ئويلىسام ھازىر خىجىل بولغىنىمدىن ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالمايلا قالىمەن. توۋا، ئۇ چاغدىكى جۈرئەت ماڭا نەدىن كەلدىكىن دەيمەن. ئەمدى ئويلاپ باقسام بۇ سىزگە بولغان تۆۋنىش، ئىشەنچ ۋە سىزنى دۇنيادا ئەڭ كۆچلۈك ھىمايىچىم، قوغدىغۇچىم، سىرداش دىلكىشىم دەپ بىلگىنىمدىن بولغانىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمە؟ مېنىڭ سىزنى ياخشى كۆرۈشۈم، چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرۈشۈمغۇ نادىر ئاكا! پاتەم شۇجىنىڭ نەزەرىدە مېنىڭ سىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ناھايىتى چوڭ ئەخلاقسىزلىق ھەم گۇناھ ھېسابلىنىدىكەن. لېكىن راستىنى ئېيتسام مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنى ھەرگىزمۇ ئەخلاقسىز ھەم گۇناھكار ھېسابلاپ باقمىدىم. ئەخلاقسىز ھەم گۇناھكار ھېسابلىنىدىغانلار ئەمەلىيەتتە كىملەر؟ مۇھەببەتنى خارلىغان، دەپسەندە قىلغان دەل پەردىدەك ئادەملەر. بەختسىزلىك، كۈلپەت ۋە دەرد-ئەلەم چاكىنا، ئەخمەق، رەزىل ئادەملەرنىڭ بېشىغا چۈشسە بۇ ئۇنىڭ كۆرگۈلۈكى ھېسابلىنىدۇ. پاك دىل، توغرا، سەممىي ئادەملەر ئاشۇ بەختسىزلىك، كۈلپەت ۋە دەرد-ئەلەم ئىچىدە خورلانسىچۇ؟ بۇ تەقدىرنىڭ تولىمۇ ئادالەتسىزلىكى بولىدۇ. ئېيتىڭا نادىر ئاكا، سىزمۇشۇنچىلىك ئۆمرىڭىزدە شۇ قەدەر كۆپ جاپا-رىيازەت ھەم دەرد-ئەلەملەرنى تارتىشقا تېگىشلىكمۇ؟ سىزنى ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتىم ئېھتىمال ئەڭ دەسلەپتە سىزگە ئىچ ئاغرىتىش ۋە خەيرىخاھلىق قىلىش تۇيغۇسىدىن بىخلانغان بولسا كېرەك. مۇشۇنداق ئالىيجاناب تۇيغۇدىن ئاپىرىدە قىلىنغان سۆيگۈ نەقەدەر پاك، نەقەدەر ئەھمىيەتلىك-ھە؟ پاتەم شۇجىنىڭ ئېيتىشىچە، مېنىڭ جازالىنىشىم ھەتتا ئوقۇتقۇچىلار

قوشۇندىن قوغلىنىشىم مۇمكىن ئىكەن. مەيلى نادىر ئاكا، سىزگە بولغان خەيرىخاھلىقىم، تىۋىنىشىم، پاك مۇھەببىتىم ئۇچۇن ئۇلار شۇنداق جازا بېرىشسە، ئۇنداق جازانى ھېچقانداق ئۆكۈنۈشسىز قوبۇل قىلىمەن. مەن شۇ تاپتا ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىزگە ئىزھار قىلسام سىز نېمە دەرسىز؟ مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلارسىزمۇ؟ ياق، قوبۇل قىلمايسىز، بىلىپ تۇرىمەن. ھەتتا پاتەم شۇجىغا ئوخشاش ئەيىبلەيسىز. ئىزھار قىلمىسام نېمە بوپتۇ؟ سىزگە بولغان مۇھەببىتىم ۋە ئوتلۇق سېغىنىشىم كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر، پىنھان قېتىدا ساقلىنىۋەرسىمۇ بولىدىغۇ، مەن يەنىلا ئاشۇنىڭدىن ۋۇجۇدۇمغا كۈچ، روھىمغا تېتىكلىك، كۆڭلۈمگە تەسەللى تاپىمەن. ياخشى قېلىڭ، مەن كېتەي ئەمىسە نادىر ئاكا. مەن سىزنى مەڭگۈ سۆيىمەن، مەڭگۈ... نادىرەنىڭ كۆزلىرىدىن تارامىلاپ ياش قۇيۇلدى، قايناق ھەر تامچە ياش خۇددى بىر تال چوغدەك ئۇنىڭ مەڭزىنى كۆيدۈرمەكتە ئىدى، نادىر بولسا بۇلاردىن، بىر مەسۇمەنىڭ ئۆزىگە قىلىۋاتقان ھەسرەتلىك نىداسى ۋە ئوتلۇق تەلپۈنۈشىدىن خەۋەرسىز. ئۇ پۈرقىرىتىپ تاماكا چەكمەكتە، ئاقۇچ تۇماندەك قويۇق ئىس تولغىنىپ-تولغىنىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۆيگە تارىماقتا. ئەكبەر پات-پات بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن نېمىنىدۇر سورىماقتا. نادىر قەغەزگە نېمىلەرنىدۇر يېزىپ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرمەكتە.

نادىرە ئاشۇ مەنزىرىدىن كۆزىنى ئۈزەلمىگەن ھالدا دېرىزە تۈۋىدىن ئاستا يىراقلىدى ۋە يەڭگىل قەدەم تاشلاپ، چوڭ كوچا تەرەپكە يۈگۈرگەندەك يۈرۈپ كەتتى.

نادىر شۇ كېچىسى ئەكبەر ئوخلاپ قالغاندىن كېيىن ئۇزۇنغىچە خىيال سۈرۈپ ياتتى. نادىرەنى، ئانىسىنى بىرمۇ بىر كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

ئاپامغا ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئەۋەتكەن پۇل ھەم خېتىم تەگدىمىكىن؟ تەگكەن بولسا خېتىمنى يۈزىگە يېقىپ، ئۆزۈڭ قېنى بالام، دەپ يىغلىدىمىكىن؟ جېنىم ئاپا، سىزنى خېلى ئايلاردىن بېرى يوقلاپ بارماي يېزىدا يالغۇز تاشلىۋەتكىنىم بىر ھەقىقىي ئوغۇلنىڭ قىلىقى بولمىدى. بىراق، كەچۈرۈڭ، سىز كېيىنكى ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئاپا، پەرىدە مېنىڭ مۇشۇ ھايات قالغان يالغۇز جېنىمنىمۇ ئارام تاپقۇزمىدى. شۇڭا مەن ئازاب ۋە ھەسرەت ئىچىدە ئاپا. ئىشىنىڭ، مەن پات ئارىدا بۇ نەپرەتلىك تۇرمۇشقا خاتىمە بېرىمەن. بۇ كۆلپەتلىك ئازاب دېڭىزىدىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلۇپ چىقىمەن. شۇ چاغدا مەن كۆلۈپ ئالدىڭىزغا بېرىپ، قوللىرىڭىزغا، ئېتەكلىرىڭىزگە سۆيۈپ، يۈزىڭىزنى سىلىغان چېغىمدا خۇشاللىقتىن يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەرمۇ ئاپا؟ مەن شۇ قېتىمدا چوقۇم يېنىمغا قايتۇرۇپ كېلىمەن، سىزگە ئۆز قولۇم بىلەن تاماق ئېتىپ، تاھارەتلىرىڭىزگە سۇ ئىسسىتىپ بېرىپ، دۇئايىڭىزنى ئالىمەن.

ئەمدى ئۇنىڭ خىيال ئالىمىدە نادىرە... ئۇ ئەتىگەندە ئېچىلىپ، ئوچۇق دالادا مۆكۈنۈپ قالغان چىغىرتماق گۈلدەك يىگانە، غەمكىن، ئاق، كۆكۈچ گۈل تەنچىسىدە لىغىلداپ، تىترەپ تۇرغان سۆيۈملۈك شەبنەم... ياق، ئۇ نادىرەنىڭ ئۇنىڭ مەيدىسىگە

بېشىنى قويۇپ ئۆكسۈپ يىغلىغان چاغدىكى تۆككەن كۆز يېشى... نادىر ئاشۇ مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە يۈرىكىنىڭ چىدىغۇسىز ئاغرىشىدىن ئازابلىنىپ، خۇددى كۆكرىكىگە زەھەرلىك خەنجەر سانجىلغاندەك تولغىنىپ كەتتى.

نادىر ئەتىسى پەرىدەنى دوختۇرخانىنىڭ كىرخانىسىدىن ئىزدەپ تاپتى. يېنىدا باللىتىسىدىن يىغىپ چىقىلغان يوتقان كىرلىكلىرى دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. ئۆزى پۇتىغا رېزىنكە ئۆتۈكنى كىيىۋېلىپ، يالغۇز كىر يۇيىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى كوچا ئاياللىرىدەك ياسانچۇق ھالىتى ئەمدى نەگىدۇر يوقالغان. جۇدىگەن يۈزىگە داغ چۈشكەن، كۆكۈچ كۆزلىرى خۇددى سۇنغان ساپال پارچىسىدەك، نۇرسىز-خۇنۇك، ئۈستىدە بۇرۇن كىملەردۇر كىيىپ كونىرىتىپ تاشلىۋەتكەن كىر خالات. ئۇ تۇيۇقسىز ئىشكتىن كىرىپ كەلگەن نادىرنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ كەتتى ۋە ئاۋازىنى بولۇشىچە چىقىرىپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ:

— ئا...دەم بار...مۇ... قۇت...قۇ زۇڭلار، ئا... دەم ئۆلدى! — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئاۋازىڭنى چىقارما! — كەسكىن خىتاپ قىلدى نادىر ئۇنىڭ گېلىدىن بوغۇپ،— خوتۇن كىشىنى ئۇرۇش بىر ھەقىقىي ئەر ئۈچۈن نامەردلىك، بولمىسا ساڭا ئادەم ئۇرۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان كۆرسىتىپ قوياتتىم، تاياقنىڭ تەمىنىمۇ تېتىتاتتىم. بولدى بەس، ئەمدى كۆپ سۆزلەشكە ۋاقتىم يوق، ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟

— سىز نېمە دېسىڭىز شۇ... — نەپەس ئالالماي ئارانلا خىرقىرىدى ئۇ. نادىر ئۇنىڭ گېلىنى قويىۋەتتى:

— ئەمسە مېنىڭ قارارىم شۇ: ئاجرىشىمىز.

— مەيلى، سىز ئاجرىشىمەن دېسىڭىز مەن نېمە دەيتتىم؟

— سوت مەھكىمىسىدىمۇ ياكى خەلق ئىشلار ئىدارىسىدىمۇ؟

— مېنىڭ ھېچقانداق ئىشتا دەۋايىم ھەم تەلىپىم يوق.

— ئەمسە ئاجرىشىش خېتىگە قول قوي! — دېدى نادىر يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ پەرىدەگە ئۇزىتىپ، پەرىدە كىر يۇقى قولىنى خالاتىنىڭ پېشىگە سۈرتتى، خەتنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ قەلەم تۇتقان قولى دىرىلدەپ تىترەيتتى. قولىلا ئەمەس، ۋۇجۇدى، سوۋۇپ كېتىۋاتقان يۈرىكى، ئەسەبىي چۈشكۈنلۈك ھەم ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تىترەيتتى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن قول قويۇلغان قەغەزنى نادىرغا ئۇزاتتى. تەقدىرنىڭ مۆجىزىسىگە ئاپىرىن! ...ر چاغلاردا نادىرنىڭ ياقىسىغا ياۋۇزلارچە ئېسىلغان، ئەكبەرنىڭ قۇلىقىنى سوزۇپ تارتقان، نادىرەنى مۇشتلاپ دۇمباللىغان، چاچلىرىنى يۇلغان قۇۋۋەتلىك قوللار ئەمدى قېنى؟ قېنى بۇرۇنقى چاڭىلداپ تۇرىدىغان قەھرلىك ئاۋاز؟ گەۋدىسىنىڭ مەغرۇر كېرىلىشلىرى نەگە كەتتى ئەمدى؟ ئاشۇ قوللار ئەمدى ماغدۇرسىزلىقتىن، قورقۇشتىن تىترىمەكتە. قەھرلىك ئاۋازنىڭ ئورنىغا ئەمدى ئۈنسىز مىشىلداشلىرى ئاڭلانماقتا. ياشنى يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن خۇددى قانغا ئوخشاش

سىرغىپ چىقىدۇ دېيىشىدۇ، ئەمما پەرىدەنىڭ كۆز ياشلىرى خۇددى ئالدىدىكى كىر-يۇندىغا ئوخشاش، شۇڭا ئۇنىڭ تۆكۈلۈشىمۇ بەك ئاسان ھەم شۇنچىلىك قەدىرسىز. نادىر خەت بىلەن قەلەمنى ئۇنىڭ قولىدىن سىلىكىپ ئالدى.

— ئەمىسە شۇ يەردە كۆرۈشەيلى! — ئۇ بۇ گەپنى قوپال ھەم كەسكىن بىر ئاۋازدا ئېيتتى-دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، قەدىمىنى گۈس-گۈس ئېلىپ كىرخانىدىن چىقىپ كەتتى.

پاتەم شۇجى بىلەن رەخمىتۇللانىڭ ئوتتۇرىسىدا نادىرەنىڭ سەۋەبىدىن تۇغۇلغان ئىختىلاپ بارغانسېرى چوڭىيىپ، كەسكىنلىشىشكە باشلىدى. پاتەم شۇجى مەكتەپ مەمۇرىيىتى يىغىنىدا نادىرەنىڭ دېگەنلىرىگە ئاساسەن بىر پارچە ماتېرىيال تۇرغۇزۇپ، ئۇنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قىلىنغان دوكلات سۈپىتىدە مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسىغا سۇنۇشنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە نادىرەنى بۇ مەكتەپتە ئىشلەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدىكى پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئەمما رەخمىتۇللا پاتەم شۇجىنىڭ بۇ پىكرىنى كەسكىن رەت قىلدى. شۇ ئارىلىقتا مەكتەپ ئىلمىي مۇدىرى يېڭى بىر تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ نادىر بىلەن پەرىدەنىڭ ئاجراشماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ئەمدى نادىرەنىڭ مەسىلىسىنىڭ مۇقەررەر ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغانلىقىنى تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىپ ئاجرىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىشى بىلەن نادىرەنىڭ بىۋاستە مۇناسىۋىتىنىڭ بار ياكى يوق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، نادىرە ئۈستىدە چىقىرىلغان يەكۈن، خۇلاسە ئەڭ ئوبيېكتىپ، توغرا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پاتەم شۇجى بۇ تەكلىپكە ئىلاجسىز قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن نادىر بىلەن پەرىدەنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش سەۋەبى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى كۈتۈپ تۇرىدىغان بولۇشتى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىنەھەممەت جۇمە

توختاش بەكرى

# ھەمتاۋاقوپ

(ھېكايە)

كامىل ناھىيىمىزدىكى ئاتاقلىق چاقچاق-چىلىرىمىزنىڭ بىرى. بىر ئىدارىدە ئىشلىگەچ-كە پات-پاتلا پاراڭلىشىپ قالىمەن. ئۆزۈمۇ ئۇنىڭ گەپلىرىگە خۇمار. ئۇنداق بولۇشى كامىلنىڭ ھەر بىر گېپىدىن كۈلۈپ ھوزۇر-لانسام، يەنە بىر تەرەپتىن، ھېكايە بولغۇدەك بەزى تەپسىلاتلارغا ئېرىشىپ قالىمەن. ئۇ يېقىندا شەھەردە ئويناپ چىققانلىقىنى ئېيتىپ قالدى:

— تۇرمۇش ھەقىقەتەنمۇ سىز ئېيتىپ يۈرگەندەك رەڭگا رەڭ، قىزىق ئىشلار بىلەن تولغانىكەن! — ئۇ ئىچ-ئىچىدىن كۈلۈپ كەتتى، — بۇ قېتىملىق ئويۇن جەريانىدا غەلىتە بىر ئىش بولدى، دېمەمسىز. شۇنى ئويلىسام ملا كۈلگۈم كېلىدۇ.

— ھە-ھە، نېمە ئىش؟ — قىزىقتىم ۋە يېپىشتىم ئۇنىڭغا، — قېنى، سۆزلىگىنە! سېنى كۈلكىگە قستىغۇدەك قانچىلىك ئىشكەن ئۇ؟!

— قىزىقكەنسىز ئاكا! ئادەمنى دائىم سۆزلىتىپ قويۇپ، سۆزۈمنىڭ قايمىقىنى سۈزۈۋېلىپ ھېكايە يازىدىكەنسىز، — چاقچاق قىلدى ئۇ كۈلمەي تۇرۇپ، — يا ئۇنىڭ قەلەم ھەققىگە مېھمان قىلمايدىكەنسىز!؟

— بولدى، ئۇكا، سۆزلە! بۇ قېتىمقىسى ھېكايە بولغۇدەكلا بولسا، قەلەم ھەققىگە جەزمەن مېھمان قىلاي!

— بولدۇ، ۋەدىمىز ۋەدە، ھە!؟ — ئۇ كەپكىسىنىڭ ئالدىنى تارتىپ قويۇپ، ئادەمنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرىدىغان ئىشنىڭ تەپسىلاتىغا چۈشۈپ كەتتى.

سىز بىلىسىز، ناھىيىدە كىچىك-چوڭ سورۇنلارنىڭ چاقچاقچىسى، قىزىقچىسى ئاتىلىپ قالغان لەتى، سالى، مىجىت، پەرھات بەشىمىزنى ئۆتكەن شەنبە كۈنى شەھەردىكى غاپپار ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىغا چاقىرىپتىكەن، شۇنىڭغا ھە-ھۇ بىلەن كىرىپ قالدۇق. ئاغىنىمىز ئوبدان تەييارلىق كۆرۈپتىكەن، كېچىنى تاڭغا ئۇلاپ دېگۈدەك پۇخادىن چىققۇچە

ئۇيناپ كۆلدۇق. سەھەرگە يېقىن بولغاندا ئۇلتۇرۇش تارقىدى. كۆزىمىزنى يۇمدۇقمۇ، يوق، ئەتىگەنلىك چاينى ئىچىپ بازارغا چىقتۇق. بىر پەس ئايلانغاندىن كېيىن كۆڭلىمىز ئاچچىق-چۈچۈك بىر نەرسە تارتقاندەك قىلدى-دە، «خەلق» كۇلۇبى-نىڭ ئالدىدىكى ئاشخانىلارنىڭ بىرىگە كىردۇق. بۇ يەردە ئاخشامقى ئۇلتۇرۇشتا بىز بىلەن بىرگە بولغان، ناھىيىمىزدىن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمەككە كىرىپ ئىشلەۋاتقان دراما ئارتىسى مۇسا، شەھەر-دىن ناھىيىمىز سەنئەت ئۆمىكىگە چىقىپ بىر مەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن شەھەرگە قايتىپ كىرگەن مۇزىكانت ھەسەنجان، يەنە بىر نەچچەيلەن ئولتۇرۇشقانىكەن. ئۇلار بىزنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ئورۇپ-تو-پۇر بولۇپ كېتىشتى:

— ۋاي كېلىڭلار-كېلىڭلار! ھازىرلا گېپىڭلارنى قىلىپ ئولتۇراتتۇق، مەشەدىن چىقىپلا ئالدىڭلارغا بارايلى، ئۆيلەرگە ئاپىرايلى، — دېيىشكەنىتۇق. نىيەت خالىس ئىكەن! قالتىس ياخشى ئىش بولدى!

— ياخشى ئىش بولدى!

ئۇلار قول-قولىغا، پۇت-پۇتىغا تېگىشمەي، ئۈستەللەرنى جۈپلەپ سورۇننى كېڭەيتىپ، بىزنى قاتارغا ئالدى. نېمە دەيتتۇق، بىزمۇ بۇرادەرلەرنى ئوبدانلا سېغىنىپ قاپتىكەنمىز، قىزىق چاقچاق-كۈلكىلەر بىلەن ئولتۇرۇش باشلىنىپ كەتتى.

شەھەرلىك ئاغىنىلەرنىڭ ئالىقىنى ئېچىلىپ قاپتىكەن، ئېمىسىنى ئېيتىسىز، ھەر خىل ئىسسىق-سوغۇق قورۇما، بېلىق، توخۇ، قوي گۆشلىرى، كاۋاپ، ھاراق، پىۋا قاتارلىقلارنى يەپ-ئىچىشكە ئېغىز يېتىشمەي قالدى. ئاكا «ياخشى كۆرگىنىنى سۆزلەي-دۇ، يامان يېگىنىنى» دەپ، گەپ ئۆز خاھىشىغا زىت ئۇقتىدىن باشلىنىپ قالدى، باشقىچە ئويدا بولۇپ قالماڭ!

— يا-ياق، ئۇنداق بولامدىغان، — دېدىم مەن، — ئۇنىڭغا دەم بېرىپ ۋە ئەسلى ھېكايىنى ئاڭلاشقا ئالدىراپ، — شۇنىڭ بىلەن قاراڭ، ئارىمىزدا كەينى ئىككى يەردىن يېرىق قارا كاستۇم كىيىپ، بېغىررەڭ گالستۇك تاقىغان، كۆك شىلەپىلىك، سېرىق چىراي، كۆزلىرى قارىچىغىنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈر بىرەيلەن ئۈستىباشلىرىغا مۇناسىپ سالاپەتتە تۈزۈتلۈككىنە مېھمان بولماقتا ئىدى. قارىغاندا بۇ كىشى شەھەرلىك ئاغىنىلەرنىڭ ئەزىز مېھمىنىدەك قىلاتتى. ئۇ قورۇمىلارنىڭ ھەر خىلىدىن ئىشتىھا بىلەن قوۋۇزنى توشقۇزۇپ ئولتۇراتتى، مەزكۇر مېھمان ئانچە ئۆتمەيلا دېيىقتىمىزگە سازاۋەر بولۇشقا باشلىدى... بىزنىڭ ئاغزىمىز چاقچاق، كۈلكىدىن خالىي بولمىغىنىدەك مېھماننىڭ ئاغزىمۇ يەپ-ئىچىشتىن خالىي ئەمەستى، قوۋۇزى توشۇپ كېتىپ، پەقەت يۇتۇشقا ئۈلگۈرمىگەن پەيتلەردىلا ھەرقايسىمىزغا سېپايە قاراپ قويغىنى بولمىسا، چوكىسىنى تەخسىلەردىن ئۈزمەي تائاملار بىلەنلا «چاقچاق» لىشاتتى... ئۇ، ئاغزىنىڭ چولىسى تەگكەندە بىزنىڭ چاقچاق-كۈلكىمىز-گە مۇناسىۋەتسىزلا بىر پاراڭلارنى پوسۇقىدە قىلىپ قوياتتى:

— بۇ ئاشخانىنىڭ ساپلىقچىلىرىمۇ يامان ئەمەس، جايىدا ئىكەن، قورۇمىلارنى ئېغىزغا تېتىغۇدەك قورۇيدىكەن... چوڭ

كۆۋرۈكتىكى ياسىن ئۇستامىزە، شەھەر
بويىچە باشقىلا بىر گەپتە! كاساپەت
بولۇپمۇ قازان كاۋىپىنى كارامەت ئوخشىتىپ
قويىدۇ جۇمۇڭلار!

مېھمان شىرەدىكى تائاملار يېتىشمەيۋاتقان-
دەك ياكى كۆپلۈكىدىن ئەمەن تېتىپ،
قازان كاۋىپىدىنمۇ كەلتۈرمەمسىلەر دېگەن-
دەك بېشارەتلەرنى بېرىپ ئولتۇراتتى.
تۇرۇپلا يەنە قايسىدۇر بىر روناق تاپقان
باينىڭ بۇنداق سورۇنلاردا پۇل دېگەننى
خازاندەك چېچىپ خەجلەيدىغانلىقىنى،
ئۇنىڭدەك مەرد ئوغۇل بالىنىڭ كەم
ئۇچرايدىغانلىقىنى تىلغا ئالاتتى. تىلغا
ئالغاندىمۇ قولىدىكى چوكىنى قويغۇسى
كەلمىگەندەك، گويا مۇزىكا ئەترىتىگە
دىرىژورلۇق قىلىۋاتقاندەك ھەرىكەتلەندۈرۈپ
تۇرۇپ سۆزلەيتتى. سۆزىنىڭ ئۇنۇمى
بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ئۇنى
چاقچاقتىن، بۇنى كۈلكىدىن توختىتالماقچى
بولاتتى. ئالىي سورتلۇق ھاراقلار، كۈچلۈ-
ك يېمەكلىكلەر مېھماننىڭ ھېچنېمىنى پوش
دېمەيدىغان ئاشقازىنىدا تېگىشلىك رولىنى
جارى قىلىشقا باشلىسا كېرەك ئېھتىمالىم،
كەيپى خېلىلا ئۆرلەپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ
ئۆزىچىلا ھاراقلارنىڭ سورتى توغرۇلۇق
مۇلاھىزىگە چۈشۈپ قالدى:

غۇلجا ناھىيىسىنىڭ «خىمۇدەن»ى
چاپچالنىڭ ھارىقىدىن ھەر ھالدا ياخشى!
«ئىلى تېچۈي» گىنىۇ ئىككى قولنىڭ باش
بارمىقىنى چىقارساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ! بۇنداق
دېسەم، قەدىناس «ئىلى داچۈي» نى
يامان كۆرىدىكەن، دەپ قالماڭلا! ئۇ دېگەن
«ماۋتەي» غۇ! قايران ھاراق باشقىلا بىر
دۇنيا-دە! بۇنداق ئولتۇرۇشلارغا ئۇنىڭدىن
ئىككىسى بولسىلا كۇپايە قىلاتتى!

— ئۆلچەم ئىدارىسىنىڭ خادىمى بىلەن
ئولتۇرۇپ قالدۇقمۇ نېمە؟ — دېدى لەتى
ئاستا قۇلىقىمغا پىچىرلاپ.

— بەلكىم سوپەت تەكشۈرۈش
كادىرى بولسا كېرەك، — دېدىم مەن
چاندۇرماستىن.

ئىشقىلىپ، بۇ بۇرادىرىمىزنىڭ تۈلۈمدىن
توقماق چىققاندەك گەپلىرىنى ھېسابقا
ئالمىغاندا، ئولتۇرۇش كۆڭۈللۈك، ھاراق-شا-
راب، غىزا-تائاملار يېتىپ ئاشقۇچە بولۇ-
ۋاتاتتى. شەھەرلىك ئاغىنىلەر قورۇمىنىڭ
ئۇستىگە قۇرۇما كەلتۈرسە، ئۆزىمىز
ناھىيىلىك بولغان بىلەن ئۆزىڭىز بىلىسىز،
غۇرۇرىمىز ئۇستۈن بالىلار بولغانلىقىمىز
ئۈچۈن، ئەتراپتىكى يېمەكلىك دۇكانلىرىدا
بار بولغانلىكى داڭلىق ھاراقلاردىن ئۆزمەي
كەلتۈرۈپ تۇردۇق. نېمىشقىدۇر «مال
باھا كادىرى» ھەممە تائاملارنىڭ
تەم-تاتلىقىنى، ھاراقلارنىڭ سوپەت-گىرا-
دۇس، نام-شەرىپلىرىنى بىلگىنى بىلەن
ئۇلاردىن بىرەنى كەلتۈرۈپ باقمىدى.
ئەقەللىيسى، سالاھىيىتى ۋە گەپ-سۆزلىرى-
گە يارىشا بىرەر قېتىم پەش قىلىپمۇ
قويمىدى. شەيتىنى كۈچلۈك لەتى يەنە
قۇلىقىمغا پىچىرلاپ:

— مۇنۇ كادىر يەپ-ئىچىشتە بولغىنى
بىلەن پۇل خەجلەشتە يوق ئادا شىكىنە!؟
قورۇما دېگەننى مەڭگەن كۆتۈرگەندەك
كۆتۈرۈپ، چوكىنىمۇ قارا تەرگە چۈشۈ-
رۈۋېتىدىغانلاردىن ئىكەن، دېسە، سالى
خۇپپىيانە ھالدا، كەلسە-كەلمەس گەپ

قىلىشما! ئاڭلاپ قالسا سەت بولىدۇ. ئۇ، شەھەرلىك ئاغىنىلەرنىڭ ئەزىز مېھمىنى بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە، — دەپ ئاگاھ-لاندۇراتتى.

ئويۇن-كۈلكە تەسىرىدە بىلىنمىگەندەك قىلغىنى بىلەن بىزنىڭمۇ كەيپىمىز بىر يەرگە بېرىپ قېلىۋاتاتتى. گەپ-سۆزلەر باشتىكىدەك جۇشقۇن ۋە نىشانلىق بولماي-ۋاتاتتى. دېمەك، ئولتۇرۇش سوزۇلغانسېرى تەخسىلەرنىڭ، بوتۇلكىلارنىڭ بوشىتىلىشىغا ئەگىشىپ، سورۇن ئەھلىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە بوشىشىشقا باشلىدۇق. ئەمما، ھېلىقى بۇرادىرىمىز، «يەپ تۇر، بەك تۇر» دېگەندەك بىزدىن خېلىلا بېجىرىم ئولتۇراتتى. ئۇنداق دېسەم، جىمجىت ئولتۇرىدۇ، دەپ قالماڭ! ئۇ، ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىگەچ گۆشى يېيىلىپ بولغان ئۇستى-خانلارنىڭ مۇنداقلا بىرتەرەپ بولۇپ كېتىشى-گە كۆزى قىيمىغاندەك بىر-بىرلەپ قايتا تەپتىشلەش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

— مەن، — دەيتتى ئۇ، — بىر بېلىقنىڭ باش-ئومۇرتقىلىق ئىسكىلىتىنى قولىدا ئۆرۈپ-چۆرۈگىنىچە، بۇ جانىۋارنىڭ گۆشىدىنمۇ كۆرە، مېڭىسىنى يېيىشكە بەك ئامراق!

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە بىردە ئۇستىخان-نى، بىردە مايلىق بارماقلىرىنى نوۋەت بىلەن چوكۇلدىتىپ شورىمەتتى. چاك-چۇك قىلغان ئاۋازلارنى چىقىرىپ، كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلاتتى. بۇنداق قىلىقسىزلىق-لار بۇگۈنكى بۇ سورۇندىكى چاقچاقچىلارنىڭ نەزىرىدىن سىرتتا قالاتتىمۇ؟ باياتىن بىرى مېھمانغا نىسبەتەن ئېھتىياتچان پوزىتسىيىدە ئولتۇرغان سالى تاقىتىنى باسالمىدى ۋە ئۇنى چاقچاقىنىڭ ئوقىغا تۇتتى:

— بۇرادەر، سىز بىز بىلەن ئەمەس، بېلىق بىلەن سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتتى-ڭىزغۇ؟! قارىغاندا، ئەسلىدە ۋاقىتسىز قۇربان بولغان بۇ مەرھۇم بىلەن بىر يۇرتلۇق ئوخشىمامسىز؟!

كۈلكە كۆتۈرۈلدى. مېھمانمۇ ۋاق-ۋاق پاقىغا ئوخشاش ۋاقاقلاپ، بىر ھازا سەت ۋە سوئىتىي كۈلدى. مۇساغا ئۇنىڭ كەلگەنىدى:

— تېخى خەۋەرىڭلار يوقكەن-دە؟ — دېدى ئۇ كۆپچىلىكنى ئاغزىغا قارىتىپ ۋە سۆز ئويۇنى قىلىپ، — ئۇزاقى يىلى كۆلگە ئوت كەتكەندە قۇرۇقلۇققا قېچىپ چىقىۋالغان بۇرادەر مۇشۇ كىشى ئىكەن ئەمەسمۇ.

— ئۇنداق بولسا، ناخشىنىڭ پىرى دەڭلا! — دېدى پەرھات ئۇنى پاقىغا ئوخشىتىپ، — بىزگە كۆل ئوردىسىنىڭ مۇقاملىرىدىن بىرەرنى كەلتۈرۈپ بەرسە بولغۇدەك!

سورۇندىكىلەر بۇ يۇمۇرلۇق ياپتا چاقچاقتىن بولۇشىغا كۈلۈشتى. مېھمان بېلىقنى تەرىپلىگەنگە، مېڭىسىنى چۈۋۈپ يېگەنگە ئەنە شۇنداق تويدى. بىراقتا، بۇرادەرنىڭ يەنىلا ئاتتىن چۈشسە ئۈزەڭگىدىن چۈشكۈسى يوق ئىدى. ئۇ ھۆركىرەپ ھاۋا ئەپقاچقان ئاتتەك كەلسە-دۇ-كەلمىسدۇ غەلىتە چاقچاقلارنى قىلىپ، پىچاق سورۇلۇش ئالدىدا تۇرغان ئۆچكىدەك ئەنسىز مەرەپ بەھۇزۇر ئولتۇرماقتىدى. ئۇنىڭ قورسىقى تويۇپ مەيدىسى كۆتۈرۈلسە كېرەك، شەھەرلىكلەرنىڭمۇ، بىزنىڭمۇ ئېتىمىز-نى ئاتاپ، ھاراق ئىچىشكە، تائاملاردىن

چوڭ-چوڭ ئېلىشقا زورلىغىلى باشلىدى:
— ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز ئاغىنىلەر، ئۆلۈپ كېتىدىغان جانغا ئىچىشە! تۆت كۈنلۈك جاھاندا يەپ-ئىچكەنگە، ئويناپ-كۈلگەنگە نېمە يېتەتتى! ۋەيت، ئىچە ئاداش مۇسا! ئىچەلمىسەڭ كۈلگە ئۇ... ۋەيت-ۋەيت-ۋەيت!
كامىل ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇۋاتقاندەك، بېشىنى ئىككى ياققا چايقاپ كۈلۈپ قويدى، مەنمۇ، شەھەرنىڭ قانداق يېرىدە چوڭ بولغان نېمىكىنە ئۇ، دەپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدىم.
— شۇنى دېمەمسىز، — گېپىنى داۋاملاشتۇردى كامىل، — مېنىڭمۇ تاقىتىم بىر يەرگە باردى، بولدى-بولدى، دېدىم قىزىقچىلىقتا يۈلەپ، بۇ بۇرادەرنىڭ ئاغزى خالا جايغا ئايلانغىلى تۇردى...
— تاغچاڭ ئۇستام، خاپا بولماي بىر چوڭ تەخسە هاك پاراشوكى كەلتۈرۈۋەتسىڭىز!
تەتۇر كاچاتنىڭ ئورنىدىكى بۇ چاقچىقىم خېلى جايىدا چىققان چېغى، باللار ئۇزاقتىن ئۇزاق كۈلۈشتى، ئاشخانا مۇلازىملىرىمۇ قىقاس بىلەن كۈلكىگە قوشۇلۇپ كەتتى. گەپدان مېھمان بولسا، قىلتىرىق يۇتۇۋالغاندەك، ئادەمنى قورقۇتۇپ، ئاغزىنى كەرگىنىچە تۇرۇپلا قالدى...
ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. بىز شەھەرلىك ئاغىنىلەرگە ئۆزرە ئېيتىپ قايتماقچى بولۇشتۇق. شەھەرلىك باللارنىڭ بىزدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. تەرەپ-تەرەپتىن:
— قويىشە، ئاغىنىلەر، ئاران بىر باش قوشقاندا نەدىكى گەپنى قىلىشما! ھەر قايسىمىزنىڭمۇ ئۆيى بار، بىر پىيالىدىن چېيىمىزنى ئىچىپ چىقىپ كېتىڭلەر! — دېيىشتى.
— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىش كېرەك! شۇنداق قىلىڭلار، يولداشلار! ھېلىقى ئىشتىھالىق مېھمان تېتىكلىشىپ سۆزگە قىستۇرۇلدى، — شەھەر دېگەننىڭ قويىنى كەڭ دۇنيا! كىرىپلا چىقىپ كېتىدىغان دەڭ ياكى مەسچىت ئەمەس-تە بۇ!
بىز ئۇخشىغان سەۋەبلىرىمىزنى ئېيتىپ ئورنىمىزدىن قوزغالدۇق. ئاغىنىمىز ھەسەن:
— ئەگەر، بۇ نۆۋەت ئۆيۈمگە بېرىشمىساڭ سەندەك نېمىلەرنىڭ بوسۇغىسىغا ئىككىنچى ئاياغ باسمايمەن! — دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. سالا-سۆلە ئەۋجىگە چىقتى. بولۇپمۇ ئىشتىھالىق بۇرادىرىمىز ئەمدى ئاغزىنى پۈتۈنلەي سالاغا قاراتقانتى:
— شۇنداق قىلىڭلار، ئاغىنىلەر! خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە كېرەك! دېگەن گەپ بار. بۇ دوستۇڭلارمۇ شەھەر-گە قايتىپ كىرگىلى ئىككى يىل بوپتۇ، كەينىدىن ئىزلەپ كىرىپ قويىدىغان يولۇڭلارمۇ بولغىيتتى؟
ئاخىرقى ھېسابتا مېھماننىڭ بۇ بىر تەكلىپى تارازا بېسىپ قالدى. دېمىسىمۇ ھەسەننىڭ ئۆيىگە بېرىپ قويۇش نۆۋىتىمۇ بولۇپ كەتكەنىتى. شۇنداق قىلىپ، ھە-ھۇ بىلەن شەھەرلىك دوستلار بىزنى بىر-بىر-لەپ قولتۇقلاپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى. ھەسەن قايسى ئارىلىقلاردا ئورۇنلاشتۇر-غان، بىر مىنبۇسنى تەق قىلىپ قويغانە-كەن. ئىشككە چىقىشىمىزغا ئۇ:

— قېنى، ئەمسە، ئاغىنىلەر، ئايزىلىپ قالماي بۇ يەل تاپانغا مەرھەمەت قىلىڭلار! دۇگىمە ھەللە دېگەن بۇنىڭغا قانچىلىك يول ئىدى، ھازىرلا ئۆزۈڭلارنى ئۆيدە كۆرىسىلەر — دەپ ماشىنىغا تەكلىپ قىلدى. ئىشتىھالىق مېھمان، يۇرۇڭلار-يۇرۇڭلار! كەتتۇق ئەمسە! دېگىنىچە ئالدى بىلەن شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتىن جاي ئېلىپ ئولگۇردى. ماشىنا ئورنىدىن قوزغىلا-قوزغالمايلا بىز تەرەپكە يېرىم بۇرۇلۇپ ئولتۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا بولۇشچە ۋارقىراپ جىرلىغىلى تۇردى:

ماشىنىلار ئوزۇپ بارار،
توزانى توزۇپ بارار،
ھەي، توزانى توزۇپ بارار.
بىلەسىنما، بىلمەيسىنما
ياش ئۆمۈر ئوزۇپ بارار.
ھوي بەللى، ئاشۇنى،
مەندە ياراتىم شۇنى!

چۈش قايرىلىپ كېچىكمەيلا ئاغىنىمىز ھەسەننىڭ ئۆيدە كاتتا سورۇن توزۇلۇپ، ئولتۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. ساھىبخانىنىڭ قولۇم-قوشنا، مەھەللىداشلىرى قوشۇلۇپ خېلىلا ئاۋۇپ قاپتۇق. داستىخانىنىڭ مەشرەپ-سورۇنىغا خاس قويۇق راسلانغىنىغا قارىغاندا، ساھىبخان ئۆيدىكىلىرىگە ئالدىنئالا خەۋەر بېرىپ، بۇ ئىشنىمۇ ئورۇنلاشتۇرغاندەك قىلاتتى.

ھەسەن ئولتۇرۇشنىڭ ساقىيسى تەرىپىدىن قەدەھ سۆزىگە تەكلىپ قىلىندى. ئۇ ئەزىز مېھمانلارنىڭ ئۆيىگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىغا بەكمۇ مەمنۇن ئىكەنلىكىنى، ئالدىراشچىلىقتا داستىخاننىڭ غورىگىل بولۇپ قالغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ، مېھمانلارنىڭ بۇ بوشلۇقنى قىزىق چاقچاق، لەتىپىلەر بىلەن تولدۇرۇۋېتىشىنى ئۆتۈندى ۋە مۇڭلۇلارنى قوشۇپ قويدى:

— سورۇنىمىزدا ئۆزئارا بىلىشىدىغان ۋە بىلىشمەيدىغانلار بار. شۇڭا، مەن ئۆزۈمنى ۋە ئۆزۈم بىلىدىغانلارنى تونۇشتۇرۇۋېتەي، قالغىنىنى ساقىي تونۇشتۇرار، — ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كۆتۈرەڭگۈ روھ، خۇش ئاۋازدا قىزىقچىلىق قىلىپ داۋاملاشتۇردى، — كۆپچىلىكىڭلار بىلىسىلەر، پىقىر ئىلمىتالىپ «پاختەكلەر جەمئىيىتى» نىڭ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئولتۇرغان ھەر قايسىڭلارنىڭ رەئىسى ھەسەن پاختەك بولىمەن. شۇنداققۇ؟!

بۇ مەردانە تونۇشتۇرۇشتىن بىر توپ كەپتەرنىڭ بىردىنلا قانات قېقىپ ئۇچقىنىدەك قاتتىق كۈلكە شاۋقۇنى بىراقلا كۆتۈرۈلدى.

مەنمۇ خۇددى ئاشۇ سورۇندا ئولتۇرۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالغان بولسام كېرەك، گەپكە ئىختىيارسىز ئارىلىشىپ قالدىم:

— ئۇكام كامىل، كۆپلىگەن ساھىبخانىلار مېھمانلارنى قورۇنۇپ قالمىسۇن، ئازادە-كۆڭۈللۈك ئولتۇرسۇن! دەپ ئۆزىنىڭ لەقىمىنى پاش قىلغان ئاساستا چاقچاقنى ئالدى بىلەن ئەنە شۇنداق ئۆزىدىن باشلىۋېتىدۇ، بۇ ھەممىگە ئايانكى، غۇلجىدىكى ئويۇنچى ياشلارنىڭ بىردىنبىر خاس ئالاھىدىلىكى! ھە قېنى، داۋامىنى سۆزلەۋەرگىن!

كامىل كۈلدى ۋە باشلىرىنى چايقىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن قىزىق بىر ئۇقتىنى

سۆزلىمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بايقىدىم:
— قويۇڭچۇ، ھېلىقى ئىشتىھالىق ئاداش-نى دېمەمسىز، پۇل خەجلەيدىغانلارنى، ساھىبخان بولغۇچىلارنى ئاغزىغا كەلگەنچە ماختاپ نەپلىنىشكە ئادەتلىنىپ كەتسە كېرەك. شۇ ئەسنادا ھەمتاۋاقۇپ بىردىنلا شىلەپىسىنى قولىغا ئالدى-دە، ئورۇچۇرما گەپلەرگە ناتىقلارچە چۇشۇپ كەتتى:
— مانا مەن شۇ تۇرقىدا كۆڭلۈمدىكى نەق پاراڭنى ئېيتىدىغان بولسام بارغۇ ھەسەنىم سىلەر «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» دېگەندەك، كەم تېپىلىدىغان ئەر-خوتۇنلاردىن ئىكەنسىلەر! ئۈزۈن گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇنىڭغۇ مانا ماۋۇ مەئىشەتلىك داستىخىنىڭلار ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. كۆڭلۈڭلار بىر دەرياكەن! سىڭلى-مىزنىڭ قولى يىزنىڭ مەلىكە ساھىبىنىڭ قولىدەك گۈل ئىكەن، گۈل! بۇنىڭدىن قارىغاندا، سىڭلىمىزنىڭ قولىدىن تاماقنىڭ ھەرقاندىقى قېچىپ قۇتۇلمايدىكەن-دە؟! بۇگۈن قالتىس پەيزى قىلىپ قويىمىزمۇ نېمە؟! قانداق دېدىم، كۆپچىلىك ھوي! گەپ قىلمايسىلەرغۇ؟! ئۇ شۇنداق دېگىنچە دېسكو چولپانلىرىدەك باشلىرىنى ئوينىتىپ، ئۇسسۇلچىلاردەك قوللىرىنى قارسىلدىتىپ قويدى... بۇ مېھماننىڭ باشقا گەپلىرىغۇ بىر نۆرى، ئالدىنئالا بۇيرۇتقاندەك تاماق مەسە-لىسىنى تىلغا ئالغىنى بولماي قالدى... ئۆلتۈرغانلار لەۋلىرىمىزنى چىشلەپ، گەدىنىمىز-دە چۈمۈلە مىڭۋاتقاندەك ئارامسىزلىنىپ كەتتۇق... بۇنى ئاز دەپ، بۇ رىسالىسىز ئاداش، تەكلىپسىزلا داستىخان شەھرىگە يۇرۇشنى باشلىۋەتتى: مانا-مانا، دېمىدىممۇ، پاھ، بۇ قورۇمىنىڭ تەمى ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدۇ جۇمۇڭلار! قېنى، ماۋۇچۇ؟ ھە، بۇ توخۇنىڭكە-كەن! ھەي-ھەي! — ئۇ توخۇنىڭ بىر يانپىشىنى ئېلىپ يۇلقۇشلۇغىلى باشلىدى،— ئېلىڭلار-ئېلىڭلار، نېمە قاراپ ئولتۇرىسىلەر؟ بۇنداق بېھىشتىن چىققاندەك ئېسىل تائاملارنى قىزىغىدىلا يېمىسە بىكار، ئۇۋالىغا قالىدىغان گەپ!

ئاشخانىدىكى چاغدىلا چاقچاقتا بىر يەرلەرگىچە يېتىشكەن مۇسا ئەمدى جىم تۇرالمىدى:
— ئاداش، داستىخاننى تېزرەك بىكارلاپ تۇراي دەۋاتامسىلەر نېمە؟ تېخى ئۆلتۈرۈش رەسمىي باشلانمىدى. ساھىبخانىڭ-مۇ قەدەھ سۆزى ئۆزۈلۈپ قالدى. نەپسى-ئىشتىھايىڭلارغا سەل ھاي بېرىپ تۇرساڭلار-كەن! قانداق دەيسىلەر؟
— مۇسا، بۈگۈنكى ئولتۇرۇشنىڭ دەرۋازىسىنى ئۆزۈڭ ساقلىمساڭ، — دېدى لەتىپ ئۇنىڭ بويناق لەقىمىنى شىپى كەلتۈرۈپ، — ئاغىنەڭلار داستىخاننى ۋاقتسىز ۋاشاڭ قىلىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ...

بۇ چاقچاقتىن ھەممەيلەن ھۇزۇرلىنىپ ئۇزاق كۈلۈشتۇق. ئىشتىھالىق بۇرادەر خېلى بىر نېمىلەرنى دەپ باققان بولدى، ئەمما، يۇقىرىقىدەك كۈلكە-قىقاسلار ئاستىدا، ئۇنىڭ يېقىمسىز ۋەيت-ۋۇيتلىرى قاراتمىلىققا ئېرىد-شەلمىدى. ھەر ھالدا رېلىستىن چىققىلىۋاتقان ئولتۇرۇش ئۆز يۆنىلىشىنى تاپتى. ھەسەننىڭ يېرىم يولدا تامغا ئۇسسۇۋالغان تونۇشتۇرۇشە-مۇ قايتا ئۇلاندى-دە، ئوخشاشلا لەقەم-چاقچاقلار بىلەن خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى، كۈلكىدىن ئۇچەيلىرىمىز ئۈزۈلگۈدەك بولدى.

بۇ كۆلكىلەر ئەتىگەننىڭكىياقى ئىستېمال قىلغان ئىچىملىكلەرنىڭ كەيپىنى نەلەرگىدۇر قوغلاپ، ھەر قايسىمىزنى يېڭى سورۇنغا يېڭىچە باشلىغاندەك قىلدى. ساھىبخانىنى ئالدىرىتىش، قىستاشلار ئەۋج ئالغىلى باشلىدى.

— قېنى ئەمىسە، ئادەمنى تولا تاقىلداتماي كۆتۈرمەمسەن ئاداش!

— بولەۋۈي، ھەسەن! بىر سائەت بولدى رومكىنى قولۇڭغا ئالغىلى، تېخىچە بىر يۇتۇم ھاراق بەرمىسەك قانداق بولۇپ كەتتى بۇ ئىش؟!

— سەنزە ھەسەن، بىزنى گەپ-سۆز بىلەنلا مېھمان قىلىپ، ھاراق-پارىقىڭنى، تورت-پورتلىرىڭنى ئاشۇرۇپ قالماقچى بولۇۋاتامسەن نېمە؟ كاساپەت، پەمىڭ بار جۇمۇ سېنىڭ؟!

— خاتىرجەم بول، ھەسەن! ھاردىقىڭنى قىسىپ قالساڭمۇ، ئۆچرەتسىز ئېلىۋېرىشكە بولىدىغان مۇنۇ يېمەكلىكلىرىڭنى ھەرگىز ئاشۇرۇپ قالالمايسەن! بىلگەنسەن، ئارىمىزدا بۇ نەرسىلىرىڭنىڭ ئەدىبىنى كېلىشتۈرۈپ بېرەلەيدىغان نى پىدائىيلىرىمىز بار...

ئىشتىھالىق مېھمانغا قىلىۋاتقان بۇ ياپتا چاقچاق كۆلكىنى يەنە بىر قېتىم ئەۋجىگە كۆتۈردى.

— دوستلار، مەھەللداشلار! — دېدى ساھىبخان يۇقىرىقى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك گەپ-سۆزلەرنىڭ چاقچاق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، سەل ئوڭايسىزلىنىپ، — سىلەرنىڭ ئۆيۈمدە ئولتۇرغانلىقىڭلارنى كۆرۈپ خۇشاللىقىم ئىچىمگە سىغماي قالدى، ھەممىنى ئۇنتۇپتىمەن، كەچۈرۈڭلار! قېنى، ئەمىسە، مەزىلەردىن قويۇق-قويۇق ئالساڭلار! تېخىمۇ خۇش بولۇپ كېتەي. ھە، راست، تاس يەنە بىر ئىشنى ئۇنتۇيدىكەنمەن...

ھەسەن ئاغزىغا ئاپارغىلىۋاتقان رومكىنى توختىتىۋالدى:

— مۇنۇ بۇرادەرنى تونۇشتۇرۇش ناھىيىدىن كىرگەن ئاغىنىلەردىن بولسۇن، ئاشخانىدىكى ئولتۇرۇشتا قىزىقچىلىقتا ۋە ئۆپۈر-تۆپۈرچىلىكتە ماۋۇ كىم بولدۇ دېگۈچىلىكىمىزمۇ بولماپتۇ، — دېدى ئىشتىھالىقنى باش سوزۇپ كۆرسىتىپ، — ئەھۋالدىن قارىغاندا سىلەرنىڭ مېھمىنىڭلار بولسا كېرەك؟ بىز ئىلگىرى بۇياق بىلەن بىرگە بولۇپ باقماپتىكەنمىز.

ئىشتىھالىق مېھمان غۇدۇرىغاندەك قىلىپ قالدى. بىز بىر-بىرىمىزگە قاراشتۇق. چۈنكى، «خۇشۋاق» بۇرادەر نەدىمۇ بىزنىڭ مېھمىنىمىز بولسۇن؟! بۇ ھەسەننىڭ يەنىلا ئىچىشۋازلىقنى كەينىگە سۈرۈش ئويۇنىمۇ ياكى راستىنلا...، — مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئاشۇنداق ئويلار كەچتى... بىز يا ئۇنداق، يا مۇنداق دېيىش ئارىلىقىدا، ئىشتىھالىق شاققىدە گەپنىڭ تىزگىنىنى تېقىمىغا باستى:

— يولداشلار! — دېدى ئۇ مەغرۇر ۋە خاتىرجەم ھالدا، قەددى-قامىتى ۋە گالستۇكىنى تۈزەشتۈرۈپ، — قىزىق پاراڭلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇش يادىمغا كەلمەپتۇ، كەچۈرۈڭلار!

— ئاغزىم بىكار بولماستىن دېگىنە، — دېدى ئېپىل كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇ-

ۋاللايدىغان تېز ئاتار لەتى.

— تىنچ تۇرساڭچۇ! كېچىكىپ نېسىپ بولۇۋاتقان تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلاپ باقايلى، — دېدىم مەن، — كۈلكىلەر ئىچىدىن لەتىنى نوقۇشلاپ ھەم ئىشتىھالىقنى سۆزلەۋېرىشكە دالالەت قىلىپ.

— كەچۈرۈڭلار، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ئىشتىھالىق كىشى ۋە ئۆزىگە بىردىنلا سالماق تۈس بېرىپ، — ئويلاپ بېقىڭلار، ئولتۇرغانلىرىمىزنىڭ يېتىمۇ بارمۇ؟ — ئۇ، ئىككى ئالقىنىنى ئىككى ياققا ئېچىپ دېدى، — ھەممىمىز ئادەمئاتام، ھاۋائانامنىڭ بالىۋاقىسىغۇ؟ تۇغقان-قېرىنداش دېگەنگە پىقۇ؟!

كاساپەتنىڭ بۇ سۆزى ئاڭلىماققا جىڭدا توختاۋاتاتتى.

— شۇنداق-شۇنداق، — دېيىشتى بىر قىسىم ئويۇنكەشلەر، بەزىلەر بولسا پىخىلدىشىپ كۈلۈشتى.

— ئەمدى، مەن، شۇنداق بولسىمۇ رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، — ئىشتىھالىق سەل ئالدىغا سىلجىپ قويدى، — پېقىرنىڭ نام-شەرىپى بولسا، «ھەمتاۋاقوپ»، خىزمەت ئورنۇم مۇشۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇرا قاتلام جەمئىيىتى چىنە-قاچا بوشىتىش بۆلۈمىدە.

بۇ گەپ بىلەن تەڭ يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بىز بۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرغۇچى ھەسەنگە ئوخشاش قىزىقچىلىق قىلىۋاتىدۇ، يەپ-ئىچىشتىلا ئەمەس، گەپتىمۇ ھەققەتەن خېلى بىگىسى بار نېمىكەن، دېگەن ھېسسىياتتا بولۇشتۇق.

شۇ ئەسنادا ئىشىك چېكىلىپ ئىگىز بوي، ئاق يۈز، كەڭ ماڭلاي، بېشىغا كەپكە كىيگەن قامەتلىك بىرەيلەن:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەزىز مېھمانلار، — دېگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ تاپىسىدا ئۆرە تۇرۇپ قولىنى كۆكسىگە ئالدى-دە، ئەپۇ سورىدى:

— ۋاقتىدا كېلەلمەي ساقلىتىپ قويدۇم، كەچۈرگەيسىلەر.

بۇ كىشى ھەسەننىڭ مەھەللىلىكى ياقۇپجان ئىدى. ئۇ قولۇم تازا، سىرتتا چايقاپ كىردىم، ئەمدى ئەپسىز بولسىمۇ مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈۋېتەي، — دېدى-دە، جەبدەسلىك بىلەن قول سوزۇپ، بىر-بىرلەپ كۆرۈشۈپ، ئامانلىق سوراشتى. ئۇ كۆرۈشۈۋېتىپ ھەمتاۋاقوپقا كەلگەندە، ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى بىر-بىرىگە قادالدى-دە، خۇددى ئېكراندا بىر پەس توختىتىلىپ قويۇلغان سۈرەتتەك قېتىپ قېلىشتى... ياقۇپجاننىڭ مىيىقى بىلەن كۆزىدە قانداقتۇر بىر سىرلىق كۈلكە جىلۋىلەندى، ئابدۇل بىدىك بۇ سورۇندا سەنمۇ بار ئىكەنسەنغۇ؟! بۈگۈن ئولتۇرۇش قىزىيدىكەن-دە... — ئۇ شۇنداق دېدى-دە، ساھىبخانىغا ۋە بىزگە سوئال نەزىرىدە قاراپمۇ قويدى...

— ھە، بۈگۈن... بۈگۈن... خۇدا بۇيرۇسا... چاتاق يوق... چاتاق... ھەمتاۋاقوپ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ سۆزىنى تېپىۋالدى، — مېھمانلار، ئاغىنە، دوست، بۇرادەرلەر! بۈگۈنكى ئولتۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ راسا قىزىيدىغان بولدى. قانداق دېگەندە، ئاغىنىمىز ياقۇپجاندىن ئىبارەت يەنە بىر قىزىقچى سورۇنغا قوشۇلدى، — ئۇ

ئېنىشقىبدۇر ياقۇپجاننى ئۆزىگە تارتقانىدەك قىلىپ داۋاملاشتۇردى، — بۇ قالتىس باھاسىز ئىش بولدى. مانا، بۇ ياقۇپجان بىلەن كۆرۈشمىگىنىمىزگىمۇ كۆپ ۋاقىت بوپتىكەن. بۈگۈن خۇددى مەسلىھەتلىشىپ قويغانىدەكلا بۇ سورۇندا بىرگە بولۇپ قالدۇق. مانا، ئۇ ھە دېگەندىلا قىزىقچىلىق-نى باشلىۋەتتى. بۇنىڭدىن مەن ئىنتايىن، ئىنتايىن خۇرسەن. قانداق دېدىم، ياقۇپجان؟

— ناھايىتى ئوبدان دېدىڭ، ئابدۇل، قىسقا كۇرسقا كەتكىنىڭدىن بۇيان ھەققەتەن-مۇ سورۇنلاردىن ئايغىڭ تارتىلىپ قېلىپ، ئۇچراشمىغاندۇق... دېگەنبىلەن ئوبدان ئۆگىنىپ چىققان ئوخشىمامسەن؟

ئابدۇللا بىدىك ئوڭايسىزلانغانىدەك قىلدى. رەڭگى بوزىرىپ، جىددىيلىشىپرەك قالدى ۋە ئەندىككەندەك بولۇپ، — چاتاق يوق، چاتاق يوق... قېنى، ئولتۇرۇشمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، — دېدى ئۆزىنى يالغان كۈلكىگە زورلاپ، — ئەدىكى گەپلەرگە چۈشۈپ كېتىپ، ئاغىنىلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويمايلى يەنە! ھا-ھا-ھا...

— زېرىكتۈرۈپ قويساق ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، — دېدى ياقۇپجان تەمكىنلىك بىلەن مەنىلىك قىلىپ، — ئەمما زە تېرىك-تۈرۈپ قويساق بولمايدۇ-دە. قانداق دېدىم ئاغىنە؟!

— مانا-مانا، دېمىدىممۇ، ياقۇپجان راستىنلا قىزىقچىمىكەن؟! گەپنى ئاشۇنداق كېسىپ-كېسىپ قىلىدۇ، قېنى، -ھەسەنجان ياقۇپجانغا جاگىدە بىر پىيالە ناۋات سېلىپ قايناق چاي كەلتۈرۈڭ.

ھەمتاۋاقۇپ سۆزلەۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى:

— ئاساسىي گەپكە كەلسەك، بۈگۈنكى ئولتۇرۇشنى قىزىتماي زادىلا بولمايدۇ! ئۇنداق قىلمىغاندا، شۇنچە كاتتا تەييارلىق قىلغان ساھىبخانىنىڭمۇ ھاردۇقى چىقمايدۇ دەڭلا، قارىغۇدەك بولسام ھەممە نەرسە جايىدا بولغانىدەك. ئەمما، بىرلا يېرى نەغمە-ناۋاسى كەملىك قىلىدىغانىدەك تۇرىدۇ. مانا، ئاشۇ تەرىپى تەڭشىلىپ كەتسە گۈل ئۈستىگە گۈل، نۇر ئۈستىگە نۇر بولۇپ كېتەتتى-دە، — ئۇ يەنە قولىدىن قاس چىقىرىپ قويدى، — شۇنىسى بىر ياخشى تەمبۇر بولغىنىدىمۇ، ھەي، ئەتتەك! « ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق » دېگەن مانا مۇشۇ-دە! ئۇ ماگمايۋاتقان ئىشىكنى ئۇرغانىدەك ئېقىمغا قاتتىق بىرنى ئۇردى-دە، بىر نەرسىنى ئىنتىشغانىدەك بېشىنى سىڭايان قىلدى ۋە ئېنىقسىز ئەسلىگەندەك بولدى ھەمدە ئالدىراش سۆزلەپ كەتتى، — مەشەدىلا بىر يېقىن ئاغىنەمنىڭ كارامەت ياخشى تەمبۇرى بار، دەڭلا! تەمبۇر بولغاندىمۇ مۇشاجان روزى ئۆز قولى بىلەن ياسىغان تەمبۇر! بىلسىلەر، ئۇ ئادەم ياسىغان تەمبۇرنى ئۆزى سۆزلەيدۇ دېسەكمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. مەن، ئەنە شۇ... تەمبۇرنى تاسىسدىلا... ھازىرلا...

ھەمتاۋاقۇپ ساھىبخان ۋە بىر نەچچە يې-لەنىنىڭ، بولدى، ئاۋارە بولماڭ، بۈگۈن قىزىقچىلىق قىلىپلا ئولتۇرىمىز، دېگەنلىرىگە قارىماي سىرتقا ئۆزىنى ئوقتەك ئاتقان

پېتى چىقىپ كەتتى...

ئۇ ئاغىنىمىز شۇ چىقىپ كەتكەنچە يېنىپ كىرمىدى، بىزنىڭ گۇمانىمىزغا گۇمانلار چېتىلغىلى تۇردى. ئۇ بۇرادەر، مەشەددىلا، دەۋاتاتتى. ئىككى سائەتتەك بولدى، تېخى يوق. بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ يۈرمىگەندۇ؟! دېگەن ئەندىشىلەردىمۇ بولدۇق. ئاخىر ساھىبخانىدىن ئۇنى سورۇش-تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق.

— مەنمۇ ئۇ ھەمتاۋاقۇپنى تۈزۈك تونۇپ كەتمەيدىكەنمەن، — دېدى ھەسەن جاۋابەن، — ئەتىگەندىن بېرى ئۇياقنى سىلەرنىڭ ناھىيەدىن كىرگەن ياكى بىرەرىڭلارنىڭ مېھمىنى بولسا كېرەك، دەپ قاپتۇق. قارىساق، ئۇ ئاداش بايا ئۆزىنى بىر قىسىملا تونۇشتۇرۇپ كەتتى. ياندۇرۇپ سورىغۇچە گەپنى بۇراپ ئەپقې-چىپ، ئېغىز ئاچقۇزماي قويدى.

— بىزمۇ ھەر قايسىڭلارنىڭ مېھمىنى بولسا كېرەك، دەپتۇق! ئۇنداقتا!؟ قانداق بولۇپ كەتتا، بۇ ئىش؟!

— قايسى ئارىلىقلاردا قىستۇرۇلۇۋالغان بولغىيتتى ئۇ!؟

— ئاشخانىدىكى سورۇن تەييارلاش ئۇپۇر-توپۇرچىلىقىدا بولمامدۇ، نېمە ئادەمكىن دەڭلا!؟

— ئابدۇل بىدىكنى دەۋاتىسىلەرغۇ دەيمەن؟ — دېدى ياقۇپجان مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — خالىساڭلار ئۇنى مەن سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ بېرەي، — دېدى ئۇ ئوڭشىلىپ ئولتۇرۇپ، — بەلكىم تونۇ-ماسلىقىڭلار مۇمكىن. ئۇ بۇرادەرمۇ تونۇي-دىغانلارنىڭ قاتارىدا خاتىرجەم ئولتۇرالماي-دۇ. ئەدىكى تونۇشمايدىغان ئادەملەر قاتارىدىن ئەپ ئېلىپ كېلىۋاتقان غەلىتە تىجارەتچى...

— ھە، راست، بايا ئابدۇل بىدىك، دېۋىدىڭىز؟ — دېدىمەن قىزىقىپ، — ئۇنداقتا مال بازىرىدا بىدىكلىك قىلىدىغان كىشىكەن-دە؟!

— ياقە، — دېدى ياقۇپجان چۈشەن-دۈرۈپ، — ئۇنداق ئىشنى قىلىپ يۈرمەيدۇ. تەقى-تۇرقى، ئۇستىبېشىغا قارىماسىلەر!؟

— ئۇنداقتا؟!

— ھە، مەسىلە دەل مۇشۇ نۇقتىدا. ئۇ سىلەردەك سەرخىل باللار جەم بولغان مۇشۇنداق سورۇنلارغا بىدىكلىك قىلىدۇ. ئۇ بۇنداق سورۇنلارنى تېپىۋالسا بولغىنى! بىر تىيىن خەجلىمەي، پۇل خەجلىگەنلەردىن ئارتۇق پەيزى قىلىدۇ. سەل چاناي دېسە، ھازىرقىدەك تەمبۇر، دۇتارغا ئوخشاش يوقنى ئىزلەپ كېتىپ قالىدۇ. ئېنىقراق ئېيتسام، ئەگەرچەندە جىقراق ئىچىپ قويۇپ، خۇدىنى بىلمەي يېتىپ ياكى كېتىپ قالىدىغانلار چىقىپ قالسا، ئۇنداقلارغا دەرھال مېھرىبان ھەمراھ-بولىدۇ-دە، چۆنتەكلىرىنى قېقىشتۇرۇپ قۇرۇقداپ كېتىپ قالىدۇ.

— ھوي، نېمە دەيدىغانسەن ياقۇپ ئاداش؟ — دېدى مۇسا ھەيران بولغان ھالدا چاقچاق قىستۇرۇپ، — سېنىڭ كارامەت ئادەملەر بىلەن بۇرادەرچىلىكىڭ بار جۇمۇ؟! بايا قىسقا كۇرس دېگەندەك گەپلەرنى قىلىۋاتاتتىڭ، ئەمدى باشقىلا بىر گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن، قايسىسى ھېساب؟!

— ھە، شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى ياقۇپجان كۈلۈپ، — سورۇندا بىر ئۇبدان يەنە كېلىپ زىيالىي سۆپەت ئولتۇرغان بىر ئادەمنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈپ، ئون بەش كۈنلۈك توختىتىشتىن قاچان چىقتىڭ، دەيتتىمە-مۇ؟ ئۇ ئوشۇقى ئالچۇ چۈشمەي قالغان چاغلاردا ئون بەش كۈنلۈك، بىر ئايلىق، ئالتە ئايلىق ھەتتا بىر يىللىق كۇرسلارغا قاتنىشىپ قالىدۇ.

— ھە، مۇنداق دېگىن!

— شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە بىلىدىكەنسەن، خىزمە-تىڭنى پەيچۇسوغا يۆتكىۋالدىڭمۇ ياكى ئابدۇللا بىدىك بىلەن شېرىكچىلىك بارمۇ؟ — دەپ گەپ ئۇردى يەنە بىرەيلەن.

بۇ چاقچاقلارغا ئانچىكىلا كۈلۈشۈپ قويدۇق. چۈنكى يوقىرىقى تونۇشتۇرۇش دىققىتىمىزنى قوزغاپ قويغانىدى.

— چاقچىقىڭلارنى قويۇڭلار، بىلمىگەن بولساڭلار بىلىپ قېلىڭلار! — دەپ تەكىتلىدى ياقۇپجان يەنە، — ھازىر ئىشىك ئالدىمىزغا ھەق شەيدۇللا، دەپ كېلىدىغان خەيرىچە-لەر ئازىيىپ قالدى. ئەمما، سورۇنمۇ سورۇن كاززاپلىق قىلىپ يۈرىدىغان، ئەمگەك، ئوقەت خۇشياقمايدىغان، تەييارغا ھەييار ئابدۇللاغا ئوخشاش «مەدەنىيە تىلىك» دىۋانىلەر ۋە قويمىچىلار كۆپىيىپ قالدى، ئەگەر مەن كىرىپ قالمىغان بولسام، — دەپ كۈلدى ياقۇپجان، — ئەتىگەنلىككە بۇ چاغدا ئۆزۈڭلار ھەسەننىڭ قاراڭغۇ قىلىپ بەرگەن ئۆيىدىن سىرتقا چىقالماي «ئارام» ئالغان بولاتتىڭلاردە، كاستۇم-بۇرۇلكاڭلار چاپچال ياكى سۆيدۈڭنىڭ يەكشەنبە بازىرىدا شېرىكلىرى تەرىپىدىن ئېلىشىغا ساتە-سات قىلىناتتى.

ھەممەيلەن، ياپىر خۇدا بىر ساقلاپتۇ-دە، دەپ پېشانىمىزگە ئۇرۇشۇپ كۈلۈشتۇق.

— بىز تېخى ئۇ بۇرادەرنى ماشىنىنىڭ ئالدىغا ھەممىدىن بۇرۇن ئالدىراپ چىقىپ، تويى بولغان يىگىتتەك ئولتۇرغىنىغا قاراپ، ھەسەننىڭ يېقىن قوشنىسى ئوخشايدۇ، دەپتۇق، — دېدىممەن كۈلكەمنى باسالماي.

چاقچاقنىڭ ئۆچىرتى ۋە ياپتىسى بىزگە كېپقالغاندەك قىلاتتى. مىجىت دەرھاللا:

— ھە، نېمىلا دېگەنبىلەن ھەسەن-جاننىڭ ئۇ ھەمتاۋاقۇپ بىلەن ئوقەتچىلىكى بارمۇ تېخى؟ نەدىن بىلىمىز! — دەپ ھۇجۇمغا ئۆتتى.

— شۇنداق، ھەسەنجان بىزنى بىكارغا قاتتىق تۇتماپتىكەن-دە؟! — دېدى لەتىپ چاقچاقنى مەرغۇللىتىپ، — يېقىندا ھەر قايسىمىزنىڭ بىرماشىنىدىن ئۇرۇك ساتقانلىقىمىزنى ئاڭلاپ قاپتىكەن-دە بۇ كاساپەت؟!

— ئەنە شۇنداق بىر يېرى بولغاچقا ئۆيىنى شەھەرنىڭ چېتىگە، يوغان باغنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇۋالغان-دە، — دېدى پەرھات قوشۇلۇپ.

— ئېپىڭ، دىتىڭ بار، جۇمۇ ھەسەن ئاداش، — دېدىممەن چاقچاقنا قىستۇرۇلۇپ، — تاپاۋەت جايىدا ئىكەن-دە!؟

— تاپاۋەتتە چاتاق يوق، — دېدى مۇسا كۈلۈپ ۋە يانپىشىنى كاچاتلاۋېتىپ، — ئاشۇنداق يانچۇقچىلار بىلەن شېرىكچىلىكى بولمىسا، خوتۇندىن بىسوراق پۇل خەجلە-يەلمەيدىغان ھەسناخۇن بۇنچىلىك ئولتۇرۇش قىلالايتتىمۇ؟

ھەسەنمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ مۆلدۈر-
دەك تۆكۈلۈۋاتقان چاقچاق، كۈلكىلەر
ئارىسىدىن تەمشىلىپ-دېۋىنىپ يورۇپ،
ئاران دېگەندە چاقچاقنىڭ ساپىقىغا قول
يەتكۈزدى:

— مۇنۇ ياقۇپ دېگەن ئاداشنى
نەدىن ئارا چاقىرغاندىمەن! قاراپ تۇرۇپ
شېرىكىمدىن ئايرىلىپ قالدىم... بولمىسا،
بۈگۈن ھەر قايسىڭنى بىر قاقلىۋالىدىكەنمەن--
دە، ماۋۇ ئۆيۈمنىڭ چالا قالغان پېشايۋىنىنى
پۈتكۈزۈۋالىدىكەنمەن ئەمەسمۇ! ئەپسۇس،
ئۆزۈمدىن ئۆتۈپتۇ!

ھەسەننىڭ بۇ مەردانە چاقچىقى
ئۇزاقتىن ئۇزاق قاتتىق كۈلكە ھەمدە
قىزغىن چاۋاك، قىقاسلار بىلەن مۇكاپات
تاپتى. چاقچاق چاقچاققا، كۈلكە كۈلكىگە
گىرەلىشىپ، كۆزلەردىن ئىختىيارسىز ياشلار
ئاقتى. مەن ھاياجانلىنىپ قالدىم. ئۆز-ئۆ-
زۈمگە سۆزلىگەچ قولۇمدىكى رومكىنى
كۆتۈرۈۋەتكىنىمنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن:

— ھەي، ئەلى چاقچىقى! سېنىڭ
ھۇزۇرۇڭدىن جانلار يايراپ كېتىدىغۇ!

سەن توي-تۆكۈن، مەشرەپ، باراۋەتلەردە-
كى ھاياجان، شاد-كۈلكىلەرنىڭ قانتىسەن -
دە! رەزىل، پەسكەشلىكلەرنىڭ دېمىنى
چىقارماي ئەدىبىنى بېرىدىغان ئادالەتنىڭ
بىر رەھىمسىز قامچىسى، ئۆتكۈر شەمشىرى
سەن!

كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇستەلگە
كەينچە يۆلەندى ۋە ماڭا قاراپ كۈلۈمسى-
رەپ تۇرۇپ سورىدى:

— ھە، ئاكا، بۇ ئېيتقانلىرىم راستىنلا
كۈلگىدەك ئىشلارمىكەن؟ ھېكايە قىلىشقا
ئەرزىمىدىكەن؟ مېنىڭچە ئەرزىيدۇ! —
چاقچاق ئارىلاشتۇرۇدى-ئۇ، — ئۇنىڭكىم،
قەلەم ھەققىگە مېھمان قىلمىسىڭىزمۇ
مەيلى، مۇشۇ ئىشلارنى ئىبرەت يۈزىسىدىن
بولسىمۇ بىر يېزىپ چىقىڭا! كىتابخانلىرىڭىز
بىلەن ئورتاقلىشىپ قالايلى!

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇمدە، كامىلنىڭ
كەپكىسىنىڭ چېكىلىكىدىن تۇتۇپ تۆۋەنگە
بېسىپ قويدۇم ھەمدە ئالقىنىغا ئالقىنىمنى
ئۇرۇپ، قولىنى قاتتىق قىستىم.

**مەسئۇل مۇھەررىر ئوسمانجان ساۋۇت**

تەلئەت قادىرى

# ئىككى نەسىر

## ئېزىلغان سۆيگۈ

مەن سېنى ئىككىمىزگە تونۇش بولغان ئاشۇ يەردە ئۇزاق ساقلىدىم. بىراق، ئېنىقچە كەلمىدىڭ.

سۆيگۈ تاقەتسىزلىكىدىن مەن ئاخىر سەن تەرەپكە يول ئالدىم...

مانا ئەمدى سېنىڭ مەھەللەڭگە كەلگەندە بىر-بىرىگە ئۇيۇپ كېتىدىغان ئىككى دەرۋازىغا كۆزۈم چۈشتى. قاتتىق ئېگىرقاش ئىلكىدە قالدىم. راستىنى ئېيتسام، ياغاچچى ئۇستامنىڭ مۇشۇنىڭدەك پەرقلەندۈرۈش تەس بولغان بىر خىل دەرۋازىدىن ئىككىنى ياسىغان ھۈنىرىگىمۇ ئاچچىقىم كەلدى.

بىر چاغدا ئۇماققىنا بىر قىز ئۇتلۇق تەبەسسۇم بىلەن دەرۋازىنى ئاچتى. ئاھ، تەڭرى! مەن قايسى دەرۋازىنى چېكىپ قويغاندىمەن. مۇھەببەت ئىلاھىنىڭ ماۋۇ چاقچىقىنى قارىمامدىغان؟

مەن ئېزىلدىم، چۈنكى سەن ئۆيۈڭنى ئېنىق كۆرسىتىپ قويمىغانىدىڭ. سۆيگۈ ئېزىلدى، چۈنكى سەن سۆيگۈنى قەدىرلىمىگەنىدىڭ.

## ئۆز يېرىمنىڭ تۇپىسى

دادامنىڭ كېسىلىنى نامى بار بىر چوڭ دوختۇرخانىدا داۋالاتقان بولساقمۇ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. ئەكسىچە، كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. دادام بولسا كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك ھەدەپ يۇرتىنىڭ تەرىپىنى قىلاتتى. بىز يەنە بىر مەزگىل داۋالىتىش پىكرىنى ئېيتىۋىدۇق:

— ياق ئوغلۇم، — دېدى دادام قەتئىي تەلەپپۇزدا، — مەن بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق ئۆز يۇرتۇمغا بېرىۋالاي. گەرچە ھەممىسى ئاللانىڭ زېمىنى بولسىمۇ. لېكىن،

ئۆز يۇرتۇمنىڭ توپىسىغا ھېچقانداق يەرنىڭ توپىسى ئوخشىمايدۇ. بۇ يەردە قالسام تېنىم ۋە روھىم ئەبەدىي قورۇنىدۇ. ئۆز يېرىڭنىڭ توپىسى دېگەن سۆيگۈ. سەن ئۇنى مەڭگۇ قۇچاقلاپ ياتالايسەن. سەن ئۇنىڭدا ئېرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كېتەلەيسەن. تۇپراقنى ھەممە ئىنسان ئەزىزلەيدۇ، سۆيىدۇ. مەن ئەنە شۇ ۋەتەننىڭ ئەزىز ۋە خاسىيەتلىك تۇپرىقى — توپىسىغا ئايلىنىپ كەتمەكچىمەن.

دادامنىڭ مەردانە، تەسىرلىك سۆزلىرى ۋەتەن مۇھەببىتىنى گويا يۈرىكىمگە قايتىدىن باشلاپ كىرگەندەك، ۋۇجۇدۇم بىرەر سېھىرلىك يالقۇندا كۆيۈۋاتقاندەك، يىراقتا قالغان ۋەتىنىم ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلىپ كەتكەن ئانا ئۆز ئوغلىنى باغرىغا بېسىشقا ئالدىرىغاندەك، ماڭا قۇچاق ئېچىپ تەلمۈرۈۋاتقاندەك، قانداقتۇر بىر غايىۋى كۈچ مېنى شۇ ياققا تارتىۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى-دە، شۇ كۈنلا دادامنى ئېلىپ چەتئەلدىن ۋەتەنگە قايتىش قارارىغا كەلدىم.

مەسئۇل مۇھەررىر يۈلتۈز تىيىپجان

◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆

(بېشى 156-بەتتە)

ئۇ ياش چاقنىغان كۆزلىرىنى ماكسۇتلىغا تىكىپ خۇشاللىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى ۋە يېقىملىق ناز بىلەن ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سالدى.

— مەن ھەممىنى چۈشەندىم، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن، — تىجارەت دېگەن نەرسە سىزگە ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ قويۇپتۇ. دەسلەپ گېپىڭىزدىن چۆچۈپ كەتكەنىدىم. ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ خارۋى، بىز تونۇشقان كەچ سائەت سەككىزدە دوقمۇشتىكى كىچىك چېركاۋدا نىكاھ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بولغان ئەمەسمۇ؟

(«مەشھۇر ئەسەرلەردىن زوقلىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىللىق 5-سانىدىن)

سۇلايمان داۋۇت تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر غېنى مۇھەممەت

پاتىگۈل ياسىن

## ئوقيادەك كىرپىكلەر ئۈستىدە شەبنەم

### قار لىرىكىسى

كىيدۈردى زېمىنغا ئاق شايىدىن تون،
بۈلۈتلار جىسمىدىن تۆكۈپ ئاق چېچەك.
ياساندى تەبىئەت يېڭى كېلىندەك،
تاقىدى دەل-دەرەخ چېچەكتىن بېزەك.

جۇش ئۇردى ھەر ياقتا شادلىق ناۋاسى،
قىزىدى ئۆي-ئۆيدە مەشرەپ ساماسى.
قارلىقلار تاشلاندى خۇددى قار كەبى،
تەراپنى قاپلىدى كۈلكە ساداسى.

دالاغا بەركەت ئېلىپ كەلدى قار،
ھاۋاغا ساپلىق ھەم تەنلەرگە ساقلىق.
كۆكلۈللەر قەسرىنى بېزىدى گۈزەل،
پاكلىق ھەم شادلىقنىڭ سىمۋولى ئاقلىق.

### ئايرىلىش پەيتىدە

قەدەھتە داۋالغۇپ لالىرەڭ شاراب،
جۇپ قارا دېڭىزدا كۆتۈرەر قىيان.
ئوقيادەك كىرپىكلەر ئۈستىدە شەبنەم،
قەلبلەر ھەسرەتتىن كۆتۈرەر ئىسيان.

غەم-قايغۇ تېرىگە پاتمىغان بۇندا،
خۇشاللىق قەپەسكە قىلىنغان مەھكۇم.
ھەرقاراق سۆزلەيدۇ «ئايرىلىش نۇتقى»،
يۈرەكلەر ئېزىلىپ بولار خۇددى قۇم.

ئولتۇرار ھەممەيلەن سۈكۈتتە جىمجىت،
ئامالسىز يۈرەكنى ئىزھارلاشقا تىل.
بىر قىلىنىڭ ئۈستىدە تەۋرەيدۇ يۈرەك،
كۆڭۈللەر شۇنچىلا بولۇپ كەتكەن زىل...

ئۈلۈمنىڭ باغىقى كەلمىسە ئەگەر،
نېسىپتۇر بىزلەرگە مۇلاقەت دىدار!

### قەشقەر

مەۋجۇدلۇقۇم ئۇلى، ئاساسى،
قەلبىمدىكى بەخت خۇداسى.

زىكرى قىلسام نامىڭنى ھەر رەت،
ۋۇجۇدۇمنى بەخت ئورايدۇ.
ھەسرەتلىرىم ئازىيىپ ماڭا
پۈتۈن ئالەم كۈلۈپ قارايدۇ.

سەن غايىۋى جانان سىيماسى،
گۈل ھۆسنۈڭدە قۇياش جۇلاسى.

ئۇزۇن يىللىق تارىخ شاھىدى
شور دالاڭنىڭ چىمدىم توپىسى.
پۇراپ تۇرسا ئۇ ئىپار-زەپەر،
نە ھاجەتتۇر رەنا ئۇپىسى؟!
سەن مېھرىبان ئانام غەمگۇزار،
ئۇز قۇچىقىڭ كۆركەم لالىزار.

دەريايىڭدەك تىنىمسىز خەلقىڭ
ۋۇجۇدىدا تاغدەك ساداقەت.
ئىمىپ ئۆسكەچ مېھىر بۇلىقىڭ،
تومۇرىدا قايناق مۇھەببەت.
قەلبى خۇددى سەھرايىڭدەك كەڭ،
سەن ۋەتەنگە چىرايلىق خال-مەڭ.

### ماس كەلگەندە...

گۈل بەرگىدەك شۇنچە گۈزەل سەھەردە،
باغقا كىردىم ئەركىن سەيلە ئېتەي دەپ.
دىمىغىمغا كىرگەن ئەتىر، ئەنبەردە،
ھۇزۇرلاندىم تېنىم يايراپ ئۇندا زەپ.

باغۋەن بوۋاي بىر تۈپ ئالما تۈۋىدە،
شاخ چاتاشقا جىددىي مەشغۇل بولۇپتۇ.
قىينالسىمۇ شۇندا ئالما دەرىخى،
كۆزى شادلىق ياشلىرىغا تولۇپتۇ.

چاتاپ بولۇپ شاخلىرىنى ئالمىنىڭ،
كەلدى بوۋاي بىر تۈپ ئۆرۈك يېنىغا.
كېسىۋېتىپ ئۇنىڭ بىر تال شېخىنى،
بىر تال نوتا ئۇلاپ قويدى ئورنىغا.

ھەيران بولۇپ كېلىپ ئاستا سورىدىم:
ــ نىچۈن بىرنى كېسىپ، بىرنى ئۇلايسىز.
دەرەخ خالاپ ئۆسۈۋەرسە بولمامدۇ،
نىچۈن نازۇك جانلىرىنى قىينايسىز.

ــ كېسىلگىنى ھارام شاختۇر، بىلسىڭىز،
ئۇلانغىنى مول ھوسۇللۇق ئېسىل سورت.
ھازىر ئازاب تارتقان ئاشۇ دەرەخنىڭ
تارقىلىدۇ داڭقى كېيىن يۇرتمۇ يۇرت...

بۇنى ئاڭلاپ تەئەججۈپتە ئويلاندىم،
دەرەخ شۇنداق يېتىلدىكەن ئارمانغا.
قانداق ياخشى بولار ئىدى بۇ ئالەم،
مۇشۇ ئۇسۇل ماس كەلگەندە ئىنسانغا؟!

ئەخمەتجان ئىسمائىل

## ئابىلىدىكى ئۈچىنچىش

### شاماللار

يولۇڭغا قاراپ يۈردۈم ھەر سەھەردە،
كۆزۈمنىڭ نۇرى ئاقتى كۆرمەي سېنى،
تۇۋا دەي، ئىككەنسەنغۇ يامان بەندە،
شامالىلار ئالداپ قويدى بۈگۈن مېنى.

سەن كەتكەن بىر كۈنلەردە كېلىمەن دەپ،
ھىجرانىنىڭ باغرىنى مەن تىلىمەن دەپ؛
شامالدىن ساڭا خەۋەر بېرىمەن دەپ؛
شامماللار ئالداپ قويدى بۈگۈن مېنى.

كېلىدۇ يارىڭ دېدى، كەلمەس دېسەم،
ياق دېدى ھىجران بىلەن ئۆلمەس دېسەم.
ئامرىقىم ماڭا قاراپ كۈلمەس دېسەم،
شامماللار ئالداپ قويدى بۈگۈن مېنى.

تۈندە كۈت دېدى ماڭا، تۈندە كېلەر،
ساڭا قۇت بەلگە بولغان كۈندە كېلەر.
زەن قويغىن، پەرىگە خاس ئۈندە كېلەر،
شامماللار ئالداپ قويدى بۈگۈن مېنى.

تالاي تۈن كۈتتۈم بىدار تاقىتىم-تاق،
كەلمىدىڭ، بولدى يەنە ئىشىم چاتاق.
سېنىڭسىز نە كېرەكتۇر ئابروي-ئاتاق،
شامماللار ئالداپ قويدى بۈگۈن مېنى.

يىغلىدىم بۈگۈن پۈتكۈل ئەل ئالدىدا،
يېشىمدىن پۈتكەن قىيان-سەل ئالدىدا،
كەلسەڭ بەس، شامماللارنىڭ كەل ئالدىدا،
شامماللار ئالداپ قويدى بۈگۈن مېنى!

## ئاپرېلدىكى ئۇچرىشىش

بۇژغۇنلانغان بۇلاق كۆزىدە
چاقناپ قالار ئاداققى سۆيۈش.

ئۇچرىشىپلا قالىمىز شۇنداق،
شۇۋىرلىشار ھاياجان ئەۋجى.
ياڭراردىكى ئاي شولىسىدا
تىترىگەندەك نازۇك ۋۇجۇدۇڭ،
تىترەپ كېتەر بىپايان يوللار.
چاناقلارغا قونىدۇ دۇنيا،
قانات قاقار بىر توپ ئاق قۇلار.
چىمەنزارلار بوپكېتەر گۈزەل،
كۆل بويىنى قۇچاقلار شادلىق.
ئاستاغىنا پۈكۈپ قەددىنى
ئەپۇ سورار مەندىن جۇدالىق.
تولغىنىدۇ مەجنۇنتال قەددى
يېگىلانغان لىرىك بىر كۈيدە.
جىمى دەملەر قايتىپ ئەسلىگە،
قەدىم يوسۇن قىلار تەنتەنە.
باھاردىكى غۇنچە لىۋىدەك
تاتلىق بولۇپ كېتىدۇ ھايات.
ئۇچرىشىمىز ئاپرېلدا شۇنداق
ئۇچراشقاندەك تاڭ ۋە كائىنات.

ئابدۇلھېكىم مەخسۇم

## ئۆزۈڭنى خىزىر دەپ ئېيتساڭ كۆيەي

ياشىدىڭ قۇم-بوران ئۆركەشلىرىدە،
چاقنىتىپ جىسمىڭدا بىر ئۇلۇغۋار روھ.
پاكلاندى ئاي-قۇياش سەن تۆككەن تەردە،
بوپقالدى مۈشكۈللەر ئالدىڭدا مەجرۇھ.

باشلاندى قەلبىڭدىن ھەر يولنىڭ بېشى،
قىلدىڭ سەن جاپادا مىنۇتلارنى خۇش.
تۆكۈلدى نەچچە رەت بۇلۇتنىڭ يېشى،
تىلەكلەر زېمىنغا پۈتكەندە تاۋۇش.

تاغلاردەك ئېچىلدى سەندىكى زىناق،
يولۇچى سەپەردە يۈرسە بىخەتەر.
يېقىنغا ئايلاندى قولۇڭدا يىراق،
بۇ پاكىت-مۆجىزە، بۇ شانلىق ئەسەر.

ھەر سۇبھى قۇياشتەك بولسەن پەيدا،
زېمىنغا ئىشقىڭدىن سېلىپ پاياندار.
ئۆزۈڭنى خىزىر دەپ ئېيتساڭ كۆپايە،
قاپارغان قولۇڭدا باردۇر ئىمتىياز.

ئابدۇراخمان زۇنۇن

## ھەر تاغدىن تۇغۇلدۇ يېڭى كۈيلەر

جۇپلە شكەن كىرپىكلەرنىڭ سېھرى چەكسىز،
خىياللار مىنگىشىدۇ ئۇپۇقلارغا.
ئۈمىدلەر كېزەر نىجاد ساھىلىنى،
كۆز سېلىپ يېڭى زەپەر-ئۇتۇقلارغا.

جۇپلە شكەن كىرپىكلەرنىڭ سېھرى چەكسىز،
ھەر دىلدا يانار تاغنىڭ ئىستەكلىرى.
تومۇرلار دولقۇندا ياسار قىيان
ئەتكى روھنىڭ يېڭى خىسلەتلىرى.

ئۈمىدنىڭ ئىقبالىغا ئىشەنگەن دىل
غەپلەتنىڭ تۆشكىدە ياتماس زىنھار.
قانائەت كەمىرىنى قىلىپ ۋەيران،
سائادەت نىشانىغا سالار تۇلپار.

سابالار قىيغىتىدۇ تۈنلەر كېزىپ،
ئۇپۇقلار كۆزلىرىدىن ئېلىپ ئۇيقۇ.
تۇغۇلار ھەر تاڭ بىلەن تەبىئەتتە،
گۈللەردە، گىياھلاردا يېڭى تۇيغۇ.

ئۇچىدۇ كاككۇك-تورغاي تاغنى چىللاپ،
يېقىملىق سايرىشىدۇ شۇنچە تاتلىق.
تاڭ يېرىپ چىقىپ قۇياش چېچىپ زىيا،
قۇچىدۇ كائىناتنى بەخت-شادلىق.

ھەر تاغدىن تۇغۇلدۇ يېڭى كۈيلەر،
ھاياتلىق گۈلشىنگە قېتىپ مەنا.
يۇيۇنۇپ شەبنەم ئىچرە ھۆسن تۈزەپ،
كېلىدۇ جامالىنى ئېچىپ رەنا.

كاملجان ھەسەن

## غالىبلىق ناخشىسى

ئالدىدىن ئۆتسەم مېنى ئۇ كۆرمىدى،
ئەگىشىپ يۈرسەم مېنى ئۇ كۆرمىدى.
ناتونۇش ھەممە، تونۇشتەك بىرگە
مۇڭ بىلەن كۈلسەم مېنى ئۇ كۆرمىدى.

بەلكى ئۇ ئازغاندۇ ياكى مەن ساراڭ،
غەم ئارا چۆمسەم مېنى ئۇ كۆرمىدى.
ئالغىنا ئۆتتىن مېنى بېگانە سەن،
تولغىنىپ كۆيسەم مېنى ئۇ كۆرمىدى.
ئۇنتىقمۇ، شەيتانغىمۇ شەنبە بۈگۈن،
شەنبىدەك يېنىسەم مېنى ئۇ كۆرمىدى.

**ھاجى قاۋۇل**

# سەن كەلدىڭ، ئۆزۈمنى سەزدىم ئەرشتە

## گۈزەل پەرىشتە

سەن كەلدىڭ، باشقىچە نۇرلاندى قۇياش،
سەن كەلدىڭ، باشقىچە ئاتتى ھەم بۇ تاڭ.
سەن كەلدىڭ، نەگىدۇر يوقالدى بىردىن
ئازاب بوپ ئورناشقان قەلبىمدىكى چاڭ.

سەن كەلدىڭ، سۆيۈملۈك تۇيۇلدى ھايات،
سەن كەلدىڭ، ئىچمەيمۇ بولدۇم يەنە مەست.
سەن كەلدىڭ، چېھرىڭدىن كۈلكە تامدۇرۇپ،
شېئىر-نەزم پۈتۈشكە قوزغىتىپ ھەۋەس.

سەن كەلدىڭ، ئەسلەندى شۇ قوۋناق دەملەر،
سەن كەلدىڭ، يۈز ئاچتى گۈزەل كېلىچەك.
سەن كەلدىڭ، پەرىلىك سۈلكىتى بىلەن
قويۇلدى بەختباشلىق كۆڭلۈمگە چەك.

سەن كەلدىڭ، چۈش كۆردۈم تاتلىق ۋە تاتلىق،
سەن كەلدىڭ، ئۆزۈمنى سەزدىم ئەرشتە.
ئويلايمەن قاچانمۇ رەيھانگۈل بولۇپ،
ئۈنەرسەن كۆلبەمدە گۈزەل پەرىشتە؟

## پۇشايمان

سەن شەيتانغا بۇزرۇكۋار ئانا،
خۇنۇك دەملەر ئارا كۆز ئاچقان.
قورقۇنچلۇق ئەپت-بەشىرەڭ
كېزىپ يۈرەر ھەر يەردە ھامان.

كەچمىشلىرىڭ كۆڭۈلسىز قەۋەت،
ساۋىقىڭدا پاكلىنار ئىمان.
تاڭلا كۈندە بەخت قۇچىدۇ
سېنى ئىبرەت قىلغان ھەر ئىنسان.

**ئۆمەرجان مۇھەممىدى**

# پەسىلسىز مۇھەببەت

### ئۈچىنچىسى...

ئەنجۈرلۈك شۇ باغلىرىڭ ئىچرە
مېنىڭ تەنھا ئىزلىرىم قالدى.
سىردىشىشقا بولمىغاچ پۇرسەت،
دىلدا تالاي سۆزلىرىم قالدى.

سالامىڭدا شۇ ئىزلىرىڭنى
قىنىپ-قىنىپ پۇرىدىم دەپسەن.
گۈل-چېچەكتىن شۇ سۆزلىرىڭنى
يىنىپ-يىنىپ سورىدىم دەپسەن.

شۇ قۇرلاردىن يايرىدى دىلىم،
شۇنداقتىمۇ بار يەنە تەشۋىش.
بىغىڭدىكى ئاياغ ئىزىمنى
پۇراش بىلەن ئاقمايدۇ-دە ئىش.

ئۇ ئىزلارنىڭ ئۆمرىدۇر چەكلىك،
يۇتۇپ كېتەر بەڭباش شامالار.
سۆزلىرىمنى ئاڭلىيالمايسەن،
بىزۇۋان-دە گۈل-چېچەك تاللار.

يايرار دىلىم مەڭگۈ بىتەشۋىش
ساقلىساڭلا ھىجران دېغىدىن.
ئۆچمىسلا سۆيگۈمنىڭ ئىزى،
ئاھ، ئەزىزىم كۆڭلۈڭ بېغىدىن.

## ئىلتىجا

تاشلاپ مېنى ھىجران چۆلگە،
ئاھ، ئەزىزىم قىلما قارامىلىق.
كۆز تەگمىسۇن سۆيگۈ گۈلگە،
تەشنا دىلغا بەرگىن ئارامىلىق.

تەشنا دىلغا بەرگىن ئارامىلىق
ۋەدىلەرنى ئىلىپ قوي ئەسكە.

قىلمىغانتىم ساڭا يامانلىق،
ئايلانمىسۇن ئەقىدەم خەسكە.

ئايلانمىسۇن ئەقىدەم خەسكە،
(يەم بولمىسۇن ۋىجدان ھەۋەسكە.)
ۋىسال قۇچاق ئاچقانتى قاچان
سۆيگۈگە چىن سادىق ئەمەسكە؟!

غوجا مۇھەممەت مۇھەممەت

## سەھرا گۈزىلى

ناھايەت سەن يىراق خىلۋەت ئۇ جايدا
ئاقسەن جاھانغا مىسرالىرىمدا.
قاپقارا چۇمپەردە — تاڭ ئاتماس بىر تۈن
يوشۇرغان ھۆسنۈڭنى قات-قات باغرىغا.

سۇبھىنىڭ كۆكسىدە ئوقارسەن ناماز،
ئۇسمىنىڭ بەرگىدە ئۇخلار قاشلىرىڭ.

روھلارنى چاتىدۇ قىرىق ئارقاندەك
قىرىق تال ئۆرۈلگەن سۇمبۇل چاچلىرىڭ.

ئىزلىرىڭ زېمىنغا بەرگەن سەدىقەڭ،
ئابىدە تىكلىدىڭ ئىشقتىن كۆڭلۈمگە.
شوخ كۈلكە قاپلىغان كۆزۈڭنى كۆرسەم
قېتىلغاي مىڭ ھاتەم ئۆمرى ئۆمرۈمگە...

بوۋاقى

# سەن كېمەمگە ئۇلتۇر، ئانىجان

سەن كېمەمگە ئۇلتۇر ئانىجان،
سېھۇتىمدە گۈلۈم بار، پۇرا.
سېنى كۆرۈپ شادلانسۇن ئوكيان،
ئوت مېھرىڭدە پاكلانسۇن دۇنيا.

مەيۈسلەنمە، شادلانما، كۈلمە،
يۇمۇۋالغىن كۆزۈڭنى بىردەم.
سۆيۈۋالسۇن يۈزۈڭگە قۇياش،
سەن كېمەمدە ئۇخلاۋەر بىغەم.

سۇ كۆلبىسى — تەبىئەت شاھى،
يەر-زېمىننى يۇيۇندۇرغان كۆل.
دەرد چەكمىسۇن پاك سۇ ئىلاھى،
چەيلەنمىسۇن سېھۇەتتىكى گۈل.

يېشىل يېشىن تۆككۈچە بۇلۇت،
پەرىشتىلەر كەلگۈچە يېتىپ؛
بىلدۈرگۈچە تەگرى ئېھتىرام،
ئارام ئالغىن كېمەمدە يېتىپ.

ناخشىسىنى تووۇلسۇن دالا،
كۈيلىرىنى ياڭراتسۇن تاغلار.
بۇلبۇللارمۇ ياڭراتسۇن ناۋا،
تىنچلانسۇن چۇقانلىق باغلار.

بۆشۈكلەرگە چىۋىنلار قونۇپ،
بوۋاقلارغا يەتمىسۇن مالال.
جىمجىت ئۇخلا ئانا كېمەمدە،
كۆرۈۋالسۇن سېنى ئاي ھىلال.

يېقىنلىشاي يېشىل قىرغاققا،
پەيدا قىلسۇن چىغىر يول دولقۇن.
رەنجىمە، ئەي مەئبۇدەم ئانا،
بۇ مۇساپە شۇ قەدەر ئۇزۇن.

**بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى مامۇت زايىت، ئوسمانجان ساۋۇت**

قه ييۇم تۇردى

# نۇتۇق ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 54 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى)

يولداشلار، دوستلار:

يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ناملىق شانلىق ئەسىرى ئېلان قىلىنغانلىقىغا بۈگۈن 54 يىل بولدى. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان نۇتۇق ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيە خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك ھۆججەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئېلىمىزنىڭ جاھانگىرلىك، فېئودالىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمغا قارشى تارىخىي كۈرەشلىرى جەريانىدا، شۇنداقلا دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىشتا ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتكۈل ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ توغرا نىشانغا ئىگە بولۇپ، ساغلام تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن پۇختا ئىدىيىۋى ئاساس ياراتتى، غايەت زور ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى، چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى.

نۇتۇقتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە ئەتراپلىق شەرھلەنگەن ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن تۇرمۇش، ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن خەلق، ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن دەۋر ۋە سىياسىي؛ مەدھىيلەش بىلەن پاش قىلىش، مەزمۇن بىلەن شەكىل، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىش، ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئۆستۈرۈش، دۇنيا قاراش بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەت، ئىجادىيەت قىزغىنلىقى بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھەم يازغۇچى-سەنئەتكارلارنىڭ تۇرمۇشقا چۆكۈشى ھەققىدىكى بىر قاتار بايان ۋە ئىلمىي ھۆكۈملەر ئۆتكەن تارىخىي دەۋر رېئاللىقى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك بولۇپلا

قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ھازىرقى يېڭى دەۋر رېئاللىقى ۋە يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى خەلقنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ توغرا نىشانغا ئىگە بولۇپ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللەپ-ياشنىشى ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا رېئال ئەھمىيەتكە، چوڭقۇر يېتەكچىلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە.

ئۆتكەن 40 يىل مابەينىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرى، نۇتۇقنىڭ بىۋاسىتە ئىدىيىۋى يېتەكچىلىكىدە، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، خەلقنىڭ ئارزۇسى ۋە ئىرادىسىنى نامايان قىلىشقا تىرىشىپ، ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، كۆپ خىللىشىپ، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىدىغان، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايرايدىغان جۇشقۇن تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۈگۈنكى كۈندە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەخمىنەن يۈز مىڭ كىشىلىكتىن كۆپرەك كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ۋە ھەۋەسكارلىرىدىن تەركىب تاپقان زور قوشۇن شەھەر-يېزا، زاۋۇت-كان ۋە مەكتەپلەردە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش، ھەرمىللەت خەلقنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى تۇرمۇشىغا شادلىق بېغىشلاش بىلەن شۇغۇللانماقتا. بۇ تارىختا كەم كۆرۈلگەن زور ئۆزگىرىش.

نۆۋەتتە، بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز تەرەققىيات ۋە گۈللىنىش جەريانىدا يەنە بەزى يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. ئالايلۇق، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىنىۋاتقان تارىخىي دەۋردە، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدە دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامى يەنى دەۋرنىڭ باش تېمىسى مەۋجۇتمۇ، يوق؟ توغرا غايە، توغرا ئېتىقاد، توغرا دۇنيا قاراش ۋە توغرا تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشنى تەكىتلەش ۋە ئىپادىلەشتە چىڭ تۇرۇش كېرەكمۇ، يوق؟ ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزم ۋە سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي تېمىنى نۇرلاندۇرۇشنىڭ يەنە زۆرۈرىيىتى بارمۇ، يوق؟ دېگەنگە ئوخشاش مۇھىم مەسىلىلەر يەنە يېڭىباشتىن ئالدىمىزغا قويۇلماقتا. يېقىندا يولداش جياڭ زېمىن بۇ مەسىلىنى شەرھلەپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا «ئومۇمەن ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىمىز خەلقنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇشى، كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىشى، خەلقنىڭ ئالىيجاناب ئىرادىسىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە چېنىقتۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم، شۇنداقلا ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا خەلققە شاد-خۇراملىق بېغىشلىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. بۇ، زامانىۋىلاشتۇ-رۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتتە ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ توغرا يېتەكچى ئىدىيىسى، ئەلۋەتتە.

ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ مەنبەسى — ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى — ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى بىلىش، چۈشىنىشنىڭ بىر خىل

شەكلى؛ گۈزەللىك قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ گۈزەللىك يارىتىش، ئېستېتىكىلىق ئۆلچەم بويىچە ئېستېتىكىلىق قىممەت يارىتىش — ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئومۇملۇقنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە شەيئىنىڭ ماھىيىتى بىلەن قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىش — ھەرقانداق بىر سەنئەت تۈرىنىڭ ئورتاق مەقسىتى ۋە ئالىيجاناب بۇرچى. بىز جەزمەن ئوڭ، سولدىن كەلگەن خاھىشلارنىڭ يامان تەسىرىگە قارىتا ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىجادىيەت قانۇنىيىتى، تاللاش، ئىپادىلەش، تىپىكلەشتۈرۈش قانۇنىيىتى، يۇقىرى سەۋىيە يارىتىپ نۇرلاندۇرۇش قانۇنىيىتى، ئېستېتىك قىممەت ۋە بىلىش قىممىتى يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە، ھازىرقى رېئاللىققا مۇناسىۋەتلىك چوڭ، ئاساسىي تېمىلار ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت سېپىمىزدىكى ئۈمىد-ئىستىقباللىق ياشلار ۋە تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش، قوللاش-يېتەكلەش ۋە پېشقەدەملەرنى ھۆرمەتلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىدە يېڭى مەنزىرە، يېڭى سەۋىيە يارىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

يولداشلار، دوستلار:

مەن بۈگۈنكى بۇ داغدۇغىلىق خاتىرىلەش يىغىنى پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ھازىر كۆپچىلىككە بىر ئالاھىدە خۇش خەۋەر يەتكۈزىمەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتى يېقىندا ئاخىرلاشتى. بۇ پائالىيەت جەريانىدا 40 يىلدىن بۇيان ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تۆھپىسى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولغان بەش نەپەر پېشقەدەم يازغۇچى ۋە ئىدىيىۋىلىكى ساغلام، بەدىئىيلىكى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان 40 يەككە توپلام-كىتاب باھالاپ چىقىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى ئارقىسىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۆتكەن يىل سېنتەبىردە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاشنى قارار قىلغانىدۇق. بۇ قېتىمقى باھالاشقا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يازغۇچىلار 1990-يىل 1-يانۋاردىن 1995-يىل 30-سېنتەبىرگىچە دۆلەت، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت-ئوبلاست دەرىجىلىك نەشرىياتلاردا ئاشكارا ئېلان قىلىنغان رومان، ھېكايە-پوۋېستلار توپلىمى، شېئىرلار توپلىمى، ئەدەبىي ئاخبارات توپلىمى، ئوبزورلار توپلىمى، نەسىرلەر توپلىمى، باللار ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەر توپلىمى، كىنو-تېلېۋىزىيە سىنارىيىسى توپلاملىرى قاتناشتۇرۇلدى. بۇ ئىشقا مۇتەخەسسىس ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل كىشىلەردىن تەشكىل قىلىنغان 21 كىشىلىك باھالاپ مۇكاپاتلاش ھەيئىتى بىۋاسىتە يېتەكچىلىك

قىلدى. باھالاش خىزمىتى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. بىرىنچى باسقۇچتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك نەشرىيات-مەتبۇئات ئورۇنلىرىغا، ۋىلايەت، ناھىيە، كان-كارخانىلاردىكى ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرى، يازغۇچىلار جەمئىيەتلىرىگە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ كەڭ تۈردە پىكىر ئېلىنىپ، ئۇلار ۋە ئاپتورلار ئۆزلىرى كۆرسەتكەن ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، خۇيزۇ، شىبە ۋە جۇڭزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ يازغۇچىلىرى ئىجاد قىلغان ۋە نەشر قىلىنغان 237 كىتاب-توپلام ھەممە باھالاش پىكرلىرى تاپشۇرۇۋېلىندى. ئىككىنچى باسقۇچتا، باھالاپ مۇكاپاتلاش ھەيئىتى قارىمىقىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل ۋە قىرغىز تىللىرى بويىچە بەش باھالاش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، باھالىنىدىغان ئەسەرلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە تاللاپ كۆرسىتىش خىزمىتى ئىشلەندى. بۇ بەش گۇرۇپپىدىكى بىرقانچە ئون مۇتەخەسسىس-باھالىغۇچى 200 نەچچە كىتابنى تىللار ئايرىمىسى بويىچە كۆرۈپ چىقتى. بەلگىلەنگەن ئۆلچەم ۋە تەلەپ بويىچە تاللاشتىن ئۆتكۈزۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە 40 ئەسەرنى باھالاپ چىقتى. ئۈچىنچى باسقۇچتا، باھالاپ مۇكاپاتلاش ھەيئىتى مەخسۇس باھالاپ تاللاپ بېكىتىش يىغىنى چاقىرىپ، باھالاش گۇرۇپپىلىرىنىڭ دەسلەپكى باھالاش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتلىرىنى ئاڭلىدى ۋە مۇھاكىمە ئارقىلىق قىسمەن تەكشەش-ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە تۆھپىسى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولغان، يۇقىرى ئىززەت-ئابرويغا ئىگە بەش نەپەر پېشقەدەم يازغۇچى ۋە مەزمۇنى ساغلام، بەدىئىي سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى ۋە سېلىشتۇرۇش-تاللاش جەريانىدا نىسبەتەن كۆپرەك ئاۋازغا ئېرىشكەن 40 ئەسەر تاللاپ بېكىتىلدى.

ئومۇمەن، بۇ قېتىمقى باھالاش نەتىجىلىك ئاياغلاشتى. كۆپچىلىك بۇ ئىشقا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى، ئادىل بولۇشقا تىرىشتى، ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئالغا بېسىشنى كۆزدە تۇتتى. ئىتتىپاقلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشكە تىرىشتى. بىز ئىشىنىمىزكى، بۇ بىر باشلىنىش. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا كۈچلۈك تۈرتكىلىك ۋە ئىلھاملاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغۇسى.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا شەرەپ مۇكاپاتى ۋە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاپتورلارنى مۇكاپاتلاش توغرىسىدا قارار

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن يولغا قويۇلغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتى 1995-يىل سېنتەبىردىن 1996-يىل مايغىچە كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىش ۋە ئەستايىدىل باھالاش ئارقىلىق دەسلەپكى باھالاش خىزمىتىنى ئاياغلاشتۇرغانىدى. يېقىندا باھالاپ مۇكاپاتلاش ھەيئىتى يىغىن ئېچىپ، ئاخىرقى قېتىم باھالاپ بېكىتتى. بۇنىڭدا بەش نەپەر يازغۇچى شەرەپ مۇكاپاتىغا، 40 ئەسەر مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بىرقەدەر يۇقىرى سىياسىي ۋە بەدىئىي سەۋىيە يارىتىلغان، ئاساسىي مۇقام گەۋدىلەندۈرۈلگەن، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى رېئال تۇرمۇشى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ ئەسەرلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە ئاكتىپ تۆھپە قوشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتى بۇ قېتىمقى باھالاشتا تاللاپ چىقىلغان 40 مۇنەۋۋەر ئەسەر ۋە ئۇنىڭ ئاپتورلىرىنى، شۇنداقلا ئۇزۇندىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىدا تۆھپىسى زور بولغان بەش يازغۇچىنى مۇكاپاتلاشنى قارار قىلدى. يازغۇچىلىرىمىزنىڭ يەنىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، دەۋرىمىزگە مۇناسىپ تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى يەنىمۇ يۈكسەك نىشانغا قاراپ يېتەكلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى

1996-يىل، 21-ماي

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش مۇكاپاتلاشتا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئاپتورلار ۋە ئەسەرلەر

**شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاپتورلار:**

ليۇشاۋۋۇ، ۋاڭ يۈيخۇ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، قەييۇم تۇردى، ئومارغازى ئايتان

**مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەر:**

«ئاتا» (رومان) زوردۇن سابىر
«مەھمۇد قەشقىرى» (رومان) پەرھات جىلان
«قىساس» (رومان) قاھار جېلىل
«ھايات شۇنداق» (رومان) ئەخەت تۇردى
«ئەلجاۋ كۈنبىي» (رومان) سۇلتان جانبولاتوۋ (قازاق)
«تاڭ ئالدىدا» (رومان) كەنزەي (موڭغۇل)
«ئۆچمەس نام» (رومان) گوجىنەن (شىبە)
«ئۆلۈككە خەت» (ھېكايىلەر توپلىمى) مەمتىمىن ھوشۇر
«يىغلىما قىز» (پوۋېستلار توپلىمى) ئالىمجان ئىسمائىل
«شەھلا كۆز» (ھېكايە-پوۋېستلار توپلىمى) نۇرمەھەممەت توختى
«قانلىق قۇم» (ھېكايە-پوۋېستلار توپلىمى) يىن دېچاۋ (خەنزۇ)
«ئۆلۈكلەر شەھرىگە زىيارەت» (ھېكايە-پوۋېستلار توپلىمى) جاۋگۇاڭمىڭ (خەنزۇ)
«ئىسسىق مۇز» (ھېكايە-پوۋېستلار توپلىمى) يۈي شياڭمىڭ (خەنزۇ)
«كۆلگە ئايلانغان كېپىنەك» (ھېكايە-پوۋېستلار توپلىمى) خۇئېرفۇ (خەنزۇ)
«قۇياش قەلبىمدە» (ھېكايە-پوۋېستلار توپلىمى) ئەبدەنباي باجاي (قازاق)
«بۆركۈت» (ھېكايە-پوۋېستلار توپلىمى) غاپپار بىلال (قازاق)
«بۆشۈك» (ھېكايە-پوۋېستلار توپلىمى) تۇرسىنالى ئېرىسكەلدى (قازاق)
«جۇڭغار دالاسىدا» (رومان) ئېرىسبېك ئابىقان (قىرغىز)
«شۇۋرغانلىق داۋان ناخشىسى» (ھېكايە-پوۋېستلار توپلىمى) دو. نەدە (موڭغۇل)

« جۇتاۋ نەسرلىرىدىن تاللانما » (نەسرلەر توپلىمى) جۇتاۋ (خەنزۇ)
« باھار تىنىقى » (نەسرلەر توپلىمى) ئەخمەت ئىمىن
« ئانار » (كىنو-تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرى توپلىمى) ئەن دىڭيى (خەنزۇ)
« ئەللەي تەبىئەت » (باللار ئەدەبىياتى توپلىمى) ئابلىكىم ھەسەن
« مەسەللەر » (باللار مەسەللىرى توپلىمى) ئەخەت ھاشىم
« ئۇ نېمە » (باللار تېپىشماقلىرى توپلىمى) توختاش بەكرى
« گۈلگۈن دالالار » (شېئىرلار توپلىمى) ئىمىن ئەخمىدى
« قىز قەلئەسى » (شېئىرلار توپلىمى) بوغدا ئابدۇللا
« سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا » (شېئىرلار توپلىمى) ئادىلجان تۇنىياز
« شى خې ھەجۋىي شېئىرلىرىدىن تاللانما » (شېئىرلار توپلىمى) شى خې (خەنزۇ)
« مۇھەببەت لىرىكىلىرى » (شېئىرلار توپلىمى) ياڭ يۈي (خەنزۇ)
« غەرىبي دىيار ناۋاسى » (شېئىرلار توپلىمى) چېن يۈيشىڭ (خەنزۇ)
« غول تۆمۈر » (شېئىرلار توپلىمى) بىردىبېك قۇرجىقايۇۋ (قازاق)
« ئىككى بېكەت » (شېئىرلار توپلىمى) جاناتقان (قازاق)
« كۆكۆل چېچەكلىرى » (شېئىرلار توپلىمى) خۇاڭ يى (جۇاڭزۇ)
« غايىب نۇر » (شېئىرلار توپلىمى) شى گې (خۇيزۇ)
« قانلىق ئىز » (داستانلار توپلىمى) جۇماقادىر (قىرغىز)
« ئەدەبىيات ۋە دەۋر » (ئوبزورلار توپلىمى) مەھەممەت پولات
« زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە » (ئوبزورلار توپلىمى) ئابدۇللا مەتقۇربان
« ھېكايە-رومانلاردىكى بايان شەكلى ھەققىدە (ئوبزورلار توپلىمى) سەي يۈيجۇ (خەنزۇ)
« ئاياللار ئەدەبىياتى ۋە ئېستېتىكا » (ئوبزورلار توپلىمى)رېن يىمىڭ (خەنزۇ، ئايال)

**پەرىدە مالىك تەييارلىغان**




## خاتىرە ۋە ئەسلىمە

**مەھەممەت شاۋۇدۇن**

# كۆكتۇل ئېكرانىدىكى سۈرەتلەر

**باھار ئاشىقى**

بېيجىڭنىڭ 1979-يىلىدىكى فېۋرال ئېيى. بۇ، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىنى يېڭىلا ئېچىلغان؛ ئۇزاق داۋام قىلغان بۇرۇختۇملۇقتىن كەڭ-ئازادىلىككە چىقىپ، باھارنىڭ ساپ ھاۋاسىغا ئېرىشكەندەك ھايات بۈلەكچە جانلانغان؛ ئىدىيە تاڭلىرى سوزۇلۇپ، كىشىلەردە يېڭىچە قاراش، جۈرئەت پەيدا بولۇشقا باشلىغان؛ پايتەخت بېيجىڭدا قار-مۇزلارنى ئېرىتىدىغان باھار شاماللىرى غۇرقىراپ، يېڭى بىر كۆكلەمنىڭ تىنىقى كېلىشكە باشلىغان چاغ ئىدى. بىز مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ تەكلىپى بىلەن بېيجىڭغا كېلىپ، «تىيەنئەنمېن شېئىرلىرى» نى تەرجىمە قىلىۋاتاتتۇق. كونكرېت ئىشلىرىمىزغا




شائىر ئابدۇكېرىم خوجا مەسئۇل ئىدى. ئۇ تولىمۇ قىزغىن، روھلۇق، خۇش خۇي ئىدى. ئىشلىگەن ۋاقىتىدا خىزمەتكە باشچىلاپ كىرىپ كەتكەندەك كۆنلەپ-كۆنلەپ مىدىر-سىدىر قىلماي بېسىپ ئولتۇرۇپ ئىشلەيتتى. بوش ۋاقىتلاردا قىزىق-قىزىق گەپلەر بىلەن ھەممىزنى كۈلدۈرەتتى. بەزىدە ئايرىم ئولتۇرۇپ ئۇزاقىچە پاراڭلىشىپ قالاتتۇق.

— شۇنداق قىلىپ يەنە خوجايۇپ بولدۇق دەڭ، — دېدىم مەن بېيجىڭغا بېرىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىپ قېلىپ.

— شۇنداق دەڭگا، — دېدى ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپ، — شۇ چاغلارمۇ ئۆتۈپ كەتتى-ھە، — ئۇ تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ، ئۇنتۇلغۇسىز ئاچچىق كەچۈرمىشنى ئېسىگە ئالغاندەك، ئىختىيارسىز ئېغىر بىر تىنىپ قويدى.

شۇ چاغدا كۆكتۇل ئېكرانىمدا يالت قىلىپ بىر سۈرەت پەيدا بولدى.

1967-يىل كۈز. ئۈرۈمچىدە ئەلەم كۆرنىشى ئەۋجىگە چىقىپ، ھەممە يەرنى ئەنسىزلىك قاپلىغان. گۈگۈم ۋاقتى. مەن ئەنلىياڭ تەرەپتىن تۆۋەنگە قاراپ كېتىپ باراتتىم. ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىمدە ئابدۇكېرىم خوجا ئالدىمغا ئۇچرىدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلانغاندىن بۇيان مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىبېشى كۆرۈمسىز، جۇدەپ ياڭاق سۆڭەكلىرى تومپىيىپ چىققان، چىرايى تولىمۇ سولغۇن ۋە ھارغىن كۆرۈنەتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ سالاملاشقاندىن كېيىن ئەھۋال سورىدىم:

— قانداق ئابدۇكېرىمكا ئەھۋالىڭىز؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— ۋاي ئۇكام، نېمە ئىش قىلاتتۇق، — دېدى ئۇ سوزۇپراق تەلەپپۇز قىلىپ ئېغىر تىنىپ، — تامچىلىق قىلىپ ئوچاق-خوچاڭ سېلىۋاتىمىز. بۇرۇن خوجايۇپ بولغان، ھازىر خوچاڭيۇپ بولدۇق، — ئۇ بۇ گەپنى دېگەندە مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىدە ئىنتايىن ئاچچىق كىنايە بار ئىدى، — ھەرھالدا كۆرەش، پېپەن ئازابىدىن بۇ ئىشمۇ بىرئاز ياخشىكەن...

پارىڭىمىز ئۇزۇنغا بارمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنلىياڭدا ئولتۇرىدىغانلىقىنى (ئۇ بۇرۇنقى ئۆيىدىن ئەنلىياڭغا كۆچۈرۈۋېتىلگەن)، ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتقانلىقىنى ئېيتىپ مەن بىلەن خوشلىشىپ، ئەنلىياڭ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىدىم. ئۇ خۇددى ئۈستىدە مىڭ جىڭ ئېغىر يۈك باردەك ياكى ھېرىپ ماجالى قالمىغان كىشىدەك ئېغىر قەدەملەر بىلەن كېتىپ باراتتى. ئۇ گۈگۈمدا كۆزدىن غايىب بولغانغا قەدەر قاراپ تۇرغىنىمنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قاپتىمەن...

ئابدۇكېرىم خوجا شۇ كۈنلەردە بۆلەكچە جانلىنىپ، يېڭى باھار ھەققىدە بىرمۇنچە ياخشى شېئىرلارنى يازغانىدى. ئۇنى باھارنىڭ ئاشىقى، باھارنىڭ كۆيچىسى-غەزەلخانى دېسە ئەرزىيتى. ئۇنىڭ باھار ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ ئىچىدە «باھار ناخشىسى» دېگەن شېئىرى شۇ چاغدا ئاشۇ تېمىدا يېزىلغان شېئىرلارنىڭ ئىچىدە مەزمۇنىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى، پىكرىنىڭ يېڭىلىقى، ھېسسىياتقا بايلىقى ۋە ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئالاھىدە تەسىر قوزغاپ، نۇرغۇن كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. ئاپتور بۇ شېئىرى بىلەن قوشۇپ 1978-يىل 13-ئىيۇن كۈنى بېيجىڭدىن ماڭا بىر خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ كۆڭۈل سىرلىرىنى ئىزھار قىلغان. بۇ خەتتە مۇنداق گەپلەر بار ئىدى: «ئۇكام مەمەت شاۋۇدۇن، ئالدىڭىزدا تۇرغان بۇ شېئىرىمنى ئوقۇپ بولغۇچە زېرىكىپمۇ قالارسىز. دېمىسەممۇ بۇ شېئىر سەل چۇۋالچاقراق، كالاڭپايراق يېزىلىپ قالدى. ھەرقانچە كۈچەپ كۆرسەممۇ قۇربىمنىڭ يەتكەن يېرى شۇنچىلىكلا بولدى. جۇۋازدا قانچىلىك دان بولسا، شۇنچىلىك ياغ چىققىنىدەك، توپلىغان تۇرمۇش مەبلىغىم ۋە شۇ مەبلەغنى خەجلەيدىغان ئەقىل-پاراسىتىم، پەم-ماھارىتىممۇ شۇنچىلىكلا بولغاندىكىن، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولۇپ چىقماقچى دەيسىز! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئون نەچچە يىل تاشلىۋەتكەن قەلەم مەندىن

قانچىلىك ياتسىرىسا، مەنمۇ قەلەمدىن شۇنچە ياتسىراپ قاپتىمەن. ئىست، ئون نەچچە يىل بىكار ئۆتكەن كۈنلىرىمگە ئەجەبمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ!»

شۇ مەزگىللەردە نۇرغۇن ئەدىبلەر قەلەمدىن بىزار، خەلق ئەدىبكە زار بولغان. ئابدۇكېرىم خوجا ئاشۇ مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى ھۆكۈم سۈرگەن ئېغىر يىللاردا تارتقان جەبرۇ جاپاسى، دەرد-ئەلەملىرىنى، مىڭ قېتىم لېۋىنى چىشلەپ، خەپ، ئىككىنچى قولۇمغا قەلەم ئالماسمەن، دەپ قىلغان ئاچچىق قەسەملىرىنىمۇ ئۇنتۇپ، ۋەتەنگە، خەلققە بولغان قىزغىن مۇھەببەت، ساداقەت ۋە ئەقىدە-ئىخلاس بىلەن يەنە قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئىجادىيەتكە كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ «باھار ناخشىسى» دېگەن شېئىرىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازغان:

بەردى قەلىمىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ،
ھەپسىدىن پىكرۇ ئويۇمنى قۇتقۇزۇپ.

تۆكتى گۈللەر بەرگىگە ئابىھايات،
قىلدى بۇلبۇللارنى قەپەستىن ئازاد.

قاقتى بۇلبۇل باغ ئارا ئەركىن قانات،
تىلىدىن تۆكۈپ شېكەر-ئابىناۋات.

چاپتى قەغەزدە قەلەم تۇلپار بولۇپ،
ئۇچتى ئوي-پىكرىم گويا شۇڭقار بولۇپ.

نەزمە پۈتتۈم، بولدى قەلەم كىرپىكىم،
يەتكۈدەك بولدى سىياھ شادلىق يېشىم.

شۇڭا بار ئاۋاز بىلەن توۋلاپ بۈگۈن،
ناخشا ئېيتتىم ياڭرىتىپ باھار ئۈچۈن!

(«باھار يامغۇرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ 105-، 106-بېتىدىن)

ھەقىقەتەن ئۇنىڭ قەلىمىنىڭ يېڭى باھارى، ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى ھاياتى باشلانغانىدى. ئۇنىڭ ئىلھامى جۇش ئۇرۇپ، يېڭى-يېڭى شېئىرلار فونتاندەك ئېتىلىپ چىقماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بىرنەچچە شېئىرى پايتەختتە چىقىدىغان گېزىت-ژۇرناللاردا ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «باھار ناخشىسى» دېگەن شېئىرى مەملىكەت بويىچە ئەڭ نوپۇزلۇق ئەدەبىي ژۇرنال بولغان «خەلق ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. خەنزۇ كىتابخانلار ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ تونۇش ئىسمىنى، شېئىرلىرىنى قايتا كۆرۈپ سۆيۈندى، بەزى خەنزۇ دوستلىرى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ تەبرىكلىدى. ئۇنىڭ نامى يەنە پۈتۈن بېيجىڭغا، پۈتۈن مەملىكەتكە تارالدى.

بىر كۈنى بىز ئىشلەۋاتقان ئىشخانىغا باشقا كىيىدىغان باشلىقى بار ئۇزۇن كۆك خادانى پاختىلىق چاپان كىيگەن ئېگىز بويلۇق بىر خەنزۇ يولداش ئابدۇكېرىم خوجىنى ئىزدەپ كەلدى. ئابدۇكېرىم خوجا ئۇ كىشى بىلەن قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئىشخانىنىڭ جىمجىتلىقىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، ئۇ كىشىنى ياندىكى بىر ئىشخانىغا باشلاپ چىقىپ كەتتى. بىركەمدە مەن ئۇ ئىشخانىغا كىرسەم ئىككىيلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋېتىپتۇ. ئابدۇكېرىم خوجا

دەرھال مېنى ئۇ كىشىگە، ئۇنى ماڭا تونۇشتۇردى. ئۇ بۇرۇن شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا خىزمەت قىلغان، شۇ چاغدا «خەلق ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا تەھرىرلىك قىلىدىغان لوياڭ دېگەن كىشى ئىكەن. لوياڭ ئابدۇكېرىم خوجىغا شېئىر ئۇيۇشتۇرغىلى كەلگەنىكەن. ئۇ «خەلق ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى باشلىقىنىڭ سالامىنى ۋە تەكلىپىنى ئابدۇكېرىم خوجىغا يەتكۈزۈپ، شېئىر يېزىپ بېرىشىنى قايتا-قايتا تاپىلىدى.

## ئۇنىڭ كۆڭلى

— ئۇكام، جورۇڭخە، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى. ئۆي تامىقى سېغىنىپ قالغانسىز، گەۋھەرىيە ھەدىڭىز بىر لەغمەن ئېتىپ بەرسۇن، — ئابدۇكېرىم خوجا بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈشكە يېقىن ماڭا شۇنداق دېدى. مەن تەكەللۇپسىزلا ماقۇل بولدۇم. بىز ئاپتوبۇس بىلەن بېيجىڭنىڭ خېلى يىراق بىر يېرىدىكى داۋزۇمياۋ دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمكى شەكىلدە سېلىنغان ئۆي-ئىمارەتلەرى بار قورۇغا كەلدۇق. بۇ، مەركىزىي مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسىنىڭ ئورنى ئىدى. ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ئۆيى ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە بولۇپ، ئىچكىركى-تاشقىرقى ئۇزۇنچاق ئىككى ئېغىز ئۆي ئىدى. ئەمما ئۆيىنىڭ كۆلىمى ئانچە كىچىك دېگىلى بولمايتتى. مەن ئاددىيلا بىر كەنتىرنىڭ يېنىغا قويۇلغان ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. بۇ، مېھمانخانا ئۆي ئىدى. ئۆيىنىڭ شەرق تەرىپىگە قويۇلغان رۇس پوسۇنىدىكى ئىشكاپنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆزگە چېلىققۇدەك بىسات يوق ئىدى.

— نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟ ئەجەب خىيالغا چۆكۈپ كېتىپسىزغۇ، — دېدى ئابدۇكېرىم خوجا تاشقىرقى ئۆيدىن كىرىپ. ئاڭغىچە گەۋھەرىيە كەنتىر ئۈستىگە داستىخان راستىلىدى. مەن، ياقەي، دەپ قويدۇم. ئەمەلىيەتتە، ئىختىيارسىز بىر خاتىرە ئېسىمگە كەلگەنىدى. بۇ، 1973-يىل 14-مايدىكى بىر قىممەتلىك ئۇچرىشىشىمىز ئىدى.

مەن شۇ كۈنى كەچتە كوچادىن «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىغا ئۆگىنىشكە كەلگەن ئەخمەت مەھەممەت دېگەن ياش ھەۋەسكارنى باشلاپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدىم. ئابدۇكېرىم خوجا بىرنەچچە بالىلىرى بىلەن كىچىككىنە بىر يېرىم ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇراتتى. ئىچكىركى ئۆي-ئەمەلىيەتتە مېھمانخانا — سەككىز كۇۋادرات مېترچە كېلىدىغان تارچۇق كىچىككىنە ئۆي ئىدى. بۇ ئۆيگە بىر كارىۋات، بىرنەچچە ئورۇندۇقلا قويۇلغان. چامىمچە، بۇ ئۆيگە بەش ئادەم كىرسە، بىر-ئىككىسى ئارتۇقلۇق قىلاتتى.

— ھە، ياخشى كېلىپسىلەر، كېلىڭلار، — دېدى ئاق كۆڭلەك ئۈستىگە يەڭسىز، ئويما ياقىلىق كۆل رەڭ يۇڭ پوپايكا كىيىۋالغان ئابدۇكېرىم خوجا بىز ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە

بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ. بىز هال-ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن ئۇياق-بۇياق- تىن پاراڭ قىلىشتۇق. ئابدۇكېرىم خوجا بىزنىڭ يوقلاپ كەلگىنىمىزگە خۇشالمۇ، ئىشقىلىپ كەيپى چاغ كۆرۈنەتتى. ئۇ بىزنى قورۇنۇپ قالمىسۇن دېدىمۇ، چاقچاق ئارىلاش دېدى:

— بۈگۈن باللار 750 گرام گۆش ئەكېلىپتىكەن. ئۇنىڭ 250 گرامىدا گەۋھە- رىيە بىر سەي قورۇسۇن، قالغىنىدا چۆچۈرە ئەتسۇن. بىز بىر ئاز ئولتۇرايلى.

بىز تەكەللۇپ ئېيتتۇق. بىراق ئىش ئابدۇكېرىم خوجا دېگەندەك بولدى. ئۇ، ئەگىدۇر تىقىپ ساقلاۋاتقان ھارىقىنى ئېلىپ، قۇيۇشقا باشلىدى. گالدىن بىرنەچچە رومكا ئۆتكەندىن كېيىن پاراڭىمىز قىزىشتى. مەن شۇ كۈنلەردە ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ يەنىلا قېقىندى-سوقۇندى بولۇپ، تېخىچە مەتبۇئات ھوقۇقى ئەسلىگە كەلمەي بۇرۇختۇم بولۇپ يۈرگەنلىكىنى بىلەتتىم. لېكىن ئۇ قىزىشقان چېغىدىمۇ بۇ ھەقتە، ئۆيىنىڭ تارلىقى، تۇرمۇشى ھەققىدە ئېغىز ئاچمىدى. بىرەر- دىن ئاغرىنغانلىقىنى ئېيتىپ غەيۋەت-شىكايەت- مۇ قىلمىدى. ئۆزىنىڭ يېڭى يازغان بىرنەچچە رۇبائىيسى ۋە شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى.

يېڭىلىشمىسام، ئۇ، قومۇلدا ۋاپات بولغان بىر پېشقەدەم مائارىپچى توغرىسىدا يازغان شېئىر ئىدى. قايغۇلۇق ئاھاڭ بىلەن ئوقۇلغان بۇ شېئىر بىزگە خېلى تەسىر قىلدى. بىز يەنە ئىچىشتۇق. ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ئۈمىدۋارلىقى، ئىلھامبەخش گەپلىرى بىزنى تېخىمۇ روھلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى...

ئابدۇكېرىم خوجا ئىككىمىز پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق. بىر كەمدە گەۋھەرىيەنىڭ خەنزۇ تىلىدا «كىرىڭ-كىرىڭ» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ، بىر خەنزۇ يىگىتنى باشلاپ كىردى. ئابدۇكېرىم خوجا دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ يىگىت بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. مەنمۇ كۆرۈشتۈم. ئۇ يىگىت ئابدۇكېرىم خوجا تەكلىپ قىلغان ئورۇنغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەدەپ ۋە قورۇنۇش ئىچىدە مۇنۇلارنى دېدى:

— مەن كەيفېڭدىن كەلدىم. ئەنخۇي داشۆسىدە ئىشلەيمەن. بىز جۇڭگو ئازسان- لىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى توغرۇلۇق بىر دەرسلىك تۈزمەكچى بولغان. بۇنىڭغا ئۇيغۇرلاردىن سىزنى كىرگۈزۈشنى بېكىتكەن. بۈگۈن سىزنى ئاران تېپىپ كېلىشىم. ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، كەچۈرسىز، يېقىندىن ياردەملىشىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن، — يىگىت ئۆزىنىڭ تونۇشتۇرۇش — ئالاقىلىرىنى كۆرسەتتى.

ئابدۇكېرىم خوجا ئۇنىڭ ئۆزىنى ئالاھىدە ئىزدەپ كەلگىنىگە رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن، گەپنى ئاۋۋال ئۆزىدىن ئەمەس، ئازادلىقتىن بۇيانقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن، تېيىپجاندىن باشلىدى. تېيىپجاننىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ۋە تۆھپىسىنى تونۇشتۇرۇپ خېلى كۆپ سۆزلىگەندىن كېيىن، نىمشېھىت ئارمىيە داموللا، زۇنۇن قادىرلارنى تىلغا ئالدى (بۇ چاغدا نىمشېھىت ئارمىيە داموللا، زۇنۇن قادىر توغرۇلۇق ھېچكىم ئېغىز ئېچىپ باقمىغان).

ئابدۇكېرىم خوجا ھېلىقى يىگىتكە ئالاھە- زەل بىرەر سائەتتىن ئارتۇق سۆزلەپ يۇقىرىقىلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن سەممىي ئىلتىجا بىلەن دېدى:

— ئىش يولى بىلەن كېلىدۇ. تونۇشتۇرۇش توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن ئەنە شۇلارنى تونۇشتۇرۇش كېرەك. ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەن تېخى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيمەن.

ئۇيغۇر ئەدىبلىرىدىن شۇكەمگىچە ئابدۇكېرىم خوجىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەي كەلگەن بۇ يىگىت ئۇچۇن بۇ گەپلەر تولىمۇ يېقىملىق، ئەھمىيەتلىك ۋە تەسىرلىك تۇيۇلدى بولغاي، ئۇ ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ، ئابدۇكېرىم خوجىغا قايتا-قايتا رەھمەت-ھەشقاللا ئېيتىپ كەتتى. مەن بۇ سورۇندا ئۇنىڭ كۆڭلىنى يەنە بىر قېتىم كۆرگەندەك بولدۇم.

## تەقدىرداشلار

ئابدۇكېرىم خوجا ئادەتتە تېيىپجاننى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ھەدېسىلا تېيىپجاننىڭ گېپىنى قىلىپ، ئۇنىڭ بەدىئىي ئىستىداتىنى، ياخشى پەزىلىتىنى تەرىپلەيتتى. تېيىپجاننىڭ قىزىق-قىزىق پاراڭلىرىنى قىلىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىدىن تېيىپجانغا بولغان ھۆرمەت، ئىخلاس، سېغىنىش ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ 1976-يىلى ئۆكتەبىردە شىنجاڭدىن ئايرىلغاندىن بۇيان ئۇنى كۆرمىگەنىدى.

تېيىپجان ئىككىسى ئۇزۇن ئىسسىق-سوغۇقنى بېشىدىن كەچۈرگەن قەدىناسلار ئىدى. ئورتاق غايە، جاپا-مۇشەققەتلىك سىناقلار ئۇلارنىڭ دوستلۇق رىشتىسىنى چىڭىتقان. ئۇلارنىڭ دوستلۇقى بىر خاسىيەتلىك ئىش ئۈستىدىن باشلانغان. ئۇلار 1951-يىلى يازدا 12 مۇقامنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىدە بىللە بولۇپ تونۇشقان. 1952-يىلىنىڭ ئاخىرىدا يەنە بىر خاسىيەتلىك ئىشقا بىرلىكتە ئاتلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىدە بىللە بولغان. بۇ جەرياندا ئىككىسى ئۇزۇن يوللارنى پىيادە بېسىپ، كۆپلىگەن يېزا-قىشلاقلارغا بارغان. ھەتتا ئاۋاتتىن كەلپىنگىچە پىيادە ماڭغان. ھېرىپ-چارچاش، جاپا-مۇشەققەتكە قىلچە پەرۋا قىلماي بۇ قىممەتلىك ئۆگىنىش پۇرسىتىنىڭ لەززىتىنى بىرلىكتە تېتىغان؛ بىرلىكتە ئۇزۇن ناخشا-قوشاق، چۆچەك قاتارلىقلارنى توپلىغان. 1953-يىلى ئابدۇكېرىم خوجا يولداش لىۋشاۋۇ بىلەن بىرلىكتە تېيىپجاننى پارتىيىگە تونۇشتۇرغان. 1953-يىلى جۇڭگو خەلقىنىڭ 3-قېتىملىق چاۋشيەن خەلقىدىن ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە چاۋشيەنگە بېرىپ، چاۋشيەن ئالدىنقى سېپىدە ئىككىسى بىللە بولغان. تېيىپجاننىڭ ئالدىنقى سەپتە يازغان «تاغنى كۆرسەم» دېگەن شېئىرىنى ئابدۇكېرىم خوجا شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ شېئىر «خەلق گېزىتى» دە ئېلان قىلىنىپ، پىدائىي قىسىم جەڭچى-ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

ئابدۇكېرىم خوجا تېيىپجاننىڭ بىر مۇنچە شېئىرلىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، تېيىپجاننىڭ مەملىكەت ۋە دۇنياغا تونۇلۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان مۇھىم

ئەدەبىي تەرجىمانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئاشۇ
فېۋرال ئېيىدا «شېئىرىيەت» ژۇرنىلىنىڭ
ئويۇشتۇرۇشى بىلەن بېيجىڭدا مەملىكەت
بويىچە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن
بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق شېئىرىيەت مۇھاكىمە
يىغىنى ئېچىلدى. بۇ يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىدىن
ئابدۇكېرىم خوجا ئالدىنئالا خەۋەردار ئىدى.
ئۇ بۇ يىغىنغا تېيىپجاننى تەكلىپ قىلىش
توغرىسىدا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا قايتا-قايتا
تەكلىپ بەرگەن. لېكىن هازىرغىچە ئۇچۇر
بولمىغاچقا، شىنجاڭدىن بۇ يىغىنغا كىم
كېلىدىغانلىقىنى بىلەلمەي كۆڭلى غەش
ئىدى. تېيىپجاننى ئەۋەتمەي قالارمۇ-يا،
دەپ ئەنسىرەيتتى ئۇ.

يىغىن باشلىنىش ئالدىدا بۇ يىغىنغا
شىنجاڭدىن تېيىپجان بىلەن يەنە بىرەيلەن-
نىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بۆلەكچە خۇش
بولۇپ كەتتى.

— تېيىپجان كەپتۇ، يېڭىلا بۇ خەۋەرنى
ئاڭلىدىم. قارىمامسىز، بۇ ئاداشنىڭ كەلگىنى
بەك ياخشى بوپتۇ، — دېدى ئۇ بىر كۈنى
كەچكە يېقىن. ئۇ كۈلۈمسىرەيتتى. نېمىگىدۇر
ئالدىراۋاتقاندەك، هاياجانلانغاندەك قىلاتتى، —
ئاڭلىسام شيۈەن لۇيشى (شيۈەن مېھمانخانىسى)-
غا چۈشۈپتۇ. بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلەيلى.

ئابدۇكېرىم خوجا، مەن، ۋاڭ يىجىڭ
ئۈچىمىز مېھمانخانىغا باردۇق. بىراق،
مېھمانخانا دەرۋازىسىدىن كىرگىلى قويمىدى.
دەرۋازا يېنىدىكى كۈتۈۋېلىش ئۆيىدە ئولتۇرۇپ
خېلى ئۇزاق ساقلىدۇق. بىرمۇنچە ئالاقىلىشىشلار-
دىن كېيىن تېيىپجان چىقىپ كەلدى. ئۇ
قارا سوكنو پالتوپكا، يازلىق قارا شەپكە
كىيىۋالغانىدى. تېيىپجان ئىشىكتىن كىرىپ

كېلىشىگە ئابدۇكېرىم خوجا ئورنىدىن
چاچراپ تۇرۇپ تېيىپجاننىڭ ئالدىغا باردى.
ئىككىسى ئاۋۋال ئۈن-تىنسىز قۇچاقلىشىپ
كۆرۈشتى. ئاندىن گەپ قىلىش ئېسىگە
كەلگەندەك بىر-بىرىدىن تىنچلىق-ئامانلىق
سوراشتى. ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىگە سېغىنىش
بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىدە خۇشاللىق،
هاياجان ئۇچقۇندىدى.

بۇ يىغىنغا ئابدۇكېرىم خوجىمۇ قاتناشتى.
يىغىندا تېيىپجان بىلەن ئىككىسى سۆزلەپتۇ،
ئابدۇكېرىم خوجا تېيىپجاننىڭ سۆزلىرىنى
تەرجىمە قىلىپ بېرىپ، كۆپچىلىكنى تەسىر-
لەندۈرۈۋېتىپتۇ. يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن،
تەكلىپكە بىنائەن تېيىپجان بېيجىڭدا قېلىپ،
بىز بىلەن بىرلىكتە ئىشلىدى. شۇنىڭدىن
تارتىپ «تيەنئەنمېن شېئىرلىرى»نىڭ
تەرجىمە-تەھرىرلىك خىزمىتى ئاياغلاشقانغا
قەدەر بولغان بىرنەچچە ئاي جەريانىدا
ئابدۇكېرىم خوجا تېيىپجاندىن ئايرىلمىدى،
تېيىپجان ئابدۇكېرىم خوجىدىن ئايرىلمىدى.
ئۇلارنىڭ هەربىر سۆز-هەرىكىتى،
بىر-بىرىگە بولغان مۇئامىلىسىدىن ئىككىسىنىڭ
بىر-بىرىگە بولغان هۆرمىتى، بىر-بىرىنى
چوڭ كۆرىدىغانلىقى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.
گەرچە ئابدۇكېرىم خوجا تېيىپجاندىن ئىككى
ياش چوڭ بولسىمۇ، هەرگىز تېيىپجاندىن
ئۆزىنى چوڭ تۇتمايتتى. ئىككىسى بىر-بىرىنى
«ئاداش» دېيىشەتتى. ئىككىسىنىڭ خۇش
چاقچاق خاراكتېرى بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ
كېتەتتى. ئۆزئارا كۆپ چاقچاقلىشاتتى. لېكىن
بۇ چاقچاقلار هەرقانچە كۈلكىلىك بولغان
تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن ئۆزئارا هۆرمەت،
پەدىشەپكە يات قىلچە ئالامەتنى بايقىغىلى

بولمايتتى. ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرى بىر-بىرىنى خۇش قىلىدىغان، كۈلدۈرىدىغان، ئۈمىدلەندۈرىدىغان چاقچاقلار ئىدى. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ياتسىراش، خۇدۇكسىرەش ئېغىرلىشىپ كەتكەن ۋەھىملىك يىللاردىمۇ ئۇلار خۇش چاقچاقلىرى بىلەن بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكەن. بۇ ھەقتە تېيىپجاننىڭ بىر ئەسلىمىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بىز شۇ چاغلاردا (ئامىمنىڭ نازارىتى) دىن بىر ئاز خالىي بولۇپ قالساقلا، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي يەنە بۇرۇنقىدەكلا چاقچاق قىلىشىپ، ناخشا ئېيتىشىپ، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز تەسەللىي بېرىپ تۇردۇق» («قايغۇلۇق كۈنلەردىكى ئەسلىمىلەر» دىن). ئابدۇكېرىم خوجا بېيجىڭنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالى، بولۇپمۇ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى يېڭىلىقلار، ئەدىبلەرنىڭ ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، دادىل ئىجاد قىلىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق يېڭى-يېڭى گەپلەرنى قىلىپ بېرىپ، تېيىپجاننى غەم-ئەندىشىدىن خالاس بولۇپ، يۈرەكلىك ئىجاد قىلىشقا ئىلھاملاندۇراتتى. تېيىپجان شۇ كۈنلەردە «يىغا تۇتتى مېنى باھاردا» دېگەنگە ئوخشاش بىرمۇنچە مۇنەۋۋەر شېئىرلارنى يازدى. بۇ شېئىر شۇ چاغدا «شېئىرىيەت» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە «شېئىرىيەت» ژۇرنىلىنىڭ شۇ سانىدا ئېلان قىلىنغان بىردىنبىر مۇنەۋۋەر شېئىر سانىلىپ، «شېئىرىيەت» ژۇرنىلى ئىدارىسىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ قارا تاختايغا ئالاھىدە ھۆسن خەت بىلەن يېزىلىپ چاپلاپ قويۇلدى.

شۇ يىلى 5-ئاپرېل چوكانتال بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن مەركىزى خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن تېيىپجان، ئابدۇكېرىم خوجا، مەھەممەت رېھىم، رەخىم قاسىم، مەن شېئىر ئوقۇدۇق. ئۇ يەردىمۇ ئابدۇكېرىم خوجا بىلەن تېيىپجان ئىككىسى بىرى بىرىنى ئاۋۋال ئوقۇشقا ئۈندەپ، ئۆزئارا ھۆرمەت، مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى.

بۇ چاغدا خاتا، ناھەق، ئۇۋال قىلىنغان دېلولارنى ئاقلاش، نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشى تېخى ئەمدىلا باشلانغانىدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ بېشىدا ۋېن شيەنفېڭ نامىدا «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان چوڭ ماقالىدە «شىنجاڭدىكى شيۇجېڭجۇيىلىق ئەدەبىيات-سەنئەت قارا يېپىنىڭ ۋەكىللىرى» دەپ مۇقام بېكىتىلىپ، ليۇشياۋۇ، ۋاڭ يۇخۇ، ۋاڭ گۇلىن تېيىپجان، ئابدۇكېرىم خوجا قاتارلىقلارنىڭ ئىسمى ئاتىلىپ، ئۇلار ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشكارا تەنقىد قىلىش ئوبيېكتى قىلىنغانىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بۇلارنى ئاقلاش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، ئۈرۈمچىدە چوڭ يىغىن ئاچماقچى بولغانىكەن. ئۇقتۇرۇشقا بىنائەن ئاشۇ يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن بۇ ئىككى تەقدىرداش دوست چوكانتال بايرىمىنى ئۆتكۈزۈپلا ئىلگىرى-كېيىن ئۈرۈمچىگە يۈرۈپ كەتتى. شۇ كۈنى پويىز ئىستانسىسىغا ئۇزىتىش ئۈچۈن چىققان ۋاقتىمىزدىكى ھاياجانلىق كۆرۈنۈشلەر تېخىمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ: ئابدۇكېرىم خوجا خۇددى تويى كۆچۈرۈلۈپ ماڭغان يىگىتتەك خۇشال ئىدى. ئۇزاتقىلى چىققانلار بىلەن قول ئېلىشىپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشەتتى. ھېلى بىرى كېلىپ

ئۇنىڭ بىلەن قول سىقىشىپ قىيماسلىق بىلەن خوشلاشسا، ھېلى بىرى كېلىپ ئۇنى قۇچاقلايتتى. ئابدۇكېرىم خوجا تولىمۇ يەڭگىللەپ، تېتىكلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ ئون يىلدىن بۇيان ئۆزىنى مىڭبىر قىيناپ-ئازابلاپ كەلگەن قالپاق بېشىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، جىنايى بەدنامدىن قۇتۇ-لۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ مۇشۇ كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئون يىلدىن بۇيان قانچە--قانچە قېتىم چۈشىگەن، قانچىلىك كۈتكەن بولغىدى! شائىرنىڭ بۇ توغرىسىدىكى ھېسسىياتى 1971- ۋە 1973-يىللىرى ئۇلانبايدىكى «7-ماي كادىرلار مەكتىپى»-دە ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان مەزگىلدە يازغان «ئاڭلا سۆزۈم»، «بولما» دېگەن شېئىرلىرىدا ئاللىقاچان ئېنىق ئىپادىلەنگەن:

«كىم ئىشىتكەي مېنىڭ دەردىم،
كىمگە يەتكەي دادۇ ئەرزىم.
كەلمەس يېنىپ ئەمدى بەختىم،
گۈلباھارىم كەلمە گۈنچە.»

«ئەي خوجا، بىھۇدە چەكمىگىن ئارمان،
تاپارسەن ئاقىۋەت دەردىڭگە دەرمان.
چۈشكۈسى بىركۈنى بېيجىڭدىن پەرمان،
غەپلەت بۆشۈكىدە ياتقۇچى بولما.»

شۇ پەيتتە ئۇنىڭ ئۇزىتىشقا چىققان-لاردىن-دوست-يار، ئاغىنىلىرىدىن ئايرىلىشى-نى قىيمىغىنى بىلەن بالدۇرراق مېڭىشقا ئالدىراۋاتقانلىقى، تەقەززا بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. بۇ ھېسسىيات ھەممەيلەنگە ئورتاق ئىدى...

پويىز ئاستا قوزغالغاندا، ئۇ دېرىزىدىن قولىنى چىقىرىپ پۇلاڭلاتتى. كۆزلىرىدە ھاياجان ياشلىرى ئەگىيتتى. مەركىزىي مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسىدىكى موسا دېگەن يىگىت ئاستا كېتىۋاتقان پويىزنىڭ دېرىزىسىگە ئېسىلىپ، بىر قولى بىلەن ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ بوينىنى تۇتۇپ، ئېڭىكىگە يۈزىنى ياقتى. شۇ دەم ئەتراپتىكى ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى. پويىز خېلى ئۇزاپ كەتكەنگە قەدەر بىز ئۆز ئارا قول پۇلاڭلىتىشتۇق.

1980-يىل ئاۋغۇستتىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئابدۇكېرىم خوجا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەش-مىسىدە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» (سابىق «كۆۋرۈك») ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ خىزمەت قىلدى. بۇ جەرياندا ئابدۇكېرىم خوجا بىلەن تېيىپجان سەبداش، قەلەمداش ھەم يېقىن دوست-ئا-غىنە بولۇپ بىر-بىرىنى ئىززەتلىشىپ، ئىنتايىن يېقىن، ئىجىل-ئىناق ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇئامىلىسى، گەپ-سۆزلىرى، چاقچاقلىرىدىن بىر-بىرىگە بولغان ھۆرمەت، سەممىيەت، مۇھەببەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. بېيجىڭدە، ئۈرۈمچىدىكى سورۇنلاردا، تۇرپان-لىق دوستلارنىڭ ھوزۇرىدا بولغان چاغلارنىڭ قايسى بىرىدە بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ سۆز-ھە-رىكىتىدىن ئاشۇ نۇقتا ئىپادىلەنمەي قالمايت-تى. ئۇلارنىڭ بۇ يېقىنلىقىدىن سۆيۈنەتتۇق، زوقلىناتتۇق، تەسىرلىنەتتۇق.

تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، تاڭ

دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر شائىر دۇفۇ 33 ياش ۋاقتىدا لوياڭدا لى بەي بىلەن ئۇچرىشىپ، بۇ ئاتاقلىق ئىككى شائىر يېقىن دوست بولغانىكەن. ئۇلار بىرلىكتە سەيلە-ساياھەت قىلىپ، خۋاڭخې دەرياسىدىن بىرلىكتە ئۆتكەن، مەشھۇر ۋاڭۋۇشەن چوققىسىغا بىللە چىققان، ئات مىنىپ بىرلىكتە ئوۋ قىلغان، مەي ئىچىشىپ شېئىرلارنى يازغانىكەن. ئۇلار يەنە دەنخۇ دېگەن يەردىكى چىننەي راۋىقىغا چىقىپ كەچكى شەپەقنى تاماشا قىلىپ، بىرلىكتە ھۇزۇرلانغان ۋە ئىلھاملانغانىكەن...

مەن ئابدۇكېرىم خوجا بىلەن تېيىپجاننىڭ يېقىنلىقىدىن زوقلانغىنىمدا تارىختا ئۆتكەن بۇ ئىككى مەشھۇر شائىرنىڭ بىر مەقسەت يولىدا ھاسىل قىلغان ئاشۇ ئىجىل-ئىناقلىقىنى ئويلاپ قالاتتىم.

ئابدۇكېرىم خوجا بىلەن تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىككىسى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ياخشى باشلامچىلىرىدىن بولۇپ، كۆپلىگەن ئېسىل شېئىرلارنى يېزىپ، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ئۈلگە كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ ئەل ئىچىدىكى، كىتابخانىلار ۋە قەلەمكەشلەر ئارىسىدىكى ئىززەت-ئابرويى ئۈستى. تېيىپجاننىڭ ئابدۇكېرىم خوجىغا قارىتىپ:

« تۇرغۇزۇڭلار ھەيكەل دېمىدىڭ،
كەتتىڭ ھەيكىلىڭنى ئۆزۈڭ تۇرغۇزۇپ »

دېگىنى ھەقىقەتەن توغرا.

1980-يىلى يازدا جوڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 4-قۇرۇلتىيى ئېچىلغان مەزگىلدە « شېئىرىيەت » نەشرىياتى دىكلاماتسىيە كېچىلىكى ئۆتكۈزگەن. بۇ يەردە ئابدۇكېرىم خوجا ئون نەچچە ئاتاقلىق شائىر قاتارىدا « باھار كۈيچىسى » دېگەن شېئىرىنى ئوقۇغان:

« كەلدى يۇرتۇمغا كىرىپ تېرىلغۇ ئاي،
خېلى ئوبدان قالدى ئىسسىپ ھەممە جاي.
قالدى پۇشماقلاردىلا قىشنىڭ ھىدى،
تۇرىدۇ ياش تامچىتىپ مىسكىن چىراي.
بەك ئېغىر كەلگەن چېغى قىشقا ئۇزاش،
ياش چىقامدۇ بولمىسا كۆزدىن ئوڭاي. »

سول ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ قالدۇق زەھەرلىرىنى كۆزىدىن ياش تامچىتىپ تۇرغان بىچارە چىراي قىشقا ئوخشىتىپ ئاچچىق مەسخىرە قىلغان بۇ شېئىر ئاڭلىغۇچىلارنى قاتتىق ھاياجانغا سالغان. بىز تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ بۇ توغرىدا يازغانلىرىغا قۇلاق سالايلى:

« شۇ كۈنى مىڭلىغان شېئىر خۇشتارلىرى جەم بولغان بۇ سورۇندا ئاتاقلىق ئون نەچچە شائىرنىڭ بىردىن شېئىرى ئوقۇلدى. لېكىن، ئا. خوجىنىڭ شېئىرى ئوقۇلغاندا ئورۇلغان چاۋاك ھەممىدىن كۈچلۈك بولدى-دە، تىڭشىغۇچىلارنىڭ قايتا-قايتا تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا ئارقا-ئارقىدىن ئۇنىڭ ئۈچ شېئىرى ئوقۇلدى. بىر ئازسانلىق مىللەت شائىرنىڭ پايتەخت مۇنبىرىدە ھەممىدىن كۆپ ئالقىشقا ئىگە بولالىشى مېنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالدى. »

1987-يىل مايدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ « باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار » دېگەن توپلىمى نەشر قىلىندى. بۇ، ئابدۇكېرىم خوجا ئېغىر كېسەل تارتىپ ياتقان مەزگىل ئىدى. بۇ توپلامغا تېيىپجان ئېلىيېۋ « كىرىش سۆز ئورنىدا » دېگەن سەرلەۋھەدە قايناق

ھېسسىيات بىلەن تولغان بىر بېغىشلىما يازدى.
ئۇنىڭدا ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ئىجادىيەت
مۇساپىسىنى ئەسلەپ، ئىجادىيەت نەتى-
جىلىرىگە ، ئەدەبىياتىمىزدىكى تۆھپىسى ۋە
ئورنىغا يۇقىرى باھا بەردى. ئۇنىڭ « شېئى-
رىيىتىنىڭ پىكرىنىڭ ئوبرازلىقلىقى، ھېسسىياتى-
نىڭ نازۇك ۋە چوڭقۇرلۇقى، تىلىنىڭ يۇمۇرلۇق
بولۇشى قاتارلىق خۇسۇسىيىتىنى خوشاللىق
بىلەن تىلغا ئېلىپ » ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى
سۆيۈنۈش ۋە ھۆرمەت بىلەن مۇئەييەنلەشتۈ-
رۈش بىللە كەمچىلىك-يېتەرسىزلىكلىرىنە-
مۇ يوشۇرماي، ئايىماي كۆرسىتىپ ئۆتتى.
يېقىن دوستىغا، ئەدەبىياتقا كۆڭۈلچە كىلىك
قىلمىدى. دوستىغا يۈز-خاتىرە قىلىپ ياكى
يان بېسىپ، نۇقسانلىرىغا كۆز يۇممىدى.
ئابدۇكېرىم خوجىمۇ بۇنىڭدىن قىلچە ئاغرىنىش
پوزىتسىيىسىدە بولمىدى. ئۇلار ئاخىرىغا قەدەر
بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەپ، قەدىرلەپ ئۆتتى.
ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان ئەقىدە-ئىخلاسى،
مېھرۇ-مۇھەببىتى چوڭقۇر ئىدى. 1988-يىلى
8-مارتتا ئابدۇكېرىم خوجا ۋاپات بولغاندا،
تېيىپجان « سەن لەھەتتە ئەمەس،
بەلكى مۇنبەردە » سەرلەۋھىلىك مەرسىيە
يېزىپ ئېلان قىلدى.

ئۇ مەرسىيەدىكى مۇنۇ كۇپلېتلار
ھېلىغىچە خېلى كۆپ كىشىنىڭ ئېسىدە:

« شېئىرىيەت ھەققىدە،
بۆسۈش ھەققىدە
سۆز ئېچىلغان يەردە سەنمۇ ھازىرسەن.
سەن لەھەتتە ئەمەس،
بەلكى مۇنبەردە،
روھي ئۆلمەيدىغان تىرىك شائىرسەن.

دوستۇم،
مەن شۇنىڭدىن قىلمايمەن گۇمان:
ئىسلاھاتچىلارنىڭ پەخرىدۇر ئەجرىڭ.
قاتماللىق كۆلكىگە قالغانچە،
شۇنچە
ئاشىدۇ ئالقىشلار ئىچىدە ئەجرىڭ. »

بۇ ئىككى تەقدىرداش بىرنىڭ كەينە-
دىن بىرى ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئەدەبىياتىمىزدا
ئىككى چوڭ بوشلۇقنى قالدۇرۇپ كەتتى.

1996-يىل 30-مارت.

مەسئۇل مۇھەررىر ماموت زايىت

ئابلىمىت ئىمىن

# ئەدەبىياتىمىزدىكى بەزىبىر ئىللەتلەر توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەققەتەن كىشىنى خۇشال قىلىدۇ. نەشرىياتلار يىلىغا بىرنەچچە رومان، پوۋېستلار توپلىمى، شېئىرلار توپلىمى، ھېكايىلەر توپلىمى، داستانلار توپلىمىنى نەشر قىلىۋاتىدۇ. ھەر قايسى ئوبلاست، شەھەرلەردە قوش ئايلىق، پەسىللىك ژۇرناللار چىقىۋاتىدۇ. بۇلار ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىۋاتىدۇ. گېزىتلەرنىڭ ئەدەبىي بەتلىرىمۇ ھەم شۇنداق. ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەر كۆپ، يېزىۋاتقانلارمۇ ئىنتايىن كۆپ. بۇنداق ئەھۋال ئىلگىرى بولۇپ باققان ئەمەس. ئەلۋەتتە، بۇ كىشىنى خۇشال قىلىدۇ. لېكىن مۇشۇ خۇشاللىق ئىچىدە كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان نۇرغۇن پاسسىپ ئامىللارمۇ بار، بۇلار بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مىللەتكە، دۆلەتكە، بازارغا، شۇنداقلا دۇنياغا يۈزلىنىشىگە توسالغۇ پەيدا قىلىۋاتىدۇ. بىز ئەدەبىياتىمىزدىكى پاسسىپ ئامىللارنى بايقىغانىكەنمىز، ئۇنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز، ئىللەت ۋە نۇقسانلارنى ۋاقتىدا تۈزىتىشىمىز لازىم. مەن مۇشۇ ھەقتىكى ئويلىرىمنى كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

ھازىر جەمئىيەتتە مەيلى پېشقەدەم يازغۇچى، شائىرلار بولسۇن ياكى ياش ھەۋەسكارلار بولسۇن، ھەممىسىنىڭ كۆڭلىدە بىر خىل زارلىنىش، يەنى كىتابخانلاردىن زارلىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. كىشىلەر ئۆزئارا پاراڭلاشقاندا، چوڭ-كىچىك سورۇنلاردا، ھازىر كىشىلەر كىتاب ئوقۇمايدىغان بولۇپ كەتتى، كىتاب يازغاننىڭ پايدىسى يوق، دېگەندەك گەپ-سۆزلەر كۆپىيىپ كەتتى. مۇنداق گەپ-سۆزلەر جەمئىيەتتە ۋە كىتابخانلار ئارىسىدا ئاز-تولا پاسسىپ تەسىر پەيدا قىلدى، نېمىشقا شۇنداق؟ كىتاب بازارلىرىنىڭ كاساتلىشىپ كېتىشىدىكى سەۋەب نەدە؟ راستىنلا بىز كىتابخانلارنى بىزار قىلدۇقمۇ؟ ياكى كىتابخانلار بىزدىن بىزار بولۇۋاتامدۇ؟ بۇ مەسىلىنى ئىنچىكە

ۋە تەپسىلىي تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە يازغۇچىلىرىمىز ۋە ئوبزورچىلىرىمىزنىڭ تېخى چولىسى تەگمەيۋاتىدۇ، ئويلاپ كۆرەيلى، 7 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشاۋاتقان بۇ زېمىندا بىر كىتابنىڭ تىراژى نېمىشقا 3 ـــ 4 مىڭدىن ئاشمايدۇ، نېمە ئۈچۈن يازغۇچىلىرىمىز نەشرىياتنىڭ بېسىمى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە تىراژ توپلاش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپكە خەت يېزىپ، ھەتتا ئۆزىمۇ سوكۇلداپ ئاۋارە بولىدۇ، كىتاب نەشر قىلىنىپ چىققاندىن كېيىن بازار تاپالماي، نېمىشقا شىنخۇا كىتابخانىلىرىنىڭ پوكەيلىرىدە بېسىلىپ قالىدۇ؟ مانا بۇ بىز ئويلاشقا، سەۋەبىنى تېپىپ چىقىشقا تېگىشلىك مەسىلەرنىڭ بىرى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نەشر قىلىنغان بىر قىسىم ئەسەرلەر ھەقىقەتەن بازار تاپتى. كىتابخانىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. لېكىن، بازار تاپالمايۋاتقان ئەسەرلەر يەنىلا كۆپ. سەۋەب نەدە؟ مېنىڭچە، گۇناھ ئۆزىمىزدە، راستىنىلا ئۆزىمىزدە.

1. بىزنىڭ بەزى ئەسەرلىرىمىزدە خەلقىمىز، كىتابخانلىرىمىز ياقتۇرمايدىغان نۇرغۇن ئىللەتلەر بار. بىز كىشلەرگە يارىغۇدەك ئەسەر يازالمىدۇق. كىم مىڭبىر جاپا-مۇشەققەت بىلەن تەر ئاققۇزۇپ تاپقان پۇلىغا كۆڭلىگە ياقمىغان مالنى سېتىۋالىدۇ؟

تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، دۇنيادىكى نۇرغۇن مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. چەت ئەللەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى تەنقىدىي قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ كەمتۈكلۈكلىرىنى تولۇقلاش ئورنىغا بىزنىڭ بەزى ياش ۋە ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلىرىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكى، ئۆرپ-ئادىتى، مىللىي خاراكتېرى، پسىخىكىسى ۋە دىنىي ئېتىقادى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۇنى قارا-قويۇق قوبۇل قىلىپ، دورامچىلىق قىلىپ قەلەم تەۋرىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزغا مىللىتىمىز قوبۇل قىلالمايدىغان بىر قىسىم ئىللەتلەر ۋە ئىش-ھەرىكەتلەرنى زورمۇزور سۆرەپ كىردى. دەسلەپتە، ئەدەبىياتىمىزغا قەدىرلىك «ۋېناس» كىرىپ كەلدى. ئارقىدىن خۇددى بىزدە ئەپسانىلار يوقتەك، يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى بەزى قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازلىرى قىستىلىپ كىردى. ئۇنىڭ كەينىدىن يېڭى شېئىرىيەت ئېقىمىدىكى بىر قىسىم يولداشلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خىلمۇ خىل «ئىلاھ» ئوبرازلىرىنى سۆرەپ كىردى. بۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ نازۇك مىللىي ھېسسىياتى بىلەن ھېسابلاشمىدى. ھازىر گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەردە مەيلى شېئىر، مەيلى نەسرىي ئەسەر بولسۇن، گۈزەللىك ئىلاھى، مۇھەببەت ئىلاھى، شېئىرىيەت ئىلاھى، ھۆررىيەت ئىلاھى، ئاسمان ئىلاھى، يەر ئىلاھى، تاغ ئىلاھى، دېڭىز ئىلاھى، سۇ ئىلاھى، نازاكەت ئىلاھى، شاپائەت ئىلاھى، ساداقەت ئىلاھى دېگەن «ئىلاھ»لار پەيدا

بولدى. مېنىڭچە، بۇ، ئەسەرلەرنىڭ كىشىلەرگە ياقماسلىقىدىكى بىر سەۋەب.

2. ھازىر ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، يەرلىك پۇرىقىنى يوقاتقان بەزى ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ. مۇنداق بىر قىسىم ئەسەرلەردىكى ئادەم ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋەتسىلا، بۇ ئەسەرنىڭ قايسى مىللەتكە تەۋە ئىكەنلىكى، ئەسەردە قايسى مىللەتنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. كىشىنى بىزار قىلىۋاتقان بىر قىسىم مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئەسەرلەردە تېخى بىسمىللا دېمەستىنلا ئوغۇل بىلەن قىزنىڭ كۆزۋازلىق، سۆزۋازلىق، مەيدىۋازلىق ئويۇنلىرى باشلىنىپ كېتىدۇ. توغرا، مۇھەببەت ئۆلمەس تېما، مەڭگۈلۈك تېما، مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتىدىن بۇ ئالەمدە ئاجايىپ مۆجىزاتلار مەيدانغا كەلگەن. ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مۇھەببەت كۆز قارىشى، قىز-ئوغۇللارنىڭ بىر-بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىش ئۇسۇلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر-بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىش ئۇسۇلى ئىنگلىزلارنىڭ، يەنى غەرب ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش ئەمەس. بىزنىڭ بەزى قەلەمكەشلىرىمىز مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس تۇيغۇسى، ئىنتىلىشى ۋە شەرمى-ھاياسىنى دەپسەندە قىلىۋەتتى، بەزى تەھرىرلىرىمىز بۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى. بويىغا يەتكەن ئوغۇل-قىزلىرى بار بەزى كىتابخانلار بىرەر ئەدەبىي ژۇرنال ياكى بىرەر ئەدەبىي ئەسەرنى يۈرەكلىك ئۆيىگە ئېلىپ كىرەلمەيدىغان بولۇپ كەتتى، بۇ، ژۇرناللارنىڭ مۇشتىرىلىرىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى.

3. ئەدەبىياتىمىزدا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگۈچە بىز «ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار» دەيدىغان فېئوداللىق كۆز قاراشنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلالمىدۇق. بەزى پوۋېست ۋە ھېكايىلەردە بىر يىگىتكە 2 — 3 قىز ئاشىق بولۇپ، ھېلىقى قاۋۇل چىرايلىق يىگىتنى تالىشىپ جەڭگە چۈشتى. بۇ رىقابەتتە يېڭىلگەنلىرىنى پالاكەتكە، ھالاكەتكە، ئاھانەتكە ۋە ياكى لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلىۋەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئايال كىتابخانلار ئەدەبىي ئەسەرلەردىن بەزدى. مۇشۇنداق ئەسەرلەر بىزنىڭ ئانىلىرىمىز ۋە قىز-جۇۋانلىرىمىزنىڭ غۇرۇرى ۋە ئىززەت نەپسىنى دەپسەندە قىلدى.

توغرا، ھاياتتا، تۇرمۇشتا تراگېدىيە بار، ئەدەبىي ئەسەردىمۇ بولۇشى كېرەك، بۇنى ھېچكىم چەتكە قاقمايدۇ. لېكىن ھەر ئىشنىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتمىگىنى ياخشى. بەزى ئاپتورلىرىمىز مۇھەببەت رىقابىتىدە ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن، ياراتمىغان قىزلارنى ئاز-تولا يېزىقچىلىق ماھارىتىدىن پايدىلىنىپ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق تازا تىللاپ ئەدەبلەپ، خالىسا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ، خالىسا لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلاپ پوخادىن چىقىۋاتىدۇ ۋە چىقماقچى بولۇۋاتىدۇ. قايسىبىر يىلى بىر ئاپتور «تارىم» ژۇرنىلىدا «قىزلىرىمىزغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيلى» دېگەن تېمىدا بىر ماقالە ئېلان قىلىۋېدى،

بۇنداق ئەھۋال بىر ئاز پەسەيگەن. ئەپسۇسكى، كېيىن يەنە ئەۋجىگە چىقتى. سەپداشلار، ئاياللار يېرىم دۇنيا، ئۇلارمۇ بىزنىڭ كىتابخانلىرىمىز. توغرا، مىللىتىمىزنىڭ ئەيىپ-نۇقسانلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش زۆرۈر، لېكىن بۇنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، قىز-جۇۋانلىرىمىزنىڭ دىلىغا ئازار بەرمەيلى. ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرگۈدەك نازاكەتلىك ۋە ئىپپەتلىك ئاياللار يوقمىدۇ؟ ئەلۋەتتە بار. بۇلار ئارقىلىق ئاياللارغا ئۈلگە كۆرسەتسەك نېمىشقا بولمايدىكەن. ئۇلارنى پاجىئەلىك دۇنياغا ئەمەس، گۈزەللىك دۇنياسىغا باشلاپ كىرەيلى.

4. بىزنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىمىز غەم-غۇسسە، چۈشكۈنلۈك، ئاھۇ پىغان ۋە نالە-زار بىلەن تولغان. خەلقىمىزگە غايە، ئىستەك بېغىشلايدىغان، ئىلھاملاندۇرىدىغان، ئالغا ئىنتىلدۈرۈپ غەيرەت ۋە جاسارەت ئاتا قىلىدىغان، قاششاقلىق، ھورۇنلۇق كىشەنلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، گۈزەل يېڭى دۇنياغا باشلايدىغان ئەسەرلەر ئىنتايىن ئاز. مانا بۇ، ئەسەرلەرنىڭ بازار تاپالمايۋاتقانلىقى، خەلقىمىز كۆڭلىگە ياقمايۋاتقانلىقىنىڭ بىر قىسىم دەلىللىرىمىكىن دەپ ئويلايمەن.

قىسقىسى، بىز بازار ئىگىلىكى دەۋرىگە قەدەم قويدۇق، خېرىدارىڭىز سىزنىڭ ئەسىرىڭىزنىڭ قانداق بولۇشىغا قاراپ ئاز ياكى كۆپ بولىدۇ، ياخشى ئەسەر يازالماي تۇرۇپ، خېرىداردىن بىزار بولۇش، ئاغرىنىش، مېنىڭچە، ئەقىللىق يازغۇچىنىڭ ئىشى ئەمەس.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم



ئەنۋەر تۇردى

## ھېكايىچىلىقىمىزدىكى بەزى مەسىلىلەر

مېنىڭچە، ئەدەبىي ئەسەر كىشىگە ئېستېتىك زوق بېغىشلىيالمىسا، ھاياتقا مۇھەببەت ئۇرغۇتالمىسا، ئۇ ئەسەرنىڭ ھېچقانچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان بەزى ھېكايىلەرنى ئوقۇساق ئۇنىڭدىن ھوزۇر ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە بىر خىل كۆڭۈلسىزلىك، تىت-تىتلىق ۋە بىئاراملىق ھېس قىلىمىز. ھازىر ھېكايىچىلىقىمىزدا تۇرمۇشنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىنى ئۆز ئەينەن يېزىش يەنى ھەددىدىن ئارتۇق «چىن» يېزىش، ئەدەب كېتىۋاتىدۇ. خۇددى «يەنە ئاڭلىسا يەنە شۇ ئىكەنغۇ!» دېگەندەك، ئادەمنى ھېچقانداق تەسىراتقا ئىگە قىلالمايدىغان كالتە-ۋەسەي ھېكايىلەر ھېكايىچىلىكىمىزنىڭ سۈپىتىنى چۈشۈرۈۋاتىدۇ! بەزى ھېكايىلا شۇنچىلىك يۈزە، تەمسىز، قۇرغاق بىلىنىدۇكى، قانداقتۇر بىر يېرى تاشلىنىپ قالغاندەك خۇددى ئۇزۇن يول بېسىپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە كۆزلىگەن نىشانغا — ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ ئۆيگە كىرمەيلا يەنە كەينىگە يانغانغا ئوخشاش ھېچبىر قىزىقى يوق.

يەنە بەزى ھېكايىلەردا نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەتكە ئىگە مىللىتىمىز يارىتىلىشىدىنلا خۇددى پېشانىسىگە غەرەز ئوقمايدىغان دۆتلۈك پۈتۈلۈپ قالغاندەك تەسۋىرلەندى. مۇنداق ھېكايىلەرنى يازغان يازغۇچىلىرىمىز ھېكايىلىرىنىڭ بازىرىنى ئىتتىك قىلىش ئۈچۈن ھېچقانداق ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمىدى. مۇنداق تېتىقسىز ھېكايىلەر كىشىنى زېرىكتۈرىدۇ. ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ!

ئەلۋەتتە، چىنلىقنى يېزىش كېرەك. كىشىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان، يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان ئۇنتۇلماس ۋەقەلەر، جۈملىدىن پۈتۈن ئۆمۈرگە ھەمراھ بولىدىغان مۇھەببەت ۋە نەپرەتمۇ ئەنە شۇ چىنلىق ئىچىدىن كېلىدۇ.

ئاتاقلىق يازغۇچىلىرىمىزدىن قەييۇم تۇردىنىڭ «كۈرەشچان يىللار» رومانىدىكى جەسۇر دېھقانلار، «قامەتلىك گىلتاغ» دېكى مەشرەپ، ئەمەت؛ زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ئەلا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ چىنلىقتىن تاللانغان پېرسوناژلار. بۇ پېرسوناژلارنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى، يۈرۈش-تۇرۇش، پىكىر-خىياللىرى،

ئۈمىد-ئارزۇلىرى شۇنداق جانلىق ۋە تەبىئىي تەسۋىرلەنگەندىكى، ئۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇساڭ خۇددى جانغا راھەت ئېسىل ناخشا ئاڭلىغاندەك پۈتۈن جىسمىڭ ئېرىپ كېتىدۇ. ئاشۇ پېرسوناژلارنىڭ ئارىسىغا سەنمۇ كىرىپ كېتىسەن، شۇلار بىلەن يۈرىسەن، كۈلىسەن، يىغلايسەن... نېمىشقا شۇنداق؟! پەرق شۇ يەردىكى، باشتا دەپ ئۆتكەن قىسمەن ھېكايىلەردە «چىن»لىق بەكمۇ يالىڭاچلىنىپ «سەتلىشىپ» كەتكەن. سوتسىيالىستىك مەنىۋى ئەخلاق، رومانتىك ھېسسىيات ۋە ئىنسانىي تۇيغۇ چەتكە قېقىلغان.

مەن تارىم ژۇرنىلىنىڭ 1994-يىللىق 8-سانىغا بېسىلغان يازغۇچى ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ «ئۇنتۇغاق قىز» ناملىق ھېكايىسىنى زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىقتىم ۋە ئۆزۈمدە بىر خىل ئازادىلىك، يېنىكلىك ھېس قىلدىم. ھېكايە قىسقا يېزىلغان بولۇپ، ۋەقەلىكى ئاددىي، ئۇنىڭدا بىرەرمۇ ئارتۇق سۆز-جۈملە يوق. بۇ ئەسەردە رومانتىك پۇراق ناھايىتى كۈچلۈك. باغچىدىكى تەبىئەت مەنزىرىسى، خىلۋەت يەردىكى ئىككى كىشىلىك ئورۇندۇق، «ئۇنتۇلۇپ قالغان كىتاب»، چاقماق كۆڭلەك كىيگەن رەسىمچى يىگىت بىلەن ناۋات رەڭ ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن كىتابخۇمار خىيالچان قىز شۇنچىلىك تەبىئىي تەسۋىرلەنگەنكى، ئەسەر خۇددى لىرىكىلىق شېئىرغا ئوخشاش، ئوقۇغان كىشىگە بىر خىل ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. تىلى ئىخچام ۋە چۈچۈك، كىشىنى ئىختىيارسىز ۋەقەلىك ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ: «... ئاشۇ يازدا قىز بىرنەچچە قېتىم كىتابىنى ئۇنتۇپ قالدى...»، «...قىز ئۈنچىقمىدى. راست، ئۇ ئاشۇ كۈنى زور غەيرەت بىلەن شۇنداقلا تەشۋىش بىلەن كىتابىنى ئەتەي ئۇنتۇپ ماڭغىنىنى سۆيۈملۈككە قانداق ئېيتسا بولىدىكىن؟!» بەزەن ھېكايىلەر ئۇزۇندىن-ئۇزۇن بايانلار ۋە ئېزىپ ئېچۇرۇشلەر بىلەنمۇ ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن ۋەقەلىك ئەنە شۇ بىر نەچچە جۈملە ئارقىلىقلا ناھايىتى جايىدا ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

مەن بىر ئىشچى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ دائىملىق مۇشتەرىلىرىنىڭ بىرى. يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىم ئۆزۈمنىڭ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىۋاتقان بەزى ھېكايىلار توغرىسىدىكى قىسقىچە كۆز قارىشىمدىن ئىبارەت، خالاس. مەن «تارىم» ژۇرنىلى ئەتراپىدىكى مىڭلىغان كىتابخانلار قاتارىدا ھېكايىچىلىقىمىزنىڭ تېخىمۇ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچىلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئو. ھېنرى (ئامېرىكا)

# ئالدىراش ۋاكالەتچىنىڭ رومانتىك تارىخى

ئاكسىيە ۋەكالەتچىسى خارۋى ماكسۋېلنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىدىكى مەخپىي ئىشلار كاتىپى پىكارت چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇز يېرىمدا خوجايىن بىلەن تېز خاتىرىلىگۈچى قىزنىڭ ئالدىراش كىرىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ سۆرۈن چىرايىدا بىر ئاز ئەجەبلىنىش ۋە ھەيرانلىق ئالامىتى پەيدا بولدى. ماكسۋېل ئاغزىنىڭ ئۇچىدا خەيرلىك سەھەر، پىكارت، دەپ قويۇپلا ئىش ئۇستىلىگە ئۆزىنى ئاتتى-دە، بىر تەرەپ قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان خەت-چەك ۋە تېلېگرامما دۆۋىسىگە چۆكۈپ كەتتى.

بۇ قىزنىڭ ماكسۋېلغا تېز خاتىرىلىگۈچى بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىغا بىر يىل بولغانىدى. ئۇنىڭدەك گۈزەل تېز خاتىرىلىگۈچى قىزلارنى تاپقىلى بولمايتتى. ئۇ چېچىنى كىشنى مەپتۇن قىلىدىغان لوگبادو پاسونىدا ① ياساپمۇ يۈرمەيتتى. زەنجىر، بىلەزۈك، مېدالىيوندەك نېمىلەرنىمۇ تاقىۋالمايتتى. ئۇنىڭدا باشقىلارنىڭ ئۆزىنى تاماققا تەكلىپ قىلىشىنى تەمە قىلىدىغان ھالمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كۈل رەڭ كىيىمى گەرچە تولىمۇ ئاددىي بولسىمۇ، يارىشىملىق بولۇپ، ئۇنى بەكمۇ نازاكەتلىك كۆرسىتەتتى. ئۇ چىرايلىق قارا بۆكىگە شاتۇتىنىڭ پارقىراق يېشىل زەرلىك پېيىنى قادىۋالاتتى. بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل مۇلايىملىق ۋە شەرم ناز جىلۋە قىلاتتى. مەرۋايىتتەك چاقناق كۆزلىرى، شاپتۇل چېچىكىدەك چىرايلىق مەڭزىلىرىدىن بەختىيارلىق ۋە تەشنالىق ئىپادىسى يېغىپ تۇراتتى. پىكارت ئۇنىڭ بۈگۈن ئەتىگەنكى يۈرۈش-تۇرۇشىنىڭ سەل باشقىچىرەكلىكىدىن ئەجەبلىنىۋاتاتتى. بۈگۈن ئۇ ئاۋۋالقىدەك ئۇدۇللا ئۆز خانىسىغا كىرىپ كەتمەي، سىرتتىكى ئىشخانىدا بىردەم ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇ يەردە ئۆزىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغاندەك

① لوگبادو پاسونى — 18-ئەسىردە تارقالغان بىر تۈرلۈك چاچ شەكلى.

ماكسۋېلنىڭ ئۇستىلىگە دوقۇرۇپمۇ قويدى.
ئۇستەل ئالدىدا ئىشلەيدىغان بۇ ئادەم نيۇ يورك شەھىرىدە ئالدىراش يۈرىدىغان بىر ۋاستىچى بولۇپ، ئۇ گويا بىر ماشىنىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. غىچىلدايدىغان چىشلىق چاق ۋە پۇرژىنىلار ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇراتتى. ماكسۋېل:

— ھە، نېمە ئىش؟ — دەپ قوپاللىق بىلەن سورىدى.

ئۇنىڭ ئۇستىلىگە قالايمىقان دۆۋىلەنگەن خەت-چەكلەر خۇددى سەھنىدىكى يالغان قار دۆۋىسىگە ئوخشايتتى. ئۇ كىشىنى ئەيمەن-دۈرىدىغان ئاشۇ ئۆتكۈر، كۆكۈچ كۆزلىرى بىلەن ئېرەنسىزلا قاراپ قويدى.

— ھېچنېمە؟

ئېزىز خاتىرىلىگۈچى قىز كۈلۈمسىرەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— پىكارت ئەپەندى ماكسۋېل ئەپەندى سىزگە باشقا بىر ئېزىز خاتىرىلىگۈ-چى تەكلىپ قىلىشنى ئېيتقانىمىدى؟ — سورىدى قىز كاتىپتىن.

— شۇنداق، — دېدى پىكارت، — ئۇ ماڭا باشقا بىرىنى تېپىشنى تاپىلىغان. تونۇگۈن چۈشتىن كېيىن تونۇشتۇرۇش ئورنىغا بۈگۈن ئەتىگەن بىرنەچچەيلەننى كۆرۈپ بېقىشقا ئەۋەتىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدىم. ھازىر سائەت توققۇزدىن قىرىق بەش مىنۇت ئۆتتى. سۇناي قالپىقىغا گۈل تاقى-ۋالدىغان ياكى ئاناناس تەملىك سېغىز چايناپ يۈرىدىغانلاردىن شۇ چاغقىچە بىرەرىمۇ كەلمەيدىغۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئورنۇمغا باشقىسى كەلگۈچە ئىشلەپ تۇراي، — قىز شۇنداق دېدى-دە، ئۆزىنىڭ ئۇستىلى ئالدىغا بېرىپ، شاتۇتنىڭ پارقىراق يېشىل زەر پېيى قادالغان بۆكىنى ئېلىپ بۇرۇنقى جايىغا ئېسىپ قويدى.

تىجارەتنى دەپ كۈن بويى پايپاسلاپ يۈرىدىغان نيۇيوركتىكى ۋاستىچىلەرنى كۆرمىگەن ئادەم ئىنسانشۇناس بولالمايدۇ. شائىر «نۇرانە ھاياتنىڭ ئالدىراش پەيتى» نى① مەدھىيىلى-گەن. ۋاستىچىنىڭ كۈنى تولىمۇ ئالدىراشلىقتا ئۆتىدۇ. مىنۇت-سېكۇنت ۋاقتىمۇ خۇددى يۇت تىققۇدەك يەر قالمىغان تىقما-تىقما يولۇچىلار ۋاگونىدەك زىچ.

بۈگۈن خارۋى ماكسۋېلنىڭ تازا ئالدىراش كۈنى، پاي چېكى ئەھۋالىنى ئاپتوماتىك خاتىرىلىگۈچ ئۇرام-ئۇرام قەغەز-لەرنى ئەسەبىيلەرچە قۇسۇپ چىقىرىشقا باشلىدى. تېلېفونمۇ ئۈزلۈكسىز جىرىڭشىغىلى تۇردى. ئادەملەر ئىش بېجىرىش ئورنىغا قىستىلىشىپ كىرىشكە باشلىدى. بەزىلەر رىشاتكىنىڭ سىرتىدىن ئۇنىڭغا ۋارقىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خۇشاللىرىمۇ، كاككىراپ يۈرگەنلىرىمۇ، ھەيۋە قىلىشقانلارمۇ، زەھەرخەندىلەرمۇ بار ئىدى. خەت-چەك توشۇغۇچى بالا توختىماي چېپىپ يۈرەتتى. ئىش بېجىرىش ئورنىدىكى خادىملارمۇ خۇد-دى بوران-چاپقۇندا قالغان پاراخوتتىكى دېڭىزچىلاردەك يۈرۈشەتتى. ھەتتا كۆكلە-

① شائىر — توماس مودانت (1730 — 1809) ئۇنىڭ «ھەسەل ھەرىسى» دېگەن شېئىرىدا «نۇرانە ھاياتنىڭ ئالدىراش پەيتى، تەڭ كېلور ئۇن-تىنسىز ئۆتكەن ئەسىرگە» دېگەن مىسرالار بار.

دىكىنى بىلىپ بولمايدىغان پىكارتمۇ خاپىغان كۆرۈنەتتى. تەبىئەتنىڭ ئالامەتلىرى كىچىككىنە ئىش ئورنىغا كۆچۈپ كەلگەندەك سودا مەيدانىدا قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى؛ تاغلار غۇلاپ، قارا يامغۇر ياغدى، مۇزلار كۆچۈپ، يانار تاغ پارتلىدى؛ ماكسۋېل ئورۇندۇقنى تام تۈۋىگە ئىتتىرىپ قويۇپ، مەيدىسىنى كېرىپ خۇددى بالېت ئۇسسۇلى ئويناۋاتقاندەك ئالدىراش ئىشلە-ۋاتاتتى. ئۇ پاي چېكى ئەھۋالىنى ئاپتوما-تىك خاتىرىلىگۈچنىڭ يېنىدىن بىر تاقلاپ تېلېفوننى ئالاتتى. ئىش ئۈستىلىدىن يەنە بىر تاقلاپ ئىشىك ئالدىغا باراتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ بىرماھارەتلىك سېھرىگەرگە ئوخشايتتى. دەل مۇشۇ جىددىيچىلىكتە بۇ ۋاستىچى تۇيۇقسىز ئېگىز باتتىكلانغان سېرىق چاچلىق بىرىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ بېشىدا شىر-شىر يىپەك بۆك، ئۈچىسىدا يىلپىز تېرىسىدىن تىكىلگەن چاپان بولۇپ، بوينىغا ياڭاق چوڭلۇقىدا يەرگە تەگكۈدەك قىلىپ مارجان ۋە كۈمۈش مېداليون ئېسىۋالغانىدى. بۇ قىز زىبۇزىننەت-لەر ئىچىدە تولىمۇ تەمكىن كۆرۈنەتتى. پىكارت ئۇنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

— بۇ تېز خاتىرىلىگۈچلەرنى تونۇشتۇ-رۇش ئورنى ئەۋەتكەن خېنىم ئىكەن، تەكلىپنامىنى كۆرۈپ بۇ يەرگە كەپتۇ.

ماكسۋېل يېنىغا ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇنىڭ قولىدا بىرمۇنچە قەغەز ۋە پاي چېكى كەسپىي ئەھۋالىنى چۈشەن-دۈرىدىغان قەغەزلەر بار ئىدى.

— قانداق تەكلىپنامە ئۇ؟ — سورىدى ماكسۋېل قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

— تېز خاتىرىلىگۈچى قوبۇل قىلىش تەكلىپنامىسىچۇ، — دېدى پىكارت، — تونۇگۈن سىز ماڭا، ئۇلارغا تېلېفون بېرىپ بۈگۈن ئەتىگەندە بىرەيلەننى ئەۋەتىشنى تاپىلىغانىدىڭىزغۇ؟

— ئېلىشىپ قاپسەن پىكارت، — دېدى ماكسۋېل، — مەن نېمىشقا ساڭا ئۇنداق تاپىلىغۇدەكمەن. لېسلى خېنىمنىڭ بىر يىلدىن بۇيان بۇ يەردە ئىشلىگەن خىزمىتى كىشىنى مەمنۇن قىلىدۇ. ئۇ بۇ يەردە داۋاملىق ئىشلەشنى خالايدىغانلا بولسا، بۇ ئورۇن مەڭگۈ ئۇنىڭ بولىدۇ. كەچۈرۈڭ خېنىم، بۇ يەردە سىز قىلىدىغان خىزمەت يوق. پىكارت، دەرھال تونۇشتۇ-رۇش ئورنىغا دېگەن گەپنى قايتۇرۇۋېلىڭ. ئۇلار يەنە ئادەم ئەۋەتىپ يۈرمىسۇن.

كەلگەن قىز كۈمۈش مېداليونلىرىنى پارقىرىتىپ، ئىشخانا سەرەمجانلىرىغا ئۆرۈ-لۈپ-سوقۇلۇپ، ئاچچىقلانغان پېتى چىقىپ كەتتى.

قول-قولىغا تەگمەي قالغان پىكارت تېز خاتىرىلىگۈچكە خوجايىنىنىڭ يېقىندىن بۇيان بارغانسېرى بىپەرۋا، ئىشلارنى ئاسان ئۇنتۇپ قالىدىغان بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

كەسپىي ئىشلار بارغانسېرى ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ماكسۋېلنىڭ خېرىدارلىرى كۆپرەك مەبلەغ سالغان پاي چېكىنىڭ بەش-ئالتە خىلى بازاردا ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. ئېلىم-سېتىم ھۆججەتلىرى ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئىلگىدىكى پاي چېكىنىڭ بىرنەچچە خىلىمۇ خەتەرگە دۇچ كەلدى. ئۇ خۇددى مەڭگۈ توختاۋسىز، ئەپچىل ھەم مۇستەھكەم ماشىنىدەك، تولىمۇ كۈچىنىپ، چۈمۈرلىك بىلەن ئىشلەيتتى. سۆز-ھەرىكىتى شۇنچىلىك سالماق بولۇپ، گويا سائەتنىڭ دېتاللىرىدەك توغرا ھەم تېز ئىدى. ئاكسىيە ۋە زايوم، قەرز پۇل

ۋە گۆرۈمال، كاپالەت سوممىسى ۋە كېپىللىك بۇيۇملىرى — بۇ بىر پۇل مۇئامىلە دۇنياسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنسانلار جەمئىيىتى ياكى تەبىئەت دۇنياسى سىغقۇدەك بوشلۇق يوق ئىدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولاي دېگەندە ۋاراڭ-چۇرۇڭ ۋاقتىنچە بېسىقىپ قالدى.

ماكسۋېل تېلېگرامما ۋە باياناتلارنى تۇتقىنىچە ئۈستەل يېنىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا قەلەم قىستۇرۇلغان بولۇپ، بىر تۇتام چېچى پېشانىسىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ دېرىزىسى ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، سۆيۈملۈك باھار قىز كەك زېمىنغا ئىللىق مېھرىنى بەخش ئېتىۋاتاتتى.

دېرىزىدىن مەستخۇش پۇراق ئۇچۇپ كىردى — بۇ بەلكىم ئۇ ئۇنتۇپ كەتكەن پۇراقتۇر — سېرىنگۈلنىڭ خۇش بۇي ھىدى دەقىقە ئىچىدىلا ۋاستىچىنى قىمىرلىيالماس قىلىپ قويدى. چۈنكى، بۇنداق پۇراق لېسلى خېنىمغىلا خاس ئىدى. توغرا، شۇنىڭكى، پەقەتلا شۇنىڭكى. بۇ پۇراق ئۇنىڭ گۈزەل سىيماسىنى ماكسۋېلنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنىدى. پۇل مۇئامىلە دۇنياسى تۇيۇقسىز كىچىكلەپ كىچىك بىر چېكىتكە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ مۇشۇ يەردە — ئارىلىقى يىگىرمە قەدەممۇ كەلمەيدىغان ياندىكى ئۆيدە.

— ئاھ خۇدا، مەن ھازىرلا ئۇنىڭ يېنىغا كىرىمەن، — ماكسۋېل ئۈنىنى تېشىغا چىقىرىۋەتتى، — مەن ھازىرلا بېرىپ ئۇنىڭغا تەلەپ قويىمەن. ھەي، نېمىشقا بالدۇرراق مۇشۇنداق قىلمىغاندىمەن.

ئۇ ئۇسسۇپ كىرىۋالماقچى بولغان سارائگەدەك تېز خاتىرىلىگۈچى قىزنىڭ ئىشخانىسىغا ئۆزىنى ئاتتى.

— لېسلى خېنىم، — دېدى ئۇ جىددىي تەلەپپۇزدا، — مېنىڭ ئازراقلا بوش ۋاقتىم بار. مەن مۇشۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ بىرنەچچە ئېغىز سۆزۈمنى قىلىۋالاي. سىز مېنىڭ ئايالىم بولۇشنى خالامسىز؟ مېنىڭ ئادەتتىكى ئۇسۇللار بىلەن مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلىشقا راستىنلا ۋاقتىم يوق، لېكىن سىزگە ھەقىقەتەن كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى. ماڭا تېزرەك جاۋاب بېرىڭ، ئۇ يەردە بىر توپ ئادەم تىنچ ئوكيان تۆمۈريولىنىڭ پاي چېكىنى سېتىۋالماقچى بولۇپ كۈتۈۋاتىدۇ.

— ۋۇي، نېمە دەۋاتىسىز؟ — دېدى قىز ئۆمچەرەپ، — ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— گېپىمنى چۈشەنمەيۋاتامسىز؟ — دېدى ماكسۋېل ئالدىراپ، — مەن سىزگە توي قىلايلى دەۋاتىمەن. سىزنى سۆيىمەن لېسلى خېنىم. مەن بۇنى خېلى بۇرۇنلا سىزگە ئېيتماقچىدىم. ئىش سەللا بېسىقىۋىدى، يېنىڭىزغا يۈگۈرۈپ كىردىم. ئۇلار تېلېفوندا مېنى چاقىرىۋاتىدۇ. پىكارت، ئۇلار بىر دەم كۈتۈپ تۇرسۇن! قوشۇلامسىز يوق، لېسلى خېنىم؟

تېز خاتىرىلىگۈچىنىڭ ھەرىكەتلىرى قولاشماي قالدى. ئۇ دەسلەپتە بۇنىڭدىن تېڭىرقاپ قالدى. كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى سىرغىپ چىقتى. ئاندىن

(ئاخىرى 121-بەتتە)

## يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 54 يىللىقىنى خاتىرىلەش ھەم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىلدى

### تۆھپىسى ئالاھىدە زور بولغان بەش ئاپتور، 40 مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتلاندى

1996-يىل 21-ماي ئۈرۈمچى ناھىيە داۋان يېزىسىدا يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 54 يىللىقىنى خاتىرىلەش ھەم ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى داغدۇغىلىق ئېچىلدى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دۇەن تۇڭخۇا، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى چېن خۇڭبۇ، بىرلەشمە رەئىسى قەييۇم تۇردى ھەم مۇئاۋىن رەئىسلەردىن ئىمىن ئەھمىدى، چېن بەيجۇڭ، ساغا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئەدەبىيات-سەنئەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جۇڭمىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مەتتىمىن ھوشۇر، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن جاۋگۇاڭمىڭ، زوردۇن سابىر، مەھەممەت شاۋۇدۇن، جۇتاۋ، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، شى خې، فۇسۇڭجى ھەم ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ يۈزدىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

يىغىندا يولداش دۇەن تۇڭخۇا مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ يازغۇچىلارنى «نۇتۇق» روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى پۇختا ئىگىلەپ، دەۋرنىڭ، خەلقنىڭ، پارتىيىمىزنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ بىرىنچى سەپىگە بېرىپ، رېئال تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، بەدىئىي سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى، ئىدىيىۋىلىكى ساغلام، دەۋرگە مۇناسىپ نادىر ئەسەر-

لەرنى ئىجاد قىلىشقا، بۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە تىرىشىپ ھەسسە قوشۇشقا چاقىردى.

يىغىندا يولداش قەييۇم تۇردى، مەتىمىن ھوشۇر قاتارلىق رەھبەرلەر سۆز قىلدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچى-لەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى چېن خۇڭبۇ بىرلەشمە ھەيئەت رىياسەتى بىلەن يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا شەرەپ مۇكاپاتى ۋە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاپتورلارنى مۇكاپاتلاش توغرىسىدىكى قارارنى ئېلان قىلدى. يولداش قەييۇم تۇردى بۇ قېتىمقى مۇنەۋۋەر ئەسەر-لەرنى باھالاش ئەھۋالىدىن قىسقىچە دوكلات بەردى.

يىغىننىڭ ئاخىرىدا ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى، پېشقەدەم يازغۇچىلار سۆز قىلدى. ئارسلان، ئايتقالى، روزى نىيازلار شېئىر دېكلاماتسىيە قىلدى.

يىغىنغا يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋگۇاڭمىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى.

(پەرىدە مالىك خەۋىرى)

# قىسقا خەۋەرلەر

△ مىكرو ھېكايىلەر توپلاملىرى باھالاپ مۇكاپاتلاندى.

يېقىندا جۇڭگو مىكرو ھېكايىلەر ئىلمىي جەمئىيىتى، «چۇنلەن» شىركىتى، «ئەدەبىيات گېزىتى»، «ئەمگەكچىلەر گېزىتى»، «ھېكايە ساھەسى»، «كىچىك ھېكايىلەردىن تاللانمىلار» ۋە «مىكرو ھېكايىلەردىن تاللانمىلار» نىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مىكرو ھېكايىلەر توپلاملىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىپ، 15 توپلام مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، بەش توپلام نامزات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

△ تيەنجىن شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بۇ يىل سەككىز تۈرلۈك ئەمەلىي ئىش قىلىشنى پىلانلىدى.

يېقىندا تيەنجىن شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 3-نۆۋەتلىك ھەيئەت رىياسەتىنىڭ 9-قېتىملىق يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا بۇ يىل سەككىز تۈرلۈك ئەمەلىي ئىش قىلىش قارار قىلىندى. بۇ سەككىز تۈرلۈك ئەمەلىي ئىشنىڭ مۇھىملىرى مۇنۇلار:

1. ئەسىر ھالقىيدىغان چوڭ تىپتىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيەت ئەسەر-لىرىنى كۆرگەزمە قىلىش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇش.

2. لۇشۇن ۋاپاتىنىڭ 60 يىللىقىنى

خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن «لۇشۈننىڭ
مەشھۇر سۆزلىرى ھۆسن خەت كۆرگەزمى-
سى» ۋە «لۇشۈن ئىدىيە بايلىقى»
تېمىسىدا چوڭ تىپتىكى سۆھبەت پائالىيەتلىرى-
نى ئۇيۇشتۇرۇش.

3. 1996-يىلى داۋاملىق تۆۋەنگە
چۈشۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش.
ھەرخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق تۇرمۇشقا
چوڭقۇر چۆكۈش.

4. مەدەنىيەت ئەزەربىيسىنى گۈللەن-
دۈرۈش، «سەنئەت بازىرى ۋە بەدىئىي
ئىزدىنىش» مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىنى
قانات يايدۇرۇش.

5. «ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈ-
رۈش فوندى» قۇرۇش.

6. 4-نۆۋەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەت
يېڭى چولپانلىرىنى باھالاش.

△ جۇڭگو تيەن خەن فوندى بېيجىڭدا
قۇرۇلدى.

يېقىندا جۇڭگو تيەن خەن فوندى
بېيجىڭدا قۇرۇلدى. بۇ فوند دۆلىتىمىزنىڭ
دۆلەت شېئىرىنى يازغان داڭلىق ئەدەبىيات-
چى تيەن خەن ئەپەندىنى خاتىرىلەش
يۈزىسىدىن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىلغار
مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان
ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئاساسىي
مەقسەت قىلغان باجىن، ساۋيۈي، شيايەن،
بىڭ شىن قاتارلىق 15 نەپەر پېشقەدەم
ئۇستازنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان.
سۇڭ رېنچۇڭ بۇ جەمئىيەتنىڭ پەخرىي
ھەيئەت رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. بۇ
جەمئىيەت تيەن خەن ئەپەندىنىڭ
ئۇلتۇرغان ئۆيلىرىنى رېمونت قىلىش، مىس
ھەيكىلىنى ياساش، قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى
رەتلەش، قول يازمىلىرىنى رەتلەش، تيەن
خەن ئەپەندىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان
جۇڭگو ۋە چەت ئەل گېزىت-ژۇرناللىرىنى
توپلاش خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدۇ.

△ ئوتتۇرا ياش، ياش يازغۇچىلار
ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ رومان
ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىلھام
بېرىش ئۈچۈن، جىنەن نەشرىياتى يېقىندا
ياش، ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلارنىڭ تۇنجى
رومانىنى نەشر قىلىش فوندى قۇردى.
بۇ فوند 45 ياشتىن تۆۋەن ياش، ئوتتۇرا
ياش يازغۇچىلار ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى-
نىڭ تۇنجى رومانىنى نەشر قىلىشنى
ئۈستىگە ئالىدۇ.


△ خېبېي ئۆسمۈرلەر ئۇيۇشمىسى
چوڭلار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرىغا شەرت-شا-
رائىت يارىتىپ بېرىپ، تېخىمۇ كۆپ يازغۇچىلار-
نى بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بىلەن
شۇغۇللىنىشقا جەلپ قىلدى. چوڭلار ئەدە-
بىياتى يازغۇچىلار يازغان «ئەيشىن»
ناملىق بالىلار ئەدەبىياتىغا ئائىت بىر يۈرۈش
كىتاب جىددىي تەھرىرلىنەمەكتە. بۇ يىل
مۇشۇنداق كىتابتىن 8 — 10 غىچە
چىقىرىلىدۇ.


△ ئىچكى موڭغۇل ئەدەبىياتچىلار،
كارخانىچىلارنىڭ «ئالغا سۇرگۈچىلەر
جەمئىيىتى» يېقىندا كۆكخوتتا
قۇرۇلدى.

△ جوڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، داڭلىق يازغۇچى ۋاڭ مىڭ 19-مارت بېيجىڭدا ئەيۋىن يازغۇچىلار ئەدەبىيات شۆيۈەنى ئۇيۇشتۇرغان ئەيۋىن ئەدەبىيات مۇكاپاتى بىلەن مۇكاپاتلاندى.

△ كولۇمبىيە يازغۇچىسى گارسىيە ماركوس شۋېتسارىيە «ھەپتىلىك گېزىتى»-دە «دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ يازغۇچى» دەپ باھالاندى. بۇ گېزىتخانا جەنۋەدىكى خەلقئارا كىتاب-ژۇرناللار تارقىتىلىدىغان ئورۇن. بۇ گېزىت ھەرقايسى ئەللەردىكى 18 نەپەر باھالىغۇچىدىن 10 چوڭ يازغۇچىنى باھالاپ چىقىشنى تەلەپ قىلغانىدى. باھالاش نەتىجىسىدە گارسىيە ماركوس ئەڭ كۆپ ئاۋازغا ئېرىشتى. شۋېتسارىيە «ھەپتىلىك گېزىتى» 1982-يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن گارسىيە ماركوسنى «سېھرىي رېئالىزمنىڭ پېشۋاسى» دېگەن ۋە ئۇنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق» دېگەن رومانىنى ماختىغانىدى. بۇ رومان 1967-يىلى نەشر قىلغاندىن كېيىن ناھايىتى زور ئالقىشقا ئېرىشىپ، تىراژى 20 مىليونغا يەتكەن.

**خاسىيەت ئەمەت تەييارلىغان.**






《塔里木》文学月刊（维吾尔文） TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
排　　版：《博格达》电子排版中心
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅，零售：各地邮局所

1996-يىل 7-سان (425-سان). 46-يىل نەشرى.
تۈزگۈچى: «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 4516214
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. «بوغدا» ئېلېكترونلۇق
مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际标准刊号：　ISSN 1002—9044
国内统一刊号：　CN 65—1010/I
国外代号：M 4461
邮发代号：58—66　定价　4.00元

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M 4461
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66-58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى 4.00 يۈەن

邮政编码：830000 :پوچتا نومۇرى

广告许可证：新工商广字 00528139 号